مەملىكەت بويىچە 100 نوقتىلىق ژۇرنال  مەملىكەتلىك مەرغۇل ژۇرناللار سېپىگە كىرگەن ژۇرنال  شىنجاڭ بويىچە ئىجتىمائىي پەن تۈردىكى مۇنەۋۋەر ژۇرنال

MIRAS (HERITAGE) OF UYGHUR FOLK CULTURE



# مىراس

# 美拉斯

4
2014
ISSN 1004-3829
08>
9 771004 382027



شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پروفېسسورى، ئەدەبىيات ئىنستىتۇتىنىڭ سېكرېتارى، ئاسپىرانتلار يېتەكچىسى ئابدۇبەسىر شۈكۈرى 1964-يىل 7-ئاينىڭ 18-كۈنى تۇرپان دىيارىنىڭ پىچان ناھىيەسى پىچان يېزىسىنىڭ كىچىك كەنتىدە تۇغۇلغان. 1987-يىلى مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئاز سانلىق مىللەتلەر تىل-ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنى پۈتتۈرۈپ، 1991-يىلغىچە ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە مەكتەپتە ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان. 1991-يىلى 5-ئايدا شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى ئەدەبىيات فاكۇلتېتىغا يۆتكىلىپ كەلگەن. ئۇ ھازىرغىچە مەملىكەت ئىچى-سىرتىدىكى ئىلمىي ژۇرناللاردا «ئۇيغۇر خەلق داستانى ‹ئاق ئۇلۇمبەردىخان› ۋە شامان دىنى»، «تۇتېمنىڭ مەنىۋى ئاساسى ھەققىدە»، «ئوغۇزنامە» ۋە «ماناس»، «يېڭى پلاتونىزم ۋە مىستىتىزم»، «شەرق ئەدەبىي ئويغىنىش دەۋرىنىڭ مەشھۇر تەسەۋۋۇپ شائىرى قۇل خوجا ئەھمەد يەسسەۋى ۋە ئۇنىڭ پەلسەپىۋى قاراشلىرى»، «كۆزگۈ»نىڭ شامانىزمدىكى مەدەنىيەت مەنىسى» قاتارلىق بەلگىلىك ئىلمىي قىممەتكە ئىگە 50 پارچىغا يېقىن ئىلمىي ماقالىسىنى ئېلان قىلدۇردى. ئۇنىڭ «قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئات مەدەنىيىتى ھەققىدە دەسلەپكى ئىزدىنىش» ناملىق ماقالىسى 1995-يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە ئىجتىمائىي پەن تەتقىقاتى نەتىجىلىرىنى باھالاشتا «نادىر تەتقىقات مۇكاپاتى»غا ئېرىشتى. ئۇ ئۇيغۇر چاغداش ئەدەبىياتى تەنقىدچىلىكى بىلەنمۇ شۇغۇللىنىپ «قۇياش ۋە چۆچەك»، «ئوۋ تاماشاسىدىن تۇغۇلغان ئوي»، «سىرلىق ۋە مۇرەككەپ ئىنسانىي ھېسسىياتنىڭ يارقىن ئوبرازى»، «غورا خىياللار»، «پىنھان قەلب سىزغان سۈرەتلەر»، «پاكىز سەھرانىڭ بىغۇبار ناخشىسى»، «ئابدۇخالىق ئۇيغۇر شېئىرلىرىنىڭ پەلسەپىۋى ئىدىيەسى ۋە بەدىئىي ئالاھىدىلىكلىرى»، «ئەدىبىياتىمىز ھەققىدە ئويلىغانلىرىم» قاتارلىق 30 پارچىغا يېقىن ئەدەبىي ئوبزور ئېلان قىلدى. ئۇنىڭ «غورا خىياللار» ناملىق ماقالىسى 1994-يىللىق «خانتەڭرى ئەدەبىيات مۇكاپاتى»غا ئېرىشتى.

ئابدۇبەسىر شۈكۈرىنىڭ ھازىرغىچە ھەرقايسى نەشرىياتلاردا «مەدەنىيەت كارۋانلىرى» (يارمۇھەممەد تاھىر تۇغلۇق بىلەن بىللە)، «‹پالنامە› ۋە قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ دۇنيا قاراشلىرى» (سۇلايمان ھېلىمنىياز بىلەن بىللە)، «يىپەك يولىدا ئۇيغۇرلار» (دىلمۇرات ئۆمەر بىلەن بىللە، خەنزۇچە)، «نۇتۇق ۋە نۇتۇقشۇناسلىق» (شىنجاڭدىكى ئالىي مەكتەپلەرنىڭ دەرسلىكى)، شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ مۇنەۋۋەر تەتقىقات نەتىجە مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن «ئەدەبىياتىمىز نېمە دەيدۇ» قاتارلىق ئىلمىي كىتابلىرى نەشر قىلىندى. بۇنىڭدىن باشقا يەنە ئابدۇبەسىر شۈكۈرى ئۇيغۇر ئەدەبىيات ۋە ئۇيغۇرشۇناسلىققا مۇناسىۋەتلىك «ساداقەت زېمىنىدا ساقلىنىدۇ» (باشقىلار بىلەن بىرلىكتە)، «ئورخۇن ئابىدىلىرى» (ئەركىن ئارىز بىلەن بىللە)، «تۈركىي تىللار»، «تۈرك-رۇنىك يېزىقىدىكى ئابىدىلەر» قاتارلىق ئىلمىي كىتابلارنى تەرجىمە قىلدى ۋە نەشر قىلدۇردى. بۇنىڭدىن باشقا ئۇ ئۇيغۇر تولۇق ۋە تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپلەرنىڭ بىر قاتار تىل-ئەدەبىيات دەرسلىكلىرىنىڭ باش تۈزگۈچىسى بولدى. ئۇ يەنە «جۇڭگودىكى تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ شامان دىنى تەتقىقاتى» (خەنزۇچە نەشر قىلىندى)، «شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ بۈگۈنكى دەۋر ئەدەبىيات تارىخى» (تۆت توم، خەنزۇچە نەشر قىلىندى)، «ئۇيغۇر ئەدەبىيات نەزەرىيەسى تەتقىقاتى»، «جۇڭگودىكى خەلق ئىشەنچلىرى تەتقىقاتى، غەربىي شىمال قىسمى» (خەنزۇچە نەشر قىلىندى)، «چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى»، «شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ رومانچىلىقى ۋە پىروزا ئەسەرلىرى تەتقىقاتى» قاتارلىق ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك ۋە مەملىكەت دەرىجىلىك تەتقىقات تېمىلىرىغا ئاساسلىق قەلەم تەۋرەتتى ھەم يېتەكچىلىك قىلدى.

ئابدۇبەسىر شۈكۈرى يۇقىرىقى تەسھىللىرىگە كۆرە ياپونىيە، تۈركىيە، ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرى، ئىران قاتارلىق ئەللەردە ئېچىلغان «تۈركولوگىيە تەتقىقاتى»، «تۈركولوگىيە ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى»، «ئالىي مەكتەپلەرھەمكارلىق ئورنىتىش يىغىنى» قاتارلىق مۇنبەرلەرگە قاتناشتى ۋە ماقالە ئوقۇدى. «ئۇيغۇرشۇناسلىق بويىچە تەكلىپلىك تەتقىقاتچى»لىققا ئېرىشتى.

ئابدۇبەسىر شۈكۈرى ھازىر خەلقئارا ئالتايشۇناسلىق ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، تۇرپانشۇناسلىق ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، شىنجاڭ ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، جۇڭگو ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە ئون ئىككى مۇقام ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ ھەيئەت ئەزاسى.

# مىراس

قوش ئايلىق ژۇرنال 2014 ـ يىل 4 ـ سان

(ئومۇمىي 144 ـ سان)

## دەۋر ۋە ئەنئەنە

شىنجاڭ بارا ـ بارا ئۇيغۇرشۇناسلىق تەتقىقاتىنىڭ مەركىزىگە ئايلىنىدۇ - - -
........................ ئىمىن تاجى تۇرگۇن تەرجىمىسى (1)
ـــ مۇخبىرنىڭ ئەدەبىياتشۇناس ئازات سۇلتان بىلەن ئۆتكۈزگەن سۆھبىتى
مەرىپەت ۋە ئىنسانىي قىممەت ..................... ئابدۇبەسىر شۈكۈرى (4)

## ئالىم بولساڭ ئالەم سېنىڭكى

«دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»تىكى ياغاچچىلىق ۋە تۇگمەنچىلىك ............
........................ مامۇت قۇربان (9)

## ئادەت قېرىماس

پەرھىزلەرنىڭ باللار تەربىيەسىدىكى رولى توغرىسىدا ............
........................ ھەزرەتئەلى ئابدۇكېرىم (14)
كوسراپ خەلقىنىڭ ئۆجمە دەرىخىنى ئۇستۇرۇش ۋە ئۇنى ئۇلۇغلاش ئادىتى
........................ نۇرئەلى ئەلەم (21)
ئىپوس ۋە داستانلاردىكى چىپار ئات ئوبرازى ... مۇھەررەم مىرئابدۇللا (26)
پوتا باغلاش ئادىتى ............ ئەكرەمجان مەترۇسۇل ئۇمىدى (69)
لوپ نامى ۋە ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكى ............ ئادىل ھاشىم (71)

## كەچمىش كەچۈرمىشلەر

ئەندىجانغا زىيارەت ............ تەلئەت ناسىرى (29)



نەشرىيات باشلىقى، باش مۇھەررىر:
**ئازاد سۇلتان** (پىروفېسسور، دوكتور يېتەكچىسى)
مۇئاۋىن نەشرىيات باشلىقى، مۇئاۋىن باش مۇھەررىر:
**مۇختار مۇھەممەد**
(قانۇنىي ۋەكىل، ئالىي مۇھەررىر)
جاۋابكار مۇھەررىر: **نۇرنىسا باقى**
(كاندىدات ئالىي مۇھەررىر)
مۇھەررىرلەر: **نۇرنىسا باقى**
**خۇرسەنئاي مەتىمىن**
**ئەزىزەم تۇيغۇن**

**باشقۇرغۇچى:** شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى
**نەشر قىلغۇچى:** «مىراس» ژۇرنىلى نەشرىياتى
ئۈرۈمچى شەھىرى دوستلۇق جەنۇبىي يولى 716 ـ نومۇر، 14 ـ قەۋەت
Tel: (0991) 4554017
«شىنجاڭ گېزىتى» ئىدارىسى باسما ئىشلىرى مەركىزىدە بېسىلدى
ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلدۇ
جايلاردىكى پوچتا ئىدارىلىرى مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ
مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن نومۇرى:
CN65 _ 1130 / I
خەلقئارالىق نومۇرى:
ISSN1004 _ 3829
پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 60 ـ 58
پوچتا نومۇرى: 830001
E_mail: mirasuyghur@126.com
چەت ئەلگە تارقىتىش ۋاكالەت نومۇرى: 1130BM
ئېلان ئىجازەت نومۇرى: 6500006000040
باھاسى 6.00 يۈەن
جۈپ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى نەشر قىلىنىدۇ

# مەدەنىيەت مىراسلىرىمىزنى قوغداپ، مەنىۋىيىتىمىزنى ساپلاشتۇرايلى!


## ئايدىڭ كېچىلەر

ئاق تىكەن ئايدەك تىكەن، ئايدىن گۈزەل يار ئىكەن ………… (37)

## سۈزۈك بۇلاق

«كىتابى ئەبدۇللاھ» ۋە ئۇيغۇر فولكلورى ……………………
…………… تۇرسۇن ساۋۇت ئۇدمىش، ئاسىيەم ئىمىن (40)

## بۇرۇننىڭ بۇرۇنىسىدا

چىن تۆمۈر باتۇرنىڭ قىسسىسى …… مۇختار مۇھەممەد تەييارلىغان (61)

## ھەر گۈلنىڭ پۇرىقى باشقا

خاتۇشا (خېتىم شەھىرى) …………… مېھرىگۈل قادىر تەرجىمىسى (66)

## ئاداش - ئاداش بولايلى

يېڭىلىق تۇتۇش ……………………… مۇھەممەد توختى (78)


**بۇ يىل «مىراس» ژۇرنىلى نەشر قىلىنغانلىقىغا 31 يىل بولدى. بۇ مۇبارەك ژۇرنال ئۆزىنىڭ 31 يىللىق شانلىق تارىخىدا 144 سان نەشر قىلىندى، «مىراس» ژۇرنىلىنىڭ ھەر بىر سانى، ھەر بىر پارچىسى مىللىي مەدەنىيىتىمىزنىڭ شانلىق تارىخىدىن، ئەنئەنىلىرىمىزدىن، ئېسىل ئۆرپ-ئادەتلىرىمىزدىن دەۋرىمىزگە مول ۋە قىممەتلىك ئۇچۇرلارنى تەقدىم قىلدى. «مىراس» ژۇرنىلى مىللىي مەدەنىيىتىمىزنىڭ شانلىق نامايەندىلىرىدىن تۈزۈلگەن گۈزەل مەنىۋى گۈلىستان!**

**بىز ژۇرنىلىمىز نەشر قىلىنغانلىقىنىڭ 31 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن ژۇرنىلىمىزنى سۆيۈپ ئوقۇپ كېلىۋاتقان ئوقۇرمەنلىرىمىزگە ئالىي ئېھتىرام بىلدۈرىمىز!**

**ژۇرنىلىمىزنى ئېسىل ئەمگەك نەتىجىلىرى بىلەن تەمىنلەپ كېلىۋاتقان ئاپتورلىرىمىزغا چىن قەلبىمىزدىن تەشەككۈر ئېيتىمىز!**


مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى: نەۋبەت
تەكلىپلىك كوررېكتور: مۇنىرە مۆمىن
كومپيۇتېر مەشغۇلاتىدا: ئەنۋەر تىلىۋالدى، مەريەمگۈل ئىدرىس
مۇقاۋىنىڭ 1-بېتىدە: «ئىزھار» مىنياتۇرا رەسىم نەۋبەت سىزغان
مۇقاۋىنىڭ 4-بېتىدە: بازاردىكى خىيال مەمەت سىزغان
ئىچ بەت سۈرەتلەرنى ئىليار ئابلىمىت، ئېلجان ئىسمائىل تەمىنلىگەن

Chief editor: Azad Sultan
Deputy chief editor: Muhtar Muhammed
Responsible editor: Nurnisa Baki


# 保护文化遗产
# 捍卫精神家园


社长，总编：
**阿扎提·苏里坦**
教授，博导
副社长，副总编：
**木合塔尔·买买提**
(编审，法人代表)
**本期责任编辑：**
**努尔尼沙·巴克** (副编审)
编辑：
**努尔尼沙·巴克**
**胡尔仙阿依·买买提明**
**艾孜再木·吐依洪**

主管：新疆维吾尔自治区文学艺术界联合会
出版：《美拉斯》杂志社(乌市友好南路 716 号文联 14 层)
电话：(0991)4554017
印刷：新疆日报社印务中心
发行：乌鲁木齐邮局
订阅：全国各地邮局
国内统一刊号：CN65—1130/I 国外统一刊号：ISSN1004—3829 邮政代号：**58—60**
**E_mail:** mirasuyghur@126.com
海外发行代号：1130BM
广告许可证号：6500006000040
邮编：830001
定价：6.00 元

Responsible Commission: Xinjiang Uyghur Autonomous Regional Federation of Literary and Art Circles
Editor: "Miras" (Heritages) editorial department
716 # 14 floor southern frendship road Urumqi Xinjiang China
Printer: xinjiang newspaper press center
Distributioner : Urumqi post officePost offices of the whole country
Print number at home: CN65 _ 1130/I
Print number abroad: ISSN1004 _ 3829
PostCode : 58 _ 60
International Standart Book Number: 1130BM
Post Number: 830001
Tel: (0991 4554017
Price: 6¥



# شىنجاڭ بارا-بارا ئۇيغۇرشۇناسلىق تەتقىقاتىنىڭ مەركىزىگە ئايلىنىدۇ

— مۇخبىرىنىڭ ئەدەبىياتشۇناس ئازات سۇلتان بىلەن ئۆتكۈزگەن سۆھبىتى

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ رەئىسى، جۇڭگو ئۇيغۇر تارىخ-ئەدەبىيات تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ئازات رەھمىتۇللا سۇلتان گېزىتىمىز مۇخبىرىنىڭ زىيارىتىنى قوبۇل قىلغاندا ئۇيغۇرلار ئاساسلىقى شىنجاڭدا ئولتۇراقلاشقان بولۇپ، ئۇزاق تارىخىي مەدەنىيەت ياراتقان بىر مىللەت، بىزنى پەخىرلەندۈرىدىغىنى جۇڭگو شىنجاڭنىڭ بارا-بارا خەلقئارا ئۇيغۇرشۇناسلىقنىڭ مەركىزىگە ئايلىنىۋاتقانلىقىدۇر دېدى.

ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيىتى مول، رەڭگارەڭ مەملىكىتىمىزدە ئۇيغۇرلار ئاساسلىقى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ئۈرۈمچى شەھىرى، تۇرپان ۋىلايىتى، قەشقەر شەھىرى، خوتەن شەھىرى، ئاقسۇ ۋىلايىتى ھەمدە ئىلى ۋىلايىتى قاتارلىق جايلاردا ئولتۇراقلاشقان. «ئۇيغۇرلار» دېگەن بۇ نام ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆزىنى ئۆزى ئاتىشى بولۇپ، «ئىتتىپاقلىشىش، بىرلىشىش، ھەمكارلىشىش» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ. ئوخشىمىغان تارىخىي دەۋرلەردىكى خەنزۇچە ۋەسىقىلەردە «回纥»، «回鹘»

(قەدىمكى خەنز تىلىدا يۇقىرىقى سۆزلەر ئۇيغۇر دەپ ئوقۇلىدۇ، «خۇيخې» ياكى «خۇيگۇ» دەپ ھازىرقى زامان خەنزۇ تىلىدىكىدەك ئوقۇلمايدۇ، خەنزۇچە تارىخىي ۋەسىقىلەردە ئۇيغۇرلارنىڭ نامى مەسلىسى «ئۇيغۇر»نىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى سۈپىتىدە يېزىلىپ بىر دەكلىكنى ساقلاپ كەلگەن — تەرجىماندىن ئىزاھات) دېگەندەك خەتلەر بىلەن تەرجىمە قىلىنىپ يېزىلغان. 1935 ـ يىلى (维吾尔) دېگەن خەنزۇچە خەت ئۇيغۇرلارنىڭ ئورتاق نامى قىلىپ بېكىتىلگەن بولۇپ، بۇ نام ھازىرغىچە قوللىنىلىپ كەلمەكتە.

ئازات سۇلتان مۇخبىرغا: «ئۇيغۇر تىلى ئالتاي تىللىرى سىستېمىسىنىڭ تۈركىي تىللار ئائىلىسىگە كىرىدۇ، ئۇيغۇرلار يېزىق ئىشلىتىشتە ئۇزاق تارىخقا ئىگە. ئوخشىمىغان تارىخىي دەۋرلەردە ئوخشىمىغان يېزىق سىستېمىلىرى بىلەن تىلنى خاتىرىلەپ كەلگەن، بۇ تىل قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى، چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى، يېقىنقى ۋە ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى دېگەن ئۈچ تارىخىي باسقۇچنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان بولۇپ، بۇلار ئارقىلىق كۆپلىگەن تارىخىي ۋەسىقىلەر، يازمىلار ۋە ئەدەبىي ئەسەرلەر يېزىلغان، پارلاق مەدەنىيەت يارىتىلغان» دېدى.

ئۈرۈمچىدە زىيارەتتە بولۇۋاتقاندا، مۇخبىرنى ئۇيغۇرلارنىڭ مول، رەڭدار مەدەنىيىتى كۈچلۈك مەھلىيا قىلىپلا قالماستىن، ئۈرۈمچىدىكى كۈنسېرى ئۆزگىرىشلەر تېخىمۇ ھەيران قالدۇردى... مۇخبىر BRT غا ئولتۇرۇپ ئۈرۈمچى شەھىرىنى ئايلاندى. BRT 2011 ـ يىلى 8 ـ ئايدا ئىشقا كىرىشتۈرۈلگەن بولۇپ، ھازىرغىچە BRT نىڭ 1 ـ، 2 ـ، 3 ـ، 5 ـ لىنىيەلىرى مېڭىۋاتىدۇ، ئۇ قولاي ھەم تېز بولغاچقا، ئۈرۈمچى شەھىرى خەلقىنىڭ تۇنجى تاللىشىغا ئايلانغان.

ئۈرۈمچى قويۇق غەربىي يۇرت تۈسىگە ئىگە زامانىۋىلاشقان چوڭ شەھەر. كوچىدا ماڭغىنىڭىزدا ئالدى بىلەن بۇ يەردىكى تۈرلۈك چىرايلار دىققىتىڭىزنى تارتىدۇ. بۇنى بەزىلىرى قاڭشارلىق، كۆزى چوڭقۇر، كۆز چاناقلىرى يوغان، كىيىم ـ كېچەكلىرى يارىشىملىق، بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇر قىز ئاياللىرى كىيىۋالغان يارىشىملىق كىيىم ـ كېچەكلەر ئادەمنىڭ دىققىتىنى بەك تارتىدۇ.

شىنجاڭدىكى خەلقئارالىق چوڭ بازارغا كىرگىنىڭىزدە ئۇ يەرنىڭ ئادەملەر توپى بىلەن تولغانلىقىنى كۆرىسىز، چوڭ بازارنىڭ «دۇنيادىكى كۆلىمى ئەڭ زور بازار» دېگەن نامى بار بولۇپ، قويۇق غەربىي يۇرت مەدەنىيەت تۈسى بىلەن تولغان. بۇ يەردە تاۋارلارنىڭ ئەڭ ئېسىلى كۆزگە چېلىقىدۇ، نېمە دېسە شۇ تېپىلىدۇ. شىنجاڭنىڭ قايسى جايلىرىدىن كەلتۈرۈلگەن نەپىس ھۈنەر بۇيۇملىرى ھەم ئوتتۇرا ئاسىيادىن كەلتۈرۈلگەن تۈرلۈك تاۋارلار، قىممەت باھالىق زىبۇ ـ زىننەتلەر ۋە ھەر خىل گۆھەرلەر، مەرۋايىت دېگەندەكمۇ بار. كەچتە ئۈرۈمچى تېخىمۇ قىزىپ كېتىدۇ، دوستلار بىلەن بازار ئايلانغاندا، ئۆزى چىرايلىق، باھاسى ئەرزان ماللارنى تاللاپ سېتىۋالغىلى بولىدۇ، نان، كاۋاپ، پولۇ، لەڭمەن، سامسا قاتارلىق مىللىيچە تائاملارنى يېيىش شۇ يەردىكى كىشىلەر ۋە سىرتتىن كەلگەن ساياھەتچىلەرنىڭ ئۇزاق كېچىلەرنى ئۆتكۈزۈشىنىڭ ياخشى شەكلى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ئۇيغۇرشۇناسلىق تەتقىقاتىنىڭ كۈچىيىشى، شىنجاڭ ئىلىم ساھەسىنىڭ دۇنياغا يۈزلەنگەنلىكى، شۇنداقلا ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتكە ئىجادىي ۋارىسلىق قىلغانلىقىنىڭ ئالامىتىدۇر.

ئەدەبىياتشۇناس ئازات سۇلتان بىلەن سۆھبەتلىشىش ئارقىلىق مۇخبىر شىنجاڭدىكى ئالىملارنىڭ تەتقىقات نەتىجىلىرىنىڭ ئۈرۈمچىنى مەركەز قىلغان شىنجاڭ ئىلىم ساھەسى ھازىر بارا ـ بارا خەلقئاراۋى شۆھرەتنى قولغا كەلتۈرۈپ، خەلقئارا ئىلىم ساھەسىدە خېلى يۇقىرى ئورۇننى ئىگىلىگەنلىكىنى ھەمدە شىنجاڭنىڭ خەلقئارا ئۇيغۇرشۇناسلىق تەتقىقاتىنىڭ مۇھىم مەركەزلىرىدىن بىرىگە ئايلانغانلىقىنى، بۇلارنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخ مەدەنىيىتى ھەققىدىكى تونۇشىمىزنى چوڭقۇرلاشتۇرغانلىقىغا دىققەت قىلدى.

ئۇيغۇرشۇناسلىقنىڭ ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان مەزمۇنى ئىنتايىن كۆپ، خەلقئاراغا داڭلىق تۈركولوگ، مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پروفېسسورى گېڭ شىمىننىڭ تەبىرىگە قارىغاندا، ئۇيغۇرشۇناسلىق قەدىمكى ۋە ھازىرقى ئۇيغۇرلارنىڭ تىل ـ يېزىقلىرى ھەمدە كۆپ خىل ئىلىم ئۇسۇللىرى ئارقىلىق ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخ مەدەنىيىتى ھەققىدىكى ئۇنىۋېرسال تەتقىقاتنى كۆرسىتىدۇ.

نۆۋەتتە ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىي مەدەنىيەت تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئالىملار ئاساسلىقى شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسى، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى، شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى، قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى، شىخەنزە ئۇنىۋېرسىتېتى، تارىم ئۇنىۋېرسىتېتى ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى قاتارلىق ئىلمىي ئورگانلاردا ئىشلەيدۇ. مۇخبىر 2009 ـ، 2011 ـ يىللىق «دۆلەتلىك ئىجتىمائىي پەنلەر فوندىنىڭ غەربىي رايون تۈرىدىكى تەستىقلانغان تەتقىقات تېمىلىرىنىڭ تىزىملىكى» دىن ئۇيغۇرلارنىڭ

تارىخ مەدەنىيىتىگە دائىر چوڭ تەتقىقات تۈرلىرىنىڭ يىلسىرى ئالدىنقى قاتاردا تۇرۇۋاتقانلىقىنى ھەمدە سانىنىڭمۇ يىلسىرى كۆپىيىۋاتقانلىقىنى بايقىدى، بۇ تەتقىقات تۈرلىرىنىڭ مەسئۇللىرى ئاساسلىقى ئۈرۈمچىدە ئىكەن.

ھازىر دۆلەتلىك، ئۆلكە دەرىجىلىك ئىجتىمائىي پەن فوندىلىرىنىڭ قوللاش نىسبەتلىرى ئۈزلۈكسىز زورايماقتا. جەمئىيەتنىڭ ئىلىم كەيپىياتى بارغانسىرى ياخشىلىنىۋاتىدۇ، بۇلار شىنجاڭ ئىلىم ساھەسىنىڭ گۈللىنىشىگە تۈرتكىلىك رول ئوينىماقتا. زىيارەت داۋامىدا شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى ئەدەبىيات ئىنستىتۇتىنىڭ پىروفېسسورى ئابدۇسەبىر ئابلىمىت ئۆزى تۈر قىلىپ ئالغان دۆلەت ئىجتىمائىي پەنلەر فوندىنىڭ غەربىي رايون تۈرىدىكى «ئۇيغۇرلارنىڭ ئات مەدەنىيىتى» ناملىق تەتقىقات تۈرى ھەققىدە توختىلىپ: «ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرى يايلاقتىكى كۆچمەن مىللەتلەر بولۇپ، ياۋرو - ئاسىيا چوڭ قۇرۇقلۇقىدا پارلاق تارىخ ياراتقان، ئات مەدەنىيىتى ئۇيغۇر مەدەنىيىتىدە مۇھىم تەسىرگە ئىگە» دېدى، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پىروفېسسورى راھىلە داۋۇت دۆلەتنىڭ چوڭ تەتقىقات تۈرى «شىنجاڭنىڭ يەرلىك بىلىملىرى ھەققىدىكى خاس تەتقىقات»نى قولغا ئېلىپ ئىشلەۋاتىدۇ. بۇنداق چوڭ تەتقىقات تۈرىنىڭ شىنجاڭ مىللەتلىرى فولكلورىغا قارىتىلىش دۆلەتنىڭ شىنجاڭدىكى مىللەتلىرىنىڭ مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىۋاتقانلىقىنىڭ دەلىلىدۇر.

ئۇنىڭدىن باشقا، مىللەتلەر مەدەنىيىتى، ئەدەبىيات تەتقىقاتلىرى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسى مىللەتلەر ئەدەبىياتى تەتقىقات ئورنىنىڭ باشلىقى ھەبىبۇللا ئابدۇسالام يېقىنقى يىللاردا دۆلەتلىك ئىجتىمائىي پەنلەر فوندىنىڭ ياردىمىگە ئېرىشكەن تۈر «شىنجاڭ مەكىت ناھىيەسىنىڭ غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مەنبەلىرىنىڭ قوغدىلىشى ۋە ئېچىش مەسىلىسى ھەققىدە تەكشۈرۈش دوكلاتى» دېگەن تۈرگە رىياسەتچىلىك قىلغان، دۆلەتلىك ئىجتىمائىي پەنلەرنىڭ ياردىمىگە ئېرىشكەن ئالاھىدە تارماق تۈر «شىنجاڭ ئۇيغۇر دولان مەدەنىيىتى تەتقىقاتى»نى ئىشلەشنى ئۈستىگە ئالغان ھەمدە دۆلەت ئىجتىمائىي پەنلەر فوندىنىڭ ياردىمىگە ئېرىشكەن تۈر «ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونىدىكى يېڭى يېزا قۇرۇلۇشىدا ئۇيغۇر يېزا مەدەنىيىتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ھەققىدە تەتقىقات — شىنجاڭ قەشقەر مىسال قىلىنغان» قاتارلىق تۈرلەرگە قاتناشقان.

شىنجاڭدىكى ئۇيغۇرشۇناسلىق تەتقىقاتىنىڭ تەرەققىياتى ھەققىدە توختالغاندا 15 - ئەسىردە ياشىغان شائىر نەۋائىينىڭ ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە ئەدىيە تارىخىدىكى مەشھۇر شەخس ئىكەنلىكىنى تىلغا ئالماي تۇرالمايمىز. ئەدەبىياتشۇناس ئازات سۇلتان مۇخبىرغا: « 2011 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا ئۈرۈمچىدە نەۋائىي تۇغۇلغانلىقىنىڭ 570 يىللىقىنى خاتىرىلەش خەلقئارالىق ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى. تۇنجى قېتىم جۇڭگو ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە مۇقام ئىلمىي جەمئىيىتى رەتلەپ نەشر قىلدۇرغان 30 توملۇق نەۋائىي ئەسەرلىرى»نىڭ ئىچىدىكى «خەمسە» جامائەت بىلەن يۈز كۆرۈشتۈرۈلدى. بۇ شېئىرلار توپلىمى شىنجاڭ ئىلىم ساھەسىدە قول يازما قاتارلىق ۋەسىقىلەرگە ئاساسەن ئىنچىكە سېلىشتۇرۇلۇپ ئىشلەنگەن بولۇپ، نەشر قىلىنغاندىن كېيىن نۆۋەتتە دۇنيادا ئەڭ ئىلمىي تۈزۈلۈپ نەشر قىلىنغان نەۋائىي ئەسەرلىرى نەشرى بولۇپ قالدى ھەمدە بۇ يىغىنغا قاتناشقان چەت ئەل ئالىملىرىنىڭمۇ ماختىشىغا سازاۋەر بولدى.

ئۇ سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ: تۈركىيە، گېرمانىيە، ياپونىيە قاتارلىق ئەللەردىن كەلگەن مۇناسىۋەتلىك ئالىم-مۇتەخەسسىسلەر شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئىقتىساد ۋە باشقا تەرەپلەردىن بەرگەن ياردەملىرى تۈپەيلىدىن ئاكادېمىيە نۇسخىسى قىلىپ نەشر قىلىنغان نەۋائىي ئەسەرلىرىنى كۆرۈپ، بولۇپمۇ يىغىنغا قاتناشقان مۇشۇ يەرلىك مۇتەخەسسىسلەرنىڭ تەتقىقات نەتىجىلىرىنى كۆرۈپ، شىنجاڭ ئۇيغۇرشۇناسلىق تەتقىقاتىنىڭ مەركىزى بولۇپ قېلىۋېتىپتۇ دېيىشتى،- دېدى.

ئازات سۇلتان يەنە: «ياۋروپا ئالىملىرىنىڭ ئاسىيانىڭ تارىخ مەدەنىيىتى ھەققىدە ئېلىپ بارغان تەتقىقاتلىرى نىسبەتەن بۇرۇن باشلانغان، ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخ مەدەنىيىتى ھەققىدىكى تەتقىقاتلارمۇ مۇشۇنىڭغا ئوخشاشلا، مەملىكىتىمىزدە ئۇيغۇرشۇناسلىق نىسبەتەن كېيىن باشلانغان، بارا - بارا بېيجىڭ قاتارلىق تەتقىقات مەركەزلىرى شەكىللەنگەن. ئەمما شىنجاڭدىكى ئۇيغۇرشۇناسلىق تەتقىقاتىنىڭ تەرەققىياتى تېز بولۇۋاتىدۇ. يېقىنقى يىللاردا شىنجاڭدا ئىلمىي تەتقىقاتلار، ئىختىساسلىق خادىملارنى تەربىيەلەش ئىشلىرى كۈچەپ ئېلىپ بېرىلىۋاتىدۇ، نۆۋەتتە شىنجاڭ بارا - بارا ئۇيغۇرشۇناسلىق تەتقىقات مەركىزىنىڭ بىرىگە ئايلانماقتا.

**تەرجىمان: ئىمىن تاجى تۇرگۇن**

(ئاپتور: ئۈرۈمچى كەسپىي ئۇنىۋېرسىتېتى ئىجتىمائىي پەنلەر بۆلۈمىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى)




**ئابدۇبەسىر شۈكۈرى**

قەدىمىي مەركىزىي ئاسىيا، جۈملىدىن ئۇيغۇرلار قەدىمدىن ياشاپ كەلگەن كەڭ زېمىنلار مىلادىدىن بىر قانچە ئەسىر ئىلگىرىلا ئىنسانىيەت ئويغانلىقىنىڭ بىرىنچى ئويغىنىش دەۋرى بىلەن بۇرۇن ئۇچراشتى. مىلادىدىن ئاۋۋالقى 4-ئەسىرلەردىلا قەندىھارنى مەركەز قىلغان ئېلىنىزم بۇددا دىنى ئارقىلىق مىلادىنىڭ ئالدى-كەينىدە تارىم ۋادىسىدا ئەكس سادا پەيدا قىلدى. رايونىمىزدىكى زاغۇنلۇق، كىروران، يارغول، يانقىر قەدىمىي ئىزلىرى مانا شۇ پارلاق مەدەنىيەتلەرنىڭ پولاتتەك پاكىتىدۇر. ئىنسانىيەت مەدەنىيەت تارىخىدىكى شەرق ئويغىنىش دەۋرى (مىلادى 9-ئەسىردىن 15-ئەسىرلەرگىچە) ئەنە شۇ مەدەنىيەت ئېنېرگىيەسىنىڭ تۈرتكىسى بىلەن شەرق خەلقلىرىنىڭ يەرلىك مىللىي مەدەنىيەتلىرىنىڭ ئەڭ ئاكتىۋال تەرەپلىرىنىڭ يۇغۇرۇلۇشى نەتىجىسىدە رويابقا چىقتى. بۇ ئىنسانىيەت مەدەنىيەت تارىخىدىكى ئىككىنچى ئويغىنىش دەۋرىدۇر. بىرىنچى ئويغىنىش دەۋرىدە قەدىمكى گرېتسىيەلىك ۋە رىملىقلار ئىنسانىيەت مەدەنىيەت تەرەققىياتىنىڭ بايراقدارى بولغىنىدەك، ئىككىنچى ئويغىنىش دەۋرىدە ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرى دۇنيا مەدەنىيەت تەرەققىياتىنىڭ ئەڭ ئالدىنقى سېپىدە تۇردى. مىلادى 18-ئەسىردە غەربتە پار ماشىنىسىنى بەلگە قىلغان سانائەت ئىنقىلابى غەربلىكلەرنى ئىنسانىيەت مەدەنىيەت تارىخىنىڭ ئۈچىنچى ئويغىنىش دەۋرىگە باشلاپ كىردى. مۇشۇ ئويغىنىش دەۋرلىرىنىڭ ھەممىسى ئىلىم-پەن مەدەنىيىتىنى يادرو قىلغانلىقى بىلەن خاراكتېرلەندى، ئۇيغۇرلار مەدەنىيەتنىڭ بىرىنچى ئويغىنىش دەۋرى بىلەن بىۋاستە ئۇچراشقان، ئىككىنچى ئويغىنىش دەۋرىگە ئىشتىراك قىلغان قەدىمىي مەدەنىيەتلىك قوۋمدۇر. شۇڭا ئۇلارنىڭ قەدىمىي مەدەنىيەت ئىزلىرىدىن بىز ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنىڭ ئەڭ تەرەققىي قىلغان سەھىپىلىرىگە مۇناسىۋەتلىك مەزمۇنلارنى، شەرق ۋە غەربكە تەۋە ئىنساننىڭ ئەقلىي كامالىغا تەئەللۇق بارلىق بۈيۈك پىكىرلەرنى كۆرەلەيمىز. مۇشۇنداق بىر مەدەنىيەتنىڭ ساھىبى مىلادى 17-ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىن باشلاپ ئىنسانىيەتنىڭ ئىلغار مەدەنىيىتى ۋە ئەقلىي پىكىر يوللىرىنى تەرك قىلىپ، سوپى-ئىشانچىلىق تۇغلىرىنى ئېگىز كۆتۈرگەن، ماھىيەتتە ئۆزلىرىنىڭ ھەر خىل رەزىل مەقسەتلىرى ئۈچۈن بارلىقنى بېغىشلىغان جاھالەت پىرلىرىنىڭ كەينىدىن رايىشلىق بىلەن ئەگەشتى. نەھايەت، ئۇلار ئىنسانىيەتنىڭ ئىلغار مەدەنىيەتلىرىدىن بارغانچە يىراقلىشىپ، غەپلەت ئۇيقۇلىرىغا غەرق بولۇشقا باشلىدى. ئۇلار قەدەممۇقەدەم ئەجدادلىرىنىڭ «قۇتادغۇبىلىك»، «بىلىم، بىلىم بىلمەكتۇر، بىلىم كەندىن بىلمەكتۇر»، «ئادەملەر قەلبىنىڭ چىراغى بىلىم، بالادىن ساقلىنىش ياراغى بىلىم»، «بىلىمدىن پەرقلىنەر كىشى يىلقىدىن، نېمە بار بۈيۈكرەك بۆلەك بىلىمدىن» دېگەندەك ئاجايىپ ھېكمەتلىرىنى ئۇنتۇپ، تەركىدۇنيالىق ۋە مازايى-ماشايىخ سېغىنىشلىرىنى ھەممىدىن مۇقەددەس ئەمەللىرى قاتارىغا قويىدى. خۇددى مەۋلانە جالالىدىن رۇمى ئېيتقان ھالەت ئاخىر يۈز بەردى. مەۋلانە مۇنداق دېگەن ئەمەسمىدى: «شەرق ھەقنى تاپقان كېچىپ دۇنيادىن، غەرب

دۇنيا تاپتى كېچىپ ئاللادىن». شەرق ئويغىنىش دەۋرى يېتىشتۈرگەن ئەللامە بوۋىلىرىمىزنىڭ ئېيتقانلىرى بەرھەق ئىدى. راست، ئادىمىلىك نىشانى ئىلىم خاسىيىتى بىلەن باغلىناتتى، ئىنسانىي سۈپەت ئىلىم بىلەن كامال تېپىشقا جۈرئەت قىلالىغان بەندىلەرگە تالىق ئىدى، مۇبادا كىشى ئوغلى جاھاندىن ئىنسانلىق بۇرچىنى ئادا قىلىپ ئۆتۈشنى مەجبۇرىيەت، دەپ بىلسە ئىدى، ئۇ ھەممىدىن بۇرۇن ئىلىمنى ئاشنا تۇتار ئىدى. راست، دۇنيادىكى جىمى ئېزگۈلۈك ئىلىم خاسىيىتىدىن، دۇنيادىكى بارلىق ھاياتىي پاجىئە ۋە بەختسىزلىكلەر بىلىمسىزلىك كاساپىتىدىندۇر. پەقەت بىلىملا كىشىنى مەنىۋى چەكسىزلىككە باشلىيالايدۇ. ئەكسىچە جاھان زىندانلىرى ئىچىدە ئەڭ دەھشەتلىكى نادانغا تەۋە بولغان مەنىۋى زىنداندۇر. ئىنسان پەقەت ئۆزىنىڭ ئەقلىي كامالىتى بىلەنلا ھەممىدىن ئۈستۈن ۋە ھەممىدىن ئۇلۇغدۇر. بىلىملىك ئوغلانلىرىنىڭ سانى كۆپ بولمىغان مىللەت بەختسىز مىللەتتۇر، بىلىملىك ئوغلانلىرىنىڭ سانى كۆپ بولمىغان ۋەتەن بەختسىز ۋەتەندۇر. بۇنداق ۋەتەن جاھالەتنىڭ ماكانىدۇر، بۇنداق ماكاندىكى ئادەملەر دۇنيانى بىلمەيدۇ، دۇنيا ھەم بۇنداق ئادەملەرنى بىلمەيدۇ. ئۇلار دۇنيانىڭ ماس تەرەققىياتىدىن ئايرىلىپ قالىدۇ. ئەگەر ئۇشبۇ غەپلەت ئۇيقۇسى ئۇزاق داۋاملاشسا، بۇنداق ماكان ھەتتا ئۆزىنىڭ مەۋجۇتلۇق قىممىتىنى يوقىتىدۇ. بىزنىڭ خەلقىمىز نەق مۇشۇنداق تارىخىي پاجىئەگە يۈزلەندى. 20-ئەسىرنىڭ باشلىرىغا كەلگەندە خۇددى بۈيۈك شائىرىمىز ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئېيتقاندەك خەلقىمىز ئىنسانىيەت مەدەنىيەت تەرەققىياتىنىڭ قەدىمىگە ماسلىشالماي قاششاقلىق ۋە نادانلىقتا قالدى. شائىر بۇ ھالنى مۇنداق يازغانىدى:

«باشقىلار كۆكتە ئۇچۇپ، سۇدا ئۈزۈپ كەتتى يىراق،
مەن مىسال يالاڭ ئاياغ دەسسەپ تىكەن ماڭارىمەن.
ئىلىم-پەندىن يوق خەۋەر، باستى غەپلەت، خەۋپ-خەتەر،
ھالىمىز قۇلدىن بەتتەر، قانداق چىداپ تۇرارىمەن.
تىل-ھاقارەت، تەنە-دىخمار ۋاي داد، بۇ جاننى قىيىندى،
ئەمدى نە قىلماق كېرەك، ئەجەبمۇ بولدۇم خارىمەن.
زۇلۇمنىڭ ئوكيانىدىن تاپماي پاراغەت ئارىلى،
تاغ كەبى دولقۇندا لەيلەپ، ھەققە ئاھ ئۇرارىمەن.
دەۋر-جەبىرىدىن ئىست! ھالىڭغا ئۇيغۇر ۋايىكىم،
جاننى ئالقانغا ئېلىپ چىق، تاپمايسەن باشقا چارىسەن.»①

مىللەتپەرۋەر، مەرىپەتپەرۋەر، ئىلغار ئىدىيەلىك شائىر ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئۆز مىللىتىنىڭ 20-ئەسىرنىڭ باشلىرىدىكى ھالىغا قاتتىق ئېچىنىپ مانا شۇنداق ئوتلۇق نىدادا مىللەتنى ھوش ۋە ئەقىل-ئىدراككا چاقىرىدۇ. 19-ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىن، 20-ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە بولغان ئارىلىقتا چەت ئەللەردە ئوقۇغان بىر قىسىم ئىلغار پىكىرلىك زىيالىيلىرىمىز مىللەتنىڭ تەرەققىياتى ۋە تەقدىرى ھەققىدە جىددىي ئويلانغان. نىھايەت، مۇشۇ چاغلاردا ئۇيغۇرلاردا مەرىپەتچىلىك ۋە دېموكراتىك پىكىر ئېقىمى ۋۇجۇدقا كەلگەن. «جەدىدىزىم» دەپ ئاتالغان يېڭى زامان ئىسلاھاتچىلىق ھەرىكىتى، ماھىيەتتە، ئىلغار ئىدىيەلەر بىلەن قوراللانغان ئىسلام ئىسلاھاتچىلىرى ئىدى. ياۋروپادا بارلىققا كەلگەن كاپىتالىستىك ئىشلەپچىقىرىشنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ ھەر خىل دىنىي ئىسلاھات ھەرىكەتلىرى يۈز بەردى. ئەمەلىيەتتە دۇنيا كاپىتالىستىك ئىقتىسادىنىڭ تەرەققىياتى ئىسلام شەرقىگە ناھايىتى زور تەسىر كۆرسىتىپ، ئىسلامىيەت دۇنياسىدا دىنىي ئىسلاھاتچىلىق تەشەببۇسلىرىنىڭ مەيدانغا كېلىشىنى تەقەززا قىلدى. 1883-يىلى قىرىم تاتارلىرىدىن يېتىشىپ چىققان مەشھۇر جەدىد ئىسمائىل غاسپىرالى روسىيەدىكى مۇسۇلمانلار ئارىسىدا «ئۇسۇلى جەدىدىيە» (يېڭىچە ئۇسۇل)نى تەشۋىق قىلىپ، يېڭىچە مەكتەپلەرنى ئېچىپ، غەرب ئوقۇتۇش ئەندىزىسىنى ئېلىپ كىردى. ئۇنىڭ قارىشىچە، مۇسۇلمان شەرقى پەقەت يېڭى زامان ئىلغار ئىلىم-پېنى بىلەن قوراللانغاندىلا، ئۆزىنىڭ تەرەققىيات ئىستىقبالىنى قولغا ئالالايتتى، بۇ ھەقىقەت ئىدى. ھاياتىنى يەكەندە مەرىپەتچىلىك ۋە تىبابەت ئىشلىرى بىلەن ئۆتكۈزگەن قوقەند ئوغلى سۆيۈملۈك شائىرىمىز زاكىرجان خالمۇھەممەد ئوغلى فۇرقەت ياۋروپانى كۆرۈپ، ئۇ يەردىكى ئىلغارلىق بىلەن ئۆزىمىزدىكى قاششاقلىقنى سېلىشتۇرۇپ ھەسرەت بىلەن مۇنداق دەيدۇ:

«...
جەھان بەستۇ كۇشادى ئىلىم بىرلە،

① «ئابدۇخالىق ئۇيغۇر شېئىرلىرى»: شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2000-يىلى 8-ئاي نەشرى، 34-، 35-بەتلەر.

نەدۇر دىلنىڭ مۇرادى ئىلىم بىرلە.
كۆڭۈللەرنىڭ سۇرۇدى ئىلىمدەندۇر،
كۆرەر كۆزلەرنى نۇرى ئىلىمدەندۇر.
كېرەك ھەرئىلىمدە بولماق خەبەردار،
بولەر ھەرقايىسى ئۆز ۋاقتىدا دەركار.
دەرىخا، فۇرقەتىي بىئىلىم قالدىم،
ئۆزۈمنى جەھىل زىندانىغە سالدىم.①»

شائىر ئىلىم-پەننىڭ خاسىيىتىنى سۆزلەپ كېلىپ، ئاخىرقى ئىككى مىسراسىدا ئۆزىمىزنىڭ ئىلىمسىزلىك دەردىدىن جاھالەت زىندانلىرىغا بەند ئىكەنلىكىمىزگە قايغۇردۇ. پۈتمەس ھەسرەت ۋە دەرد-ئەلەملەر قاينىمىغا غەرق بولىدۇ. شۇ زامانلاردا بۇخارادا ئىلىم تەھسىل قىلغان يەنە بىر كاتتا ئەللامە ئابدۇقادىر داموللامۇ مىللەت ئۈچۈن ھەممىدىن مۇھىم نەرسە ئىلىم ئىكەنلىكىنى مۇنداق قەيت قىلغان:

«...
پەزىلەت كۆپ ئېرۇر بۇ ئالەم ئارا،
ئىلىمدۇر ھەممىدىن ئەليۇل ئەلا.
ئىلىمدىن غەيرىسى ئەمەستۇر بايلىق،
ئىلىم— كان، قازغانغا تۈگىمەس ئەسلا.»②

مىللەتنى روناق تاپقۇزىدىغان، ئۇنى پۈتمەس كۈچ-قۇدرەت ۋە بايلىققا ئېرىشتۈرىدىغان ئېزگۈلۈك پەقەتلا ئىلىم-مەرىپەتتۇر. ئابدۇقادىر داموللام ئەينى چاغدا بۇ ھەقىقەتنى ناھايىتى چوڭقۇر ھېس قىلغان، ئۇنىڭ بۇ مىسرالىرى ئەنە شۇ ھەقىقەت تۇيغۇلىرىنىڭ يارقىن ئىنكاسىدۇر. 20-ئەسىرنىڭ 30-يىللىرى تۈركىيەدە ئىلىم تەھسىل قىلغان جەددىدلىرىمىزدىن بىرى مەمتىلى توختاجى (تەۋپىق) خەلقىمىزنىڭ ئاشۇ جاھالەتتىن كەلمىش پاجىئەلىرىنى مۇنداق تەسۋىرلىدى:

«ئوقۇدى-ئاشتى باشقىلار بىزدىن، ئەي قەدىردانلار،
كۆرگەچكە ئۇلارنىڭ ئىجتىھاتىنى قاينار ۋىجدانلار.
ھاۋادا لاچىندەك جەۋلان قىلۇر باشقا مىللەتلەر،
قالدۇق بىز ئۇلاردىن بەكمۇ ئارقىدا، ئويلا ئۈممەتلەر.»③

دېمەك، خەلقىمىز 20-ئەسىرنىڭ باشلىرىغا كەلگەندە دۇنياۋى ئىلغار مەدەنىيەتلەرنىڭ ماس قەدىمىدىن روشەن ئايرىلىپ قالدى. ئاجايىپ سەلتەنەتلىك مەدەنىيەتلەرنى ياراتقان، ئۇيغىنىش دەۋرى مەدەنىيىتىنىڭ بايراقدارلىرى بولمىش خەلقىنىڭ ئەۋلادى ئەمدى ئۆزى ئۈچۈن قايغۇرۇشنىمۇ بىلمەيدىغان مەنىۋىيىتى خۇنۇك، قاششاق ئىجتىمائىيەتنىڭ ئەزالىرىغا ئايلىنىپ قالغانىدى، ئەسلى پۈتۈن ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنىڭ ئەڭ ئىلغار، ھاياتىي كۈچكە ئىگە تەركىبلىرىنى قوبۇل قىلىشقا ماھىر، يېڭىلىقلارغا ئىنتىلىدىغان قوۋمىنىڭ بالا-چاقىلىرى ئەمدىلىكتە قانداقتۇر ھېچقانداق يېڭىلىق بىلەن ئۇچرىشىشنى خالىمايدىغان، ئاكتىۋال ئىدىيەلەرنى قوبۇل قىلمايدىغان كىشىلەرگە ئايلانغانىدى. ئۇلار بېكىنمە ھالەتتىكى ئىچكى ئاسىيانىڭ بىر بۇلۇڭىدا پەقەت ھاياتلىقنىڭ بېشارىتى سۈپىتىدە ئىنسانىي قەدىر-قىممەتتىن خالىي زەئىپ بىر توپلۇق بولۇپ قالغانىدى، خالاس. دەل مىللەتنىڭ مانا مۇشۇنداق تارىخىي پاجىئەسى بىلىملىك ۋە ئىلغار زىيالىيلارنىڭ قەلبىنى ئۆرتەپ، مىللەتنىڭ تەقدىرى ھەققىدىكى قايغۇسىنى ھەسسىلەپ ئاشۇردى. شۇ ھەقىقەت قەلبىمىزگە چوڭقۇر ئورنىشىپ قالدىكى، بىر دۆلەت، بىر مىللەت ياكى بىر ئائىلە ئۈچۈن ئۇنىڭ ئەزالىرىنىڭ نادان ۋە بىلىمسىز بولۇپ قېلىشى ھەممىدىن چوڭ بەختسىزلىكتۇر. چۈنكى، نادانلىق تۇپراقلىرىدا بىپەرۋالىق ۋە غەپلەت شۇمبۇيىلىرى ئۈسىدۇ. بۇ شۇمبۇيىلار ئەقىل مېۋىلىرىنى خۇنۇكلەشتۈرۈپ، غايە، ئىرادە ھەم ئۈمىد-ئىستەك چېچەكلىرىنى قۇرۇتىدۇ، ھەقىقىي ئىنسانىيلىقنىڭ ئەڭ ئەشەددىي ۋە ياۋۇز دۈشمىنى نادانلىقتۇر. شۇڭا، يۇقىرىقى مىسرالاردا فۇرقەتنىڭ بىلىمسىزلىك ھەم نادانلىققا جاھىل دوزاخ سۈپىتىنى بېرىشى بىكار ئەمەس. بىلىمسىزلىكنىڭ ئەڭ يېقىن دوستى جاھىللىقتۇر. جاھىللىق ئىنسانىي سۈپەتلەردىن ئەڭ يىراق تۇرىدىغان غاپىللىق ۋە قاباھەت مەنزىلىنىڭ داغدام يولىدۇر، ئىنسان ئۈچۈن جاھان زىندانلىرى ئىچىدە ھەممىدىن بەك دەھشەتلىكى مەنىۋى زىنداندۇر. مەنىۋى زىندانلارنىڭ

---

① «فۇرقەت ياركەندە» ، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2012-يىلى 3-ئاي 1-نەشرى، 133-بەت.

② غەيرەتجان ئوسمان: «ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى تارىخى»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2012-يىلى 3-ئاي نەشرى، 681-بەت.

③ شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلغان «مەمتىلى ئەپەندى شېئىرلىرى»دىن.

كۆككە تېرەلگەن دەھشەتلىك تاملىرى دەل ئاشۇ جاھىلـ
لىق كېسەكلىرىدە پۈتكەندۇر. نادانلىق يەنە بارلىق ياخـ
شىلىق ۋە ئىنسانىي خىسلەتلەرنىڭ ئەشەددىي دۈشمىنىـ
دۇر. ئۇنىڭدا نە ۋىجدان، نە ئىنسانىي تۇيغۇ، نە ئەقىل
ۋە ئىنساب بولسۇن! قارىڭ، بىلىم ۋە ئەقىل سەمەرىسىـ
دىن ۋىجدان ۋە غۇرۇر تېپىپ، ئۆز مىللىتىنىڭ گۈزەل
ئىستىقبالى ئۈچۈن قايغۇرغان شائىر، ئەللامىلىرىمىزغا!
قارىڭ، ئۆز مىللىتىنى ئاشۇ مەنىۋى زىندانلاردىن قۇتقۇـ
زۇپ، جاھاندىكى ئىنساندەك ياشايدىغان خەلقلەر قاتارىـ
دىن ئورۇن ئالغۇزۇش ئۈچۈن ئۆمۈربويى پۇچۇلانغان
غۇرۇر سايىپلىرىغا! قارىڭ، ئىلىم نۇرى بىلەن قاپقارا دىلـ
لارنى يورۇتۇپ، ئىنسان ئېزگۈلۈكى ۋە ھىدايەت ھېكمەـ
تىنى روياپقا چىقىرىشقا بارلىقىنى بېغىشلىغان بىلىملىك ئوغـ
لانلارغا!...

مىللەتنىڭ ئاشۇنداق مۇنەۋۋەر ئوغلانلىرىنىڭ تەقـ
دىرىگە قارىڭ، ئۇلارنىڭ ئەزىز باشلىرى نادانلىق تىغلىرىـ
دا مۇبارەك تەنلىرىدىن مەڭگۈلۈك جۇدا قىلىندى. ئەمما
ئۇلارنىڭ ئاشۇنداق زەخىرلىك ئۇستەكلىرى، گۈزەل غايىـ
لىرى ئۆز خەلقىگە بولغان پۈتمەس ئەقىدىسى بىزگە مەڭـ
گۈلۈك مەنىۋى بايلىق بولۇپ قالدى. بىز شائىرىمىز ئابـ
دۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ «ئويغان»، «غەزەپ ۋە زار»،
«باردۇر»، «ئارمان» قاتارلىق شېئىرلىرىنى، ياق، ئۇنىڭ
ھەر بىر شېئىرىنى ۋە ھەر بىر مىسراسىنى ئەنە شۇنداق
ئۇنتۇلماس مەڭگۈلۈك مەنىۋى بايلىقىمىز دەپ بىلىمىز.

بىزگە ھازىر بىلىم ئېلىش، نادانلىقتىن قۇتۇلۇش ئىمـ
كانلىرى خېلى كەڭ. بۈگۈن دۇنيا ھەرقايسى ئەللەر ئارا
مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشتىكى توسالغۇلارنى بۇزۇپ تاشلىـ
دى. ئالىملارنىڭ قارىشىچە، يەرشارى بىر قۇتۇپلىشىشقا
قاراپ يۈزلەندى. ئەللەر، مىللەتلەر، كىشىلەر ئارىسىدىكى
ئالاقە تارىختىكى ھەرقانداق ۋاقىتتىكىدىن قويۇق، جانلىق
ۋە دائىملىق بولدى. پەن-تېخنىكا ئۈچقاندەك تەرەققىي
قىلىپ، ئۇچۇر دەۋرى ئۇنىڭ بەلگىسىگە ئايلاندى، مۇـ
شۇنداق دەۋردە كىمكى دۇنيانىڭ ئىلغار مەدەنىيىتىنى
قوبۇل قىلىپ، دۇنيانىڭ تەرەققىيات قەدىمىگە ماسلاشمىـ
سا، ئۇ بىچارە بولۇپ قېلىۋېرىدۇ. بىلىش كېرەككى، بۇ
زامان بىپەرۋالىق ۋە غەپلەت زامانىسى ئەمەس ئىدى،
بەلكى ئويغىنىش ۋە ئىجتىھات زامانىسى ئىدى. بۇ زامان
نادانلىق، جاھىللىق ھەم قاششاقلىقنى تولۇقى بىلەن تەرك
قىلىپ، ئىلىم-مەرىپەت ۋە ئىلغارلىققا ئىنتىلىش زامانىسى
ئىدى.

1923-يىل 10-ئاينىڭ 29-كۈنى تۈركىيە جۇمھۇـ
رىيىتى قۇرۇلدى. 1924-يىلى يىل بېشىدا ئاتا تۈرك
مۇستاپا كامال تۈركىيە ئۈچۈن قەتئىي تەۋرەنمەي مېڭىشـ
قا تېگىشلىك ئىسلاھات ئىستراتېگىيەسىنى ئوتتۇرىغا
قويدى. شۇ يىلى 11-ئايدا ئۇ مىللەت مەجلىسىدە بەرگەن
بىر قېتىملىق دوكلاتىدا مۇنداق دېگەنىدى: «مەدەنىيەتـ
سىز ئەلنىڭ خەلقى دائىم مەدەنىي ئەل خەلقلىرىنىڭ تاپىنى
ئاستىدا يانجىلىپ تۇرىدۇ، تۈركىيە ياشىماقچى بولىدىكەن
چوقۇم غەربلىكلەرنىڭ ھازىرقى زامان دۇنياسىنىڭ بىر
قىسمىغا ئايلىنىشى كېرەك.»①

دېمەك، ئاتا تۈرك ئەڭ ئىلغار مەدەنىي ھاياتتا ياشاـ
ۋاتقان غەربلىكلەردىن پەن-تېخنىكا ۋە يېڭىلىقلارنى ئۆگـ
ەنمىگىنىدە، تۈركىيە جۇمھۇرىيىتىنىڭ يەنە قايتىدىن
ھالاك بولىدىغانلىقىغا ئىشەنگەنىدى. شۇڭا مۇستاپا كامال
تۈركىيە جۇمھۇرىيىتىدىكى ھەر بىر پۇقرانىڭ مەنىۋىيىتىـ
دىن تاكى كىيىم-كېچەكلىرىگىچە ئىسلاھ قىلىپ، ئىلغارلىققا
ۋە زامانىۋىلىققا تېزدىن يۈزلىنىشكە چاقىردى. 1925-يىلى
ئاۋغۇستتىكى نۇتقىدا ئۇ ناھايىتى ئېنىق قىلىپ، پۈتۈن
مەملىكەت خەلقىگە مۇنداق چاقىرىق قىلغانىدى: «ئەپەنـ
دىلەر، خانىملار، تۈركىيە جۇمھۇرىيىتىنى قۇرالىغان تۈركلەر
مەدەنىي كىشىلەردۇر. ئۇلار تارىختىمۇ مەدەنىي كىشىلەرـ
دىن ئىدى. ھازىرقى رېئال تۇرمۇشتىمۇ مەدەنىي ياشىماقتا.
ئەمما مەن سىلەرگە بىر تۇغقان قېرىنداشلار، دوستلار
ۋە ياكى ئۆز ئاتاڭلارغا ئوخشاش كۆيۈنۈپ تۇرۇپ ئېيتايـ
كى، مەدەنىي تۈركىيە جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئەزاسى بولغان
كىشى چوقۇم ئۆزىنىڭ ئىدىيەسى، روھىي كەيپىياتى، ئائىلىـ
ۋى تۇرمۇشى ۋە تۇرمۇش ئادىتى ئارقىلىق ئۆزىنىڭ مەـ
دەنىي ئىكەنلىكىنى ئىپادىلىشى ھەم ئىسپاتلىشى لازىم. بىر
جۈملە سۆز بىلەن ئېيتقاندا، ھەقىقىي مەدەنىي ھېسابلىـ
نىدىغان تۈرك خەلقى ئۆزلىرىنىڭ تاشقى قىياپەتلىرىدىمۇ

① يۇسۇپجان ئەلى ئىسلامى، «مۇستاپا كامال»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2000-يىلى 11-ئاي نەشرى، 276-بەت.

مەدەنىي ۋە ئىلغار ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىشى كېرەك... دوستلار، ئەمدى بىزنىڭ قەدىمكى تۇرانىيلارنىڭ فورمىلىرىنى سۈرۈشتۈرۈپ يۈرۈشىمىز ۋە ئۇنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشىمىزنىڭ ھاجىتى قالمىدى. مەدەنىي ھەم خەلقئارالىق كىيىملەر بىزنىڭ تۈركلىرىمىزگىمۇ يارىشىدۇ ھەم مۇۋاپىق كېلىدۇ. بىز مانا مۇشۇ كىيىمنى قوبۇل قىلايلى. ئۆتۈك، شىبلىت، شىم، كۆڭلەك، كاستۇم كىيەيلى، گالستۇك تاقايلى، يۈرۈشى بىلەن بولسۇن دېسەك، بېشىمىزغا گىرۋەكلىك شىلەپە كىيەيلى...»①

قاراڭ، مۇستاپا كامال نېمىدېگەن كەسكىن! نېمىدېگەن ئۈزۈل- كېسىل ئىسلاھاتچى- ھە؟! ئۇ تۈركلەرنىڭ مەنۋىيىتىدىن تاشقى كۆرۈنۈشكىچە بولغان ھەممە قالاق، قاششاق ۋە مۇتەئەسسىپ ھادىسىلەرنى سۈپۈرۈپ تاشلىماقچى بولغان. شۇ چاغلاردا ئۇ كاستامونۇ، ئىنەبولۇ قاتارلىق تۈركىيەنىڭ مۇتەئەسسىپ ئەنئەنىۋى كۈچلىرى ھەممىدىن كۆپ جايلىرىغا زىيارەتكە بارغىنىدىمۇ ئۆزى باش بولۇپ ياۋروپاچە كىيىنگەن. پۈتۈن ھۆكۈمەت ئورگىنىدىكىلەرنىڭ ھەم شۇنداق كىيىنىشىنى تەۋسىيە قىلغاندى. مۇستاپا كامالنىڭ بۇ غايىلىرى ئاخىرقى ھېسابتا ھەممىسى ئەمەلگە ئاشتى، بۈگۈنكى تۈركىيە جۇمھۇرىيىتىدىكى مەدەنىي ھاياتنى كۆپىنچىسى ئاتاتۈركنىڭ ئەنە شۇ كەسكىن ئىسلاھاتلىرىنىڭ نەتىجىسى دەپ قارايدۇ. «1925- يىلى 2- سېنتەبىر كۈنى ئاتا تۈرك يەنە بەزى قانۇن- تۈزۈم ۋە مەنئى قىلىش بۇيرۇقلىرىنى جاكارلاپ، دىنىي ئورگانلاردا ۋەزىپىسى بولمىغان ھەرقانداق ئادەمنىڭ يەكتەك كىيىشى ھەم سەللە يۆگىشىنى مەنئى قىلدى.»②

ئۇنىڭ بۇ قارارى ئەينى چاغلاردا ئەرەب دۆلەتلىرىنىڭ ناھايىتى زور قارشىلىقىغا ئۇچرىدى. ئاتا تۈرك ئىسلاھات يولىدىن قەتئىي تەۋرەنمىدى. شۇ چاغلاردا بەزى نوپۇزلۇق كىشىلەر ئاتا تۈرككە ئېتىراز بىلدۈرۈپ، تەرەققىياتنىڭ كىيىم- كېچەك بىلەن نېمە ئالاقىسى دېيىشتى. ئەمما مۇستاپا كامال 20- ئەسىردىكى ياۋروپانىڭ بوسۇغىسىدا ياشاۋاتقان جۇمھۇرىيەت قۇرغان بىر دۆلەتنىڭ گراژدانى ئوسمانلى دەۋرىدىن قالغان يوغان سەللە، ئۇزۇن يەكتەك، پۇچاقلىرى كەڭ، ئاغلىرى ساڭگىلاپ تۇرىدىغان كېلەڭسىز ئىشتانلىرىنى كىيىپ، خەلقئارادا يۈرسە، بولۇپمۇ ياۋروپادىكى تەرەققىي تاپقان ئەللەردە يۈرسە كۈلكىگە قالمامدۇ؟ دەپ قارايتتى. بۇنىڭلىق بىلەن مۇستاپا كامال ئەنئەنىۋى تۈرك مەدەنىيىتىنى ئىنكار قىلغىنى يوق، پەقەت ئۇنى يېڭى ھاياتىي قان بىلەن دۇنيا تەرەققىياتىغا ماسلاشتۇردى. بۇ ھال ياپونىيەلىكلەرنىڭ مېيجى يېڭىلىقىدىن كېيىن ئۆزلىرىنىڭ ئەنئەنىۋى مىللىي كىيىم- كېچەكى ۋافوكۇنى پەقەت مۇراسىملىرىدىلا كىيىپ، ئادەتتە زامانىۋى كىيىم- كېچەكلەرنى كىيىپ يۈرۈشكىنىگە ئوخشايدۇ.

20- ئەسىرنىڭ باشلىرىدا بىزنىڭمۇ ئىلغار پىكىرلىك زىيالىيلىرىمىز خۇددى ئاتا تۈرك مۇستاپا كامالغا ئوخشاش ياۋروپاچە كىيىنىپ خەلقنى ئويغاتماقچى، ئىلغار مەدەنىيەتلەرگە يېتەكلىمەكچى بولدى. ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ۋە مەمتىلى ئەپەندىلەرنىڭ كاستۇم، شىلەپە كىيىپ، گالستۇك تاقاپ يۈرۈشلىرى دەل مۇستاپا كامالنىڭ بۈيۈك ئىسلاھات چوقانلىرىنىڭ، ئىسمائىل غاسپىرالىنىڭ جەدىدچىلىك نىدالىرىنىڭ تەڭرىتاغلىرى ئېتەكلىرىدىكى ئەكس ساداسى ئىدى. تەرەققىيات كۈچىگە ئىگە بولمىغان ھەرقانداق شەيئى ھالاكەت مەنزىلىگە تېزدىن يېقىنلىشىدۇ. بۇ ئۇقۇم دۆلەت ۋە مىللەتكىمۇ ئوخشاشلا ماس كېلىدۇ. شۇڭا مۇستاپا كامال، ئىسمائىل غاسپىرالى، ئابدۇخالىق ئۇيغۇر، ئابدۇقادىر داموللا ۋە مەمتىلى ئەپەندىلەر ئۆز ئېلى ۋە ئۆز مىللىتىگە ھەقىقىي كۆيۈنگەن مىللەتپەرۋەرلەردۇر. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ھايات بەدىلىگە تەكىتلىگەن يېڭىلىق، تەرەققىيات، مەرىپەتچىلىك ۋە ئىسلاھات ئىدىيەلىرى ئىنسانىيەتنىڭ ئەڭ ئىلغار غايىلىرىنىڭ ئىپادىسىدۇر. پەقەت مۇشۇ غايىلەرلا ئىنسانىي قىممەتنى كاپالەتكە ئىگە قىلىپ، مىللەتنى دۇنيادىكى مۇنەۋۋەر مىللەتلەر قاتارىدىن ئورۇن ئېلىش شەرىپىگە مۇيەسسەر قىلالايدۇ.

(ئاپتور: شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى ئەدەبىيات ئىنستىتۇتىدىن)

① يۈسۈپجان ئەلى ئىسلامى: «مۇستاپا كامال»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2000- يىلى 11- ئاي نەشرى، 277- ، 278- بەت.
② يۇقىرىقى كىتاب، 279- بەت.



# «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» تىكى ياغاچچىلىق ۋە تۈگمەنچىلىك

**مامۇت قۇربان**

«دىۋان»دا گەرچە «ياغاچچى» (2-توم، 64-بەت) ھەققىدە مەخسۇس توختالمىغان بولسىمۇ، لېكىن تاختاي تىلىشقا ئائىت سۆزلەردىن ئوتتۇرا ئەسىرلەردىكى ياغاچچىلىقنى كەسىپ قىلغان ھۈنەرۋەنلەرنىڭ بارلىقىنى بىلىۋېلىشقا بولىدۇ. «دىۋان»دا يېزىلغانلاردىن ئوتتۇرا ئەسىرلەردە ياغاچچىلارنىڭ ئىشلىتىدىغان ئاساسلىق ئەسۋابلىرى «كەركە» (كەكە) (1-توم، 560- بەت). «بۇرغا» (1-توم، 63-بەت) ئۈشكە، «چوپسا» (1-توم، 622-بەت). «چوپسا» (1-توم، 639-بەت). «ياغاچ ۋە باشقا نەرسىلەرنى كېسىدىغان پالتا» (2-توم، 91-بەت)، كاشكاد، ھەرە، ئىكەگ، ئىسكىنە، رەندە، «ئامبۇر» (1-توم، 594-بەت). «پالتا» (1-توم، 545-بەت) ئىكەنلىكى بىلىنىپ تۇرۇپتۇ.

مەھمۇد كاشغەريي «دىۋان»دا ھەرە توغرىسىدا مەخسۇس توختالمىغان بولسىمۇ، لېكىن تاختاي تىلىشقا ئائىت سۆزلەردىن ھەرە ياغاچچىلارنىڭ ئاساسلىق سايمانلىرىنىڭ بىرى ئىكەنلىكىنى بىلىۋېلىشقا بولىدۇ. «دىۋان»دا «ئۇ ياغاچ كەرتتى» (3-توم، 580-بەت) دەپ يازغىنىدىن مەلۇمكى، ئوتتۇرا ئەسىردىمۇ ياغاچچىلار خۇددى ھازىرقىدەك كەكە بىلەن ياغاچنى كەرتىپ ئاندىن رەندە سالاتتى. ياغاچچىلار ئالدى بىلەن ياغاچنى قىيدىغانلىقى ئۈستىدە توختىلىپ: «ئۇ ياغاچ قىيدى» (3-توم، 338-بەت) دەپ يازىدۇ. مەھمۇد كاشغەريي «دىۋان»دا «تىلىشتى» (2-توم، 121-بەت) دېگەن سۆزدىن چىقىپ، بىرسىنىڭ بىرسى بىلەن ياغاچ كېسىشىپ باققانلىقى ھەققىدە توختىلىپ، «ئۇ مېنىڭ بىلەن ياغاچ كېسىشىپ باقتى، كېسىشكە ياردەملىشىشكىمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ، دەپ چۈشەندۈرگەن بولسا، يەنە بىر يېرىدە بىرسى بىرىگە ياغاچ چوپسىلىشىشتا ياردەملىشىشكىمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ دەپ يازغان. مەھمۇد كاشغەريي «بەلدىدى» (2-توم، 212-بەت) دېگەن سۆزدىن چىقىپ، ئادەم دەرەخنى يۇملاق توغرىدى» (2-توم، 113-بەت) يەنى ياغاچنى توغرىسىغا كېسىش، ئەينى ۋاقىتتىكى ياغاچ توغراش ئۇسۇللىرىدىن بولغان ياغاچ بەلدەش، يۇملاق كېسىش، يەنى توغرىسىغا كېسىش ئۇسۇللىرىنىڭ بارلىقىدىن خەۋەر بەرگەن.

ياغاچ «تورپىكلەشتى» (2 - توم، 291 - بەت) چوپسىلاشتى دېگەن سۆزدىن چىقىپ، «ئول مېنىڭ بىلەن ياغاچ چوپسىلاشتى»، «ئۇ مېنىڭ بىلەن ياغاچ كېسىشىپ باقتى» چوپسىلىشىپ بېرىشكىمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ دەپ يازغان ۋە «ياغاچ يونۇش» (3-توم، 110-بەت) ھەققىدىمۇ

مەلۇمات بەرگەن. ئۇيغۇرلار ئوتتۇرا ئەسىردە ياغاچ ھەرىدەشنى خۇددى ھازىرقىدەك «ياغاچ ھەرىدەش» (1-توم، 358-بەت) دەپ ئاتايتتى. «دىۋان» بۇ ھەقتە توختىلىپ «ئۇ ياغاچ ھەرىلىدى» دەپ يازىدۇ. مەيلى «ياغاچ تىلىش» (1-توم، 324-بەت)، مەيلى «ياغاچ بەلدەش» ياكى ياغاچنى «يۇملاق توغراش» (2-توم، 305-بەت) دېگەن سۆزلەر بولسۇن، ئوتتۇرا ئەسىرلەردە بۇ ئاتالغۇلارنىڭ ھازىرمۇ ئۆز پېتىچە ئىشلىتىلىپ كېلىنگەنلىكى، ئوتتۇرا ئەسىرلەردە ئۇيغۇرلارنىڭ ياغاچتىن كەڭرى پايدىلانغانلىقىنى ئۇيغۇرلار ئىچىدە ياغاچچىلارنىڭ بارلىقىنى، مەدەنىيەت مىراسلىرىمىزنىڭ داۋاملىشىپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

كەسمەكچى بولغان ياغاچ ئالدى بىلەن كېسىلىدىغان يېرىدىن يونۇلاتتى. شۇڭا «دىۋان»دا «يونۇدى» دېگەن سۆزدىن چىقىپ «ئۇ ياغاچ يونۇدى» (2-توم، 105-بەت)، دەپ يازغان. يونالغان ياغاچ كېسىلەتتى. «دىۋان»دا «دەرەخلىك» (3-توم، 68-بەت). ياغاچلارنى قويىدىغان ئورۇننى «ياغاچلىق» (3-توم، 68-بەت) دەپ يازغىنىدىن قارىغاندا، ئوتتۇرا ئەسىردە ئۇيغۇرلار ئورمان بەرپا قىلىشقىمۇ ئەھمىيەت بەرگەنلىكى كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇ.

«دىۋان»دىكى «ياغاچ چوپسىلىدى» (3-توم، 375-بەت). (رەندىلىدى) دېگەن سۆزلەرنىڭ كۆپلۈكىگە قاراپ، ياغاچ چوپسىلىنىپ، خالىغان شەكىلگە كەلتۈرىدىغانلىقىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ. ياغاچ (تاختاي) ياسىلىدىغان نەرسىگە ئاساسەن تېشىلەتتى. «دىۋان»دىكى «ئۆگۆچەكلىك» (1-توم، 207-بەت) ساندۇق (ئاش ياكى ئۇن ساقلايدىغان چوڭ ساندۇق، كاسساندۇق دەپمۇ ئاتىلىدۇ) ياساش ئۈچۈن تەييارلانغان ياغاچ ھەققىدىكى سۆز ۋە «ئىشىكلىك ياغاچ» (1-توم، 207-بەت) دەپ يازغىنىدىن قارىغاندا، ئوتتۇرا ئەسىرلەردە ياغاچچىلارنىڭ ياغاچتىن نېمىلەرنى ياسايدىغانلىقىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ. ئۇيغۇرلار ئوقيا، قامچا، ھاسا، يىك ۋە قەلەمگە ئوخشاش ياغاچتىن ياسىلىدىغان نەرسىلەرنى كۆپىنچە «ئۈچ» (1-توم، 49-بەت) (تېۋىلغا — شىلۋى دەپمۇ ئاتىلىدۇ، تاغدا ئۆسىدىغان بىر خىل چاتقالدىن ياسايدىغانلىقى توغرىسىدا خەۋەر بەرگەن.

ئوتتۇرا ئەسىرلەردە ياغاچچىلار ياغاچتىن نېمىلەرنى ياسىيالايدىغان بولغىيتتى؟ بۇ ھەقتە «دىۋان»دىن تۆۋەندىكىدەك مەلۇماتلارغا ئېرىشەلەيمىز. «تەگنە» (1-توم، 566-بەت). ھازىرمۇ ئەسلىي نام بىلەن ئاتىلىپ كەلمەكتە. تەگنە ئاساسلىقى خېمىر يۇغۇرۇش، ئۆپكە قۇيۇش ئىشلىرىدا ئىشلىتىلگەن. ئۇلار «توغراق» (1-توم، 611-بەت)، تېرەك (ھاگگاتېرەك) ياغاچلىرىدىن ياسىلاتتى.

ئۇيغۇرلار ئىچىدە ئوتتۇرا ئەسىرلەردە «تالڭ» (3-توم، 485-بەت). ئەلگەك (ئارغۇچە)، «ئاندىغ» ئەلگەك (1-توم، 160-بەت) ۋە غەلۋىر (ئۆتكەمە)گە ئوخشاش نەرسىلەرنىڭ قاسقىنىنى كېرىيدىغان مەخسۇس ھۈنەرۋەنلەر بولۇپ، ئەلگەكنىڭ قاسقانلىرىنى خۇددى ھازىرقىدەك سۆگەت ياغىچى ياكى تېرەك ياغىچىدىن كەرگەن بولۇشى مۇمكىن. ئەمما بۇ ھەقتە «دىۋان»دا بىرەر سۆز ئۇچراتمىدۇق، «دىۋان»دا ئۇنىڭدىن باشقا يەنە ئوتتۇرا ئەسىرلەردە تۈركىي خەلقلىرى ئىشلىتىدىغان ئاشخانا سايمانلىرىدىن «چاناق»، ياغاچتىن ئويۇپ ئىشلەنگەن تۇزلۇق (1-توم، 611-بەت) ۋە تۇزلۇققا ئوخشاش قاچىلارمۇ بار ئىدى. ئوغۇزلار «چاناق» (1-توم، 495-بەت) دېگەن سۆزنى قاچا-قۇچا دېگەن مەنىدە ئىشلەتسە، «نوغۇچ» (1-توم، 544-بەت) دېگەن سۆزنى — خېمىر يايىدىغان نوغۇچ دېگەن مەنىدە ئىشلىتەتتى. بەزى تۈركىي خەلقلەر نوغۇچنى خېمىر يۇغۇرغۇچى دېگەن مەنىدە «يۇغۇرغۇچ» (1-توم، 642-بەت) دەيدىغانلىقى مەلۇم. ئۇيغۇرلار ئۇنى ھازىرمۇ «نوغۇچ» دەپ ئاتايدۇ، «چۆمۈچ» (1-توم، 544-بەت)، ئوغۇزلاردىن باشقا تۈركىي خەلقلەرنىڭ كۆپچىلىكى «چۆمۈچ» (1-توم، 466-بەت) دەيتتى، چۆمۈچنى بەزى يەرلەردە يەنە «ساپلىق» دەپ ئاتىلىپ كەلمەكتە.

ئوتتۇرا ئەسىرلەردە ئۇيغۇرلارنىڭ بەزى يۇرتلىرىدا «قوشۇق» (1-توم، 497-بەت)نى مۈڭگۈزدىن ياسايدىغانلىقى مەلۇم، كەلپىن، خوتەن، چەرچەن قاتارلىق يەرلەردە قوشۇقنى ھازىرمۇ ئۆرۈك ياغىچىدىن ياسايدۇ. «دىۋان»دا بەزى كىشىلەرنىڭ قوشۇق ئالغانلىقى ھەققىدە توختىلىپ، «ئۇ قوشۇقلۇق بولدى» (3-توم، 459-بەت) دەپ يازىدۇ. مەھمۇد كاشغەرىينىڭ قوشۇق ياساش ئۈچۈن تەييارلانغان «قوشۇقلۇق مۈڭگۈز» (1-توم، 655-بەت)، ئىچى ئويۇلغان، شورپا، قىمىز قاتارلىقلارنى ئىچىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان ياۋا كالىنىڭ مۈڭگۈزىدىن ياسالغان بىر خىل چۆمۈچ «قالتۇق» (1-توم، 620-بەت) لەرنى تىلغا ئېلىشى بىزنىڭ يۇقىرىقى قارىشىمىزنى ئىسپاتلايدۇ. چۆمۈچ ۋە نوگايغا ئوخشاش سۇ ئۇسۇدىغان قاچا

«ئۇسغاق» (1 ـ توم، 615 ـ بەت). چۆمۈچ «سۇ ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش نەرسىلەرنى ئىچىدىغان ‹ساغراق› (1 ـ توم، 615 ـ بەت) كاسا، قاچا، قەدەھ توغرىسىدا توختىلىپ ئۇنى «سۇ ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش نەرسىلەرنى ئىچىدىغان قاچا، قەدەھ، كاسا»لارنىڭمۇ بارلىقىنى يازىدۇ. بۇلار بۇرۇن ياغاچتىن، قاپاقتىن ياسىلاتتى، هازىر تۆمۈردىن ياسىلىدىغان بولدى. ئۇنىڭدىن باشقا ياغاچ تاۋاق، ياغاچ ئاياغ، «ئاياغ» (1 ـ توم، 560 ـ بەت). سۈت ۋە قېتىق ئىچىدىغان «لاغۇن» (1 ـ توم، 534 ـ بەت) دېيىلىدىغان ئىچى چۆچەككە ئوخشاش ئويۇلغان ياغاچ ئاياغمۇ بار ئىدى. بۇ خىل قاچا هازىرمۇ «چۆچەك» دېيىلىدۇ. شۇ بولۇپ، بۇ خىل قاچا يەنىلا خوتەن تەرەپلەردە ياسىلىپ بازارغا سېلىنماقتا. كۆپىنچىسى هاڭگا تېرەك، ئۈرۈك، چىلان، ياڭاق ياغاچلىرىدىن ياسىلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا سۇ ئىچىشكە ئىشلىتىلىدىغان كوزا، تەشتەك، «سەڭەك» (3 ـ توم، 501 ـ بەت). (ئۇغۇزچە)لەرمۇ ياغاچتىن ئويۇپ ياسىلىدىغان سۇ قاچىسى ئىدى، بۇ خىل قاچىنىڭ سېپى سەل قىسقا بولىدۇ.

ياغاچتىن ئويۇلىدىغان قىلىچ قىنى ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش نەرسىلەرنى ئويۇش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان ئۇچى ئەگرى پىچاق «كاشكاد» (1 ـ توم، 168 ـ بەت) بىلەن ئويۇپ ياسايدۇ. بۇ خىل قاچىلار ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 60 ـ يىللىرىدىن كېيىن بازارغا ئاز سېلىنىدىغان بولدى، چۈنكى ئۇ خىل قاچىلارنىڭ ئورنىنى تۆمۈر قاچىلار ئىگىلىدى. «ياسغاچ» دېيىلىدىغان ئاشتاختا، خېمىر يايدىغان ئاشتاختا، نان تاختىلارمۇ بولۇپ، مەهمۇد كاشغەرىي بۇنى «يېسا تاختا» (3 ـ توم، 50 ـ بەت) دەپ ئىزاهلىغان. هازىرمۇ ئاشخانا ۋە ناۋايخانىلاردا ئۇيغۇرلار كۆپ ئىشلىتىدۇ. «سۇغا» (1 ـ توم، 495 ـ بەت) ياغاچ چېلەك. مەهمۇد كاشغەرىي بۇ سۆزنى پەقەت بىرلا قەبىلىدىن ئاڭلىغانلىقىنى ئېيتىدۇ. بۇ خىل سۇغا ئۆتكەن ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىغىچە سەهرالىرىمىزدا كۆپ ئۇچرايتتى، هازىر بۇ خىل قاچىلار دۇكانلاردا سېتىلىدۇ، ئۇيغۇرلار هازىرمۇ «سۇغا» دەپ ئاتايدۇ. ياغاچتىن ياسىلىدۇ، تېخىنىكا تەلەپ قىلىدىغان هۈنەر.

**1. يارا يېلىم (ياغاچ يېلىمى)**

يېلىمنى تەبىئىي يېلىم ۋە خىمىيەۋى يېلىم دەپ ئىككى چوڭ تۈرگە بۆلۈشكە بولىدۇ. تەبىئىي يېلىملاردىن: جىگدە يېلىمى، شاپتۇل يېلىمى (زەهەرلىك)، ئۈرۈك يېلىمى، تېرىپۇرۇش يېلىمى (ياغاچ يېلىمى دەپمۇ ئاتىلىدۇ). ئەرەب يېلىمى، ئاگار يېلىمى، بېلىق يېلىمى قاتارلىق يېلىملار بار. «تۈركىي تىللار دىۋانى»دا ياغاچ يېلىمى، جىگدە يېلىمى ۋە باشقا يېلىملار تىلغا ئېلىنغان بولۇپ، ئۇيغۇرلارنىڭ ياغاچ يېلىمى، جىگدە يېلىمى، ئەرەب يېلىمى ۋە باشقا يېلىملاردىن پايدىلىنىش تارىخى بىر قەدەر ئۇزاق. «دىۋان»دا «يېلىم» (3 ـ توم، 24 ـ بەت) ۋە «يار يېلىم» (3 ـ توم، 29 ـ بەت) ھەققىدە توختالغان.

ياغاچ يېلىمى تېرىپۇرۇش، سۆگەكلەرنى سۇس ئوتتا قاينىتىپ، سۈزۈپ ئېلىنىدىغان قىزغۇچ قوڭۇر رەڭلىك دانچىسىمان ياكى ياپراقسىمان ماددا. سۈپىتى ياخشىراق بولغانلىرى قىزغۇچ ياكى جىگەر رەڭلەردە بولىدۇ. بۇنداق يېلىمنى ئېرىتىپ ئىشلىتىشكە توغرا كەلسە ئالدى بىلەن يېلىمدىن بەلگىلىك مىقداردا ئېلىپ، ئۇنى كىچىك رەك قاچىغا سېلىپ، ئىلمان سۇ قۇيۇپ يۇمشىتىپ، بۇ قاچىنى ئىچىدە سۈيى بولغان يوغانراق قاچىغا سېلىپ (مانا بۇ سۇ مۇنچىسى دېيىلىدۇ). ئاستا ئوتتا قىزدۇرۇپ، يېلىم تەكشى ئېرىگەندىن كېيىن ئىشلىتىلىدۇ. ئەگەر يېلىمنى سۇ مۇنچىسىدا قىزدۇرماي ئوتتا بىۋاستە قىزدۇرسا، يېلىم ئېرىمەيلا پارلىنىپ (سۇبلىماتسىيەلىنىپ) كېتىدۇ ـ دە، ئۇنىڭ چاپلاشتۇرۇش رولى بولمايدۇ.

**2. بۇقۇسا**

مەهمۇد كاشغەرىي «ساپان» (1 ـ توم، 523 ـ بەت) قوش دېگەن سۆزدىن چىقىپ، «ساپان» دېگەن سۆزنى، «تېرىقچىلىق»، «يەر تېرىش» دەپ ئىزاهلىغان. ئېتىز خۇددى هازىرقىدەكلا «بۇقۇسا» (1 ـ توم، 73 ـ بەت) بىلەن ئاغدۇرۇلىدىغانلىقىدىن خەۋەر بەرگەن. «دىۋان»دا يېزىلغانلىرىغا قارىغاندا «ساپان» دېھقانچىلىق سايمىنى دېگەن مەنىنى بىلدۈرۈپلا قالماي، يەنە «تېرىقچىلىق» (1 ـ توم، 523 ـ بەت) دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدىكەن. ئەينى ۋاقىتتا «ساپان ۋاقتىدا پۇختىلىق بولسا، خامان ۋاقتىدا جاڭجال بولماس» دېگەن بىر ماقالىنىڭ بارلىقىدىن خەۋەر بەرگەن. ئېتىزلارنى ھەيدەش «ساپانلىماق» (3 ـ توم، 468 ـ بەت) دېيىلەتتى. لېكىن «دىۋان»دا يەر ھەيدەش ھەققىدە توختىلىپ «ئۇ يەر ھەيدىدى» (1 ـ توم، 293 ـ بەت) دەپ يازغىنىدىن قارىغاندا، ئەينى ۋاقىتتا يەرنى «بۇقۇس» (1 ـ توم، 73 ـ بەت) بىلەن يەر ئاغدۇراتتى.

يەرنى ئاغدۇرۇشتا ئىشلىتىلىدىغان ساپاننىڭ ئۇچىدىكى تۆمۈر «تىش» (3 ـ توم، 173 ـ بەت) ۋە ياغاچ ساپان،

«بۇقۇسا» (3 ـ توم، 333 ـ بەت) دېيىلەتتى. ساپانغا ئۇلاغ-
لارنى قوشقاندا ھازىرقىدەك «بويۇنتۇرۇق» سىياچىك (3 ـ
توم، 247 ـ بەت) ئىشلىتىلەتتى. ئۇلاغنى ھارۋا ياكى سۆ-
رەمگە قوشقاندىمۇ شۇلارنى ئىشلىتەتتى. ئۇلاغنى ھارۋا،
سۆرەم، ساپاننىڭ ئوقىغا قوشقاندىمۇ ياخشى ئۆرۈلگەن
كۇلا (چىغ ياكى چىغىرتماقتىن تولىنىدۇ) ۋە «قىيىش» (3 ـ
توم، 15 ـ بەت) دېيىلىدىغان كۆندىن قىيۋېلىنغان تاسما،
يىپتىن توقۇلغان كاشا ئىشلىتىلەتتى.

شىنجاڭدىكى قەدىمكى ئىزلارنى تەكشۈرۈشكە ئا-
ساسلانغاندا تۈركىي خەلقلەر ئەڭ كېيىن دېگەندىمۇ مىلا-
دىيەدىن ئىلگىرىكى 3 ـ، 4 ـ ئەسىرلەردە ياغاچ كۈرەك
بىلەن يەر ئاغدۇرۇپ كەلگەن بولسا، مىلادىيەدىن ئىلگى-
رىكى 2 ـ ئەسىرلەردىن بۇرۇنراق ياغاچ بۇقۇسا، مىلادىيە
5 ـ، 6 ـ ئەسىرلەردە بۇقۇسىنىڭ چىشىنى قۇيۇپ چىش
بۇقۇس ئىشلىتىكەنلىكى، مىلادى 13 ـ ئەسىرلەردە بولسا
رەسمىي تۆمۈر ساپان ئىشلىتىكەنلىكى مەلۇم بولدى. سۇ-
غىرىشقا، باشقۇرۇشقا ئاسان بولسۇن ئۈچۈن ئوتتۇرا ئە-
سىرلەردىمۇ يەرلەرنى ئېتىز ـ ئېتىزلارغا بۆلۈپ تېرىقچىلىق
قىلاتتى. 11 ـ ئەسىرلەردە بۇنى «يەر ئېتىزلاندى» (1 ـ توم،
384 ـ بەت) دېيىشەتتى.

### 3. ھارۋا

ھارۋا يارىيار ھارۋا ۋە كۆتەك ھارۋا دەپ ئىككى
خىلغا ئايرىلىدۇ. قول غالتىكىمۇ ھارۋىنىڭ بىر خىلى. «دى-
ۋان»دا كالا ياكى ئات سۆرەيدىغان ھارۋىنى «كۆتەك
ھارۋا» (3 ـ توم، 517 ـ بەت). ئۈستىگە ئېغىر يۈك بېسىلى-
دىغان ھارۋا دەپ ئىزاھلىغان بولسا، مەھمۇد كاشغەرىي
«دىۋان»دا «چىغىرىق» دېيىلىدۇ. «ھارۋا چاقى» (1 ـ
توم، 549 ـ بەت). چاقپەلەك، يىپەك ئېگىرىدىغان چاق ۋە
شۇنىڭغا ئوخشاش غالتەكلەرمۇ مۇشۇنداق دېيىلىدۇ دەپ
چۈشەندۈرگەن.

ھارۋا ياساش يۇقىرى تېخنىكا تەلەپ قىلىدىغان بىر
خىل ھۈنەر بولۇپ، ئوق سولىنىدىغان بۇلىنى تېشىش،
ئۇنىڭ شادىلىرى بۇلىغا قاراپ سۆگەت ياغىچىدىن پەركا
بېكىتىش، ئاندىن شوتىلىرىنى ياساشتا تارىختا «قاڭقىللار»
دەپ نام ئالغان ئېگىز ھارۋىلىقلار ئەينى ۋاقىتتا ھارۋا
ياساش، ھارۋا قېقىشنىڭ ئۇستىلىرى ئىدى. ئۇلار ھارۋا
بۇلىغا چويۇندىن قازان بېكىتىش، ئوقنىڭ بۇلىغا كىرىپ
تۇرىدىغان قىسمىغا ھازىرقى زامان شارەكلىرىگە ئوخشاش
«توغرۇ» تۆمۈر زىخچە (1 ـ توم، 548 ـ بەت) قويۇشتەك
تېخنىكىلىق ھۈنەرلەرنى كەشىپ قىلغان. ئەگەر ھارۋا يارد-
ياسى مەلۇم قايدىن سۇنۇش ئېھتىمالى بولسا ياكى ئۇپراپ
كەتسە، ئۇ ھالدا ئۇ يەرگە «ئۇلتاڭ» (1 ـ توم، 157 ـ بەت)
قويۇلاتتى. ئاياغ چەمگىمۇ ئۇلتاڭ قويۇش ئومۇملاشقانى-
دى. گەرچە «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» ھارۋا قېقىش،
ھارۋا ياساش توغرىسىدا بىرەر ئۇچۇرغا ئېرىشەلمىگەن
بولساقمۇ، لېكىن تارىختا داڭقى كەتكەن بۈيۈك «قاڭقىل-
لار» (ئېگىز ھارۋىلىقلار) ئۇيغۇرلار ئىدى.

### 4. تۈگمەن

1990 ـ يىللىرىدىكى ئارخېئولوگىيەلىك تەكشۈرۈشتە،
كەلپىن ناھىيەسى كەلپىن بازىرىنىڭ تەخمىنەن 10 كىلومې-
تىر غەربىگە جايلاشقان چۇدايىنىڭ خارابىسىدىن مىلادىيە
5 ـ، 7 ـ ئەسىرلەرگە تەۋە بولغان بىر دانە سۇنۇق يارغۇن-
چاقنىڭ تېپىلىشى، يەنە شۇ يىلى كەلپىن ناھىيەسى ئاچال
يېزىسىنىڭ تەخمىنەن يەتتە كىلومېتىر شەرقىي جەنۇبىدىكى
يايدى تىم خارابىسىدىن مىلادىيە 5 ـ، 7 ـ ئەسىرلەرگە
تەۋە، يۈزىدە ئېرىقچىلىرى، ئوتتۇرىسىدا تۆشۈكى بولغان
بىر دانە تۈگمەن تېشىنىڭ تېپىلىشى ۋە شۇ يىلى ئاقسۇ
ئونسۇ ناھىيەسى ئىشلەمچى يېزىسىنىڭ تەخمىنەن بەش كى-
لومېتىر غەربىگە جايلاشقان قايغۇ خارابىسىدىن مىلادىيە
3 ـ، 7 ـ ئەسىرلەرگە تەۋە بولغان تاش يارغۇنچاقلارنىڭ
تېپىلىشى شىنجاڭدا سۇ تۈگمىنى ئەڭ كېيىن دېگەندىمۇ مى-
لادىيە 5 ـ ئەسىرلەردە بار ئىدى.

تۈگمەن ئوتتۇرا ئەسىرلەردىن بۇرۇنلا خەلق



تۇرمۇشىدا خېلى مۇھىم ئورۇندا تۇراتتى. ئۇن تارتىشتىن بۇرۇن ئۇيغۇرلار بۇغداينى ئۇگۈت ئېتەتتى. مەھمۇد كاشغەرىي «تارتتۇردى» دېگەن سۆزدىن چىقىپ، «ئۇ بۇغداي تارتتۇردى» باشقا نەرسىلەردىن ئۇن تارتىشقىمۇ مۇشۇ سۆز ئىشلىتىلىدۇ دەپ يازىدۇ. «تارتتۇردى» (1-توم، 285-بەت) ياكى «ئۇگۈت ئەتتى» (3-توم، 348-بەت). ئۇن تارتتى دەپمۇ ئاتىشاتتى. مەھمۇد كاشغەرىي بىرسىنىڭ ئۇن تارتتۇرۇش خىيالىنىڭ بارلىقى ھەققىدە توختىلىپ: «ئۇنىڭ بۇغداينى ئۇن تارتتۇرغۇسى كەلدى» (1-توم، 397-بەت) دەپ يازغىنىدىن قارىغاندا، ئەينى ۋاقىتتا ئۇن تارتماقچى بولسا ئالدىن تەييارلىق قىلىدىغانلىقىنى، ئادەمنىڭ بۇغدايدىن ئۇگۈت (بۇغدايغا غەلۋىر سېلىپ، قارىمۇق، چارلىرىنى تازىلىۋېتىش ئۇگۈت ئېتىش دېيىلىدۇ) ئېتىدىغانلىقىدىن، ئەينى ۋاقىتتا ئۇن تارتىش تۇرمۇشنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى ئىكەنلىكىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ. «دىۋان»دا «تۈگمەن»، «چاق»لار ھەققىدە شۇنچە كۆپ توختالغىنىدىن قارىغاندا، ئوتتۇرا ئەسىردە سۇ تۈگمىنى بار ئىدى، ئۇن تارتىدىغان بۇ قۇرۇلمىنى خۇددى ھازىرقىدەك «تۈگمەن» (3-توم، 364-بەت) دېيىشەتتى. «دىۋان»دا يېزىلغانلارغا ئاساسلانغاندا، تۈگمەن «نورى» (1-توم، 478-بەت)دىن چۈشكەن سۇ ئايلاندۇرىدىغان چاقنى ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش غالتەكلەرنى «تۈگمەن چاقى» (1-توم، 549-بەت) دېيىشسە، بۇ چاقپەلەك ئايلاندۇرىدىغان تۈگمەن تېشىنى «ئۈستى تاش» دېيىشەتتى.

تۈگمەن بۇغداي ۋە قوناقلارنى ئۇن قىلىدىغان ئاساسلىق ئۈسكۈنە بولۇپ، تۈگمەن تېشى ئاستىنقى تاش بىلەن ئۈستۈنكى تاشتىن تەشكىل تاپىدۇ. ئاستىدىكى تاش مۇقىملاشتۇرۇلۇپ، ئۇنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى تۆشۈكتىن چىقىپ تۇرغان ئوققا ئۈستىدىكى تاش كىيدۈرۈلىدۇ-دە، «تۈگمەن نورى» (1-نوم، 478-بەت)دىن تېز سۈرئەتتە چۈشۈۋاتقان سۇ چاقپەلەكنى ئايلاندۇرۇشى بىلەن ئۈستىدىكى تاشنى ئايلاندۇرىدۇ. تاش ئۇلۇغ يۆنىلىشتە ئايلىنىدۇ، ئۈستىدىكى تاش بىر ياغاچ قۇلاق ئۈستىگە ئولتۇرغۇزۇلىدۇ. ئۇنى يۇمشاق تارتىش توغرا كەلسە تۈگمەننىڭ ئۈستۈنكى تېشى قۇلاقنىڭ يارىدىمىدە بىرئاز تۆۋەنگە چۈشۈرۈلسە، يىرىك تارتىش توغرا كەلسە قۇلاقنىڭ يارىدىمىدە تاش بىرئاز كۆتۈرۈلىدۇ. بۇ ياغاچ قۇلاق «ئىتەگۈ» (1-توم، 184-بەت) دەپ ئاتالغان. بۇ ئىتەگۈنىڭ ئوتتۇرىسىدىن ئۆتكۈزۈلگەن ۋە ئۈستى تاش ئايلانغاندا، بۇغداينىڭ چەت-چۆرىلىرىگە چېچىلىپ كېتىشىنى توسىدىغان تۆمۈرنى «سۈۋەك» (1-توم، 505-بەت). (تۈگمەن گېنى، تۈگمەن تېشىنى چۆرگىلىتىدىغان تۆمۈر) دېيىشەتتى. تاشتىن خامپىغا چۈشكەن «يۇمشاق ئۇن» (3-توم، 54-بەت) ئاق ئۇن دېيىلەتتى. بۇغداينىڭ تۈگمەنگە ئازراقتىن چۈشۈپ تۇرۇشى ئۈچۈن، ئۈستى تاش ئايلانغاندا بۇغداينى بوشىتىپ تۇرىدىغان «چاقىلدۇرغۇچ» ئورنىتىلغان بولىدۇ. چاقىلدۇرغۇچنىڭ ئىنچىكە ئۇچى سۈكەنگە كىرىپ تۇرىدۇ-دە، تۈگمەن تېشىنىڭ چۆرۈلۈشىگە ئەگىشىپ بۇغداي سۈكەندىن ئاستا-ئاستا تۈگمەن قىنىغا چۈشۈپ، تۈگمەننىڭ ئايلىنىشىغا ئەگىشىپ ئۇن بولۇپ چۈشىدۇ.

مەھمۇد كاشغەرىي «دىۋان»نىڭ بىر يېرىدە «ئىتەكلىتىلدى» (2-توم، 179-بەت). «چىش چىقىرىلدى» «چەكتى» (3-توم، 364-بەت)، «ئىتتىنتى»، «تۈگمەن تېشىنى چەكتى» يەنى تۈگمەن تېشىنى چېكىپ، قىرلىرىنى ئىتتىنتى، دەپ ئىزاھلاش بىلەن بىللە «تۈگمەن» ئومۇمىي نام ئىكەنلىكىنى، ئىتتىكلىتىدىغىنى تۈگمەن ئەمەس، بەلكى تېشى دەپ چۈشەندۈرگەن. تۈگمەن تېشىنىڭ يۈزى سىلىقلىنىپ كەتكەن ۋاقىتتا تۈگمەنچىلەر ئۇنى «مېتىن» (2-توم، 418-بەت) دېيىلىدىغان ئۇچى ئۇچلۇق پولات بولقا بىلەن بول-بول چوقۇپ «چىلىلەتتى» (2-توم، 179-بەت). «دىۋان»دا «چەكتى» (3-توم، 364-بەت)، بىلىدى، دەپ يازغان. گەرچە «چېكىش»، «تۈگمەن تېشىنى چەكتى» (3-توم، 364-بەت) دەپ ئىزاھلاش ئارقىلىق تۈگمەن تېشىنى چېكىپ ئىتتىكلىتىدىغانلىقى توغرىسىدا مەلۇمات بەرگەن بولسىمۇ، ئەمما چېكىش ئۇسۇلى ۋە قانداق چېكىدىغانلىقى توغرىسىدا ئېنىق بىرەر سۆزنى ئۇچراتمىدۇق. لېكىن ئادەتتە تۈگمەن تېشىنى چەككەن ۋاقىتتا، ئالدى بىلەن چۈشۈرگەندىن سۇنى چۈشۈرۈۋېتىپ، ئاندىن ئۈستى تاشنى بوشىتىپ ئېلىپ، تۈز يەردە قويۇپ، يول-يول بويىچە مېتىن بىلەن چېكىلىدۇ، چېكىشمۇ بەلگىلىك قانۇنىيەتكە ئىگە.

ئوتتۇرا ئەسىردە خۇددى ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 70-، 80-يىللىرىدىكىدەك گۈرۈچ ئاقلاش سوقىلىرى بار ئىدى. چوڭراق بولغان گۈرۈچ ئاقلاش سوقىلىرىنىڭ سوقىسى خۇددى سۇ تۈگمىنىدەك سۇ بىلەن ھەيدىلەتتى، خۇددى كۆتەك يارغاندەك ئاۋاز چىقىرىپ گۈرۈچ ئاقلايتتى.

(ئاپتور: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدىن)



# پەرھىزلەرنىڭ بالىلار تەربىيىسىدىكى رولى توغرىسىدا

**ھەزرەتئەلى ئابدۇكېرىم**

ھەر بىر مىللەتنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشىدا يامان ئېلىنىدىغان قىلمىش-ئادەتلىرى بولىدۇ، ئەمما ئۇنىڭ ئىپادىسى ھەر خىل. ئۇيغۇرلارنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشىدا بىر قىسىم ئادەتلەر «يامان بولىدۇ» دېگەن پەرھىز-ئەقىدە ئادەتلىرى بويىچە چەكلىنىپ كەلگەن. ئۇيغۇرلاردا «يامان بولىدۇ» دېگەن ئىبارىنى ئىشلىتىپ «پەرھىز» مەنىسىنى ئىپادىلەيدىغان ئادەت بار.

«يامان بولىدۇ» دېگەنلىك، «مۇنداق قىلساڭ (مەلۇم نەرسىگە چېقىلساڭ، قارىساڭ، تۇتساڭ، يېقىنلاشساڭ، سۆزلىسەڭ، ئويلىساڭ...) ساڭا خەيرلىك ئاقىۋەت كەلمەيدۇ، بەلكى شۇم ۋە يامان ئاقىۋەتلەرگە گىرىپتار بولىسەن» دېگەنلىكتۇر. بۇ سۆز ناھايىتى زور دەرىجىدە ئومۇملاشتۇرۇش خاراكتېرىگە ئىگە بولۇپ، مەيلى دىن دائىرىسىدە بولسۇن ياكى رېئال تۇرمۇشتىكى ئادەتتىكى خۇراپىي ئادەتلەر دائىرىسىدە بولسۇن ۋە ياكى ئەخلاق مەسىلىلىرىدە بولسۇن كەڭ ئىشلىتىلىدۇ. بۇنىڭدىكى يامان سۆزى ھەرقاچان كىشىلەرگە شۇملۇق ئاپەت، خەتەر، گۇناھ، يامان ئاقىۋەت قاتارلىق ئەھۋاللارنى ئەسلىتىپ تۇرىدۇ.

«پەرھىز» سۆزىنىڭ ئىستېمالىمىزدىكى مەنىسى «سالامەتلىككە تەسىر كۆرسىتىدىغان، زىيان قىلىدىغان يېمەكلىكلەردىن، ئىچىملىكلەردىن ۋاقىتىنچە ئۆزىنى تارتىش ۋە ئىستېمال قىلماسلىق» مەنىسىدە تېبابەت ئىلمىدە كۆپرەك قوللىنىلىسىمۇ، ئەمما ئۇ بەنە كۆچمە مەنىدىمۇ قوللىنىلىدۇ. كۆچمە مەنىدە بۇ ئاتالغۇ «پەرھىز» سۆزى بىلەن ئۇدۇل كېلىدۇ. قىسقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، ئۇ كىشىلەرنىڭ قىلىشى چەكلەنگەن بارلىق ئىش ۋە ئەمەللەر، جۈملىدىن، ئىدىيە، ھەرىكەت، گەپ-سۆز، يېمەك-ئىچمەك، يۈرۈش-تۇرۇش قاتارلىق كۈندىلىك تۇرمۇش ساھەسىدىكى نورمال بولمىغان، پاك بولمىغان، ساغلام بولمىغان ھەرىكەت ۋە قىلىقلارنى كۆرسىتىدۇ.

**بىرىنچى، پەرھىزنىڭ كېلىپ چىقىش سەۋەبى ۋە ئۇنىڭ دىن بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى**

«پەرھىزلەرنىڭ كېلىپ چىقىشىدىن قارىغاندا، ئۇ قەدىمىي بولغان بىر خىل مەدەنىيەت ھادىسىسى بولۇپ، ئىنسانلار مۇئەييەن ئىجتىمائىيلىقنى شەكىللەندۈرگەندىن

كېيىن بارلىققا كەلگەن. ئىلاھ قارىشىنىڭ يېتەكچىلىكىدە
مەيدانغا چىققان. ئىپتىدائىي ئىنسانلارنىڭ «روھ» قارىشى
نەتىجىسىدە شەكىللەنگەن دىنىي مۇراسىملار، مۇرەككەپ
پسىخىك ھالەتلىرى چوڭقۇر رول ئوينىغان، پەرھىز ئۆز
ئىچىگە ئالغان بارلىق تىلسىز بولغان بۇيرۇقلار گەرچە
زامان، ماكان شارائىتقا ئەگىشىپ نۇرغۇنلىغان ئۆزگىرىش-
لەرنى ھاسىل قىلسىمۇ، ئەمما پەرھىزنىڭ پەيدا بولۇشىدا
روھنىڭ غەزەپلىنىپ قېلىشىدىن ساقلىنىشتەك ئىدىيەۋى
قاراش ئالاھىدە مۇھىم رول ئوينىغان. ① دېمەك،
بارلىق پەرھىزلەر ئىنسانلارنىڭ تەبىئەت، جەمئىيەت ۋە
ئادەم ھەققىدىكى تونۇشىنىڭ كەمچىل ۋە بىر تەرەپلىمە
بولۇشى، روھنىڭ ئۆلمەيدىغانلىقى توغرىسىدىكى قارىشى
ۋە پۈتۈن مەۋجۇداتتا روھ بولىدۇ، دېگەن ئانىمىستىك قا-
رىشىدىن باشقا، تېخىمۇ مۇھىمى، ھەرقايسى مىللەت ۋە
قوۋملارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ دىنىي ئېتىقادى، جۇغراپىيەلىك
مۇھىت شارائىتى، ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش شەكلى ۋە
مىللىي مەدەنىيەت ئەنئەنىسى قاتارلىق ئامىللار سەۋەبى-
دىن شەكىللەنگەن، بولۇپمۇ ئۇنىڭ دىنىي تۈسىنىڭ قويۇق
بولۇشى سەۋەبىدىن كىشىلەر ئۇنىڭغا ئاڭلىق بويسۇنۇپ،
تا بۈگۈنگىچە داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەن.

تېگى-تەكتىدىن قارىغاندا، پەرھىزلەر ئۇيغۇرلار تا-
رىخىدا ئېتىقاد قىلغان دىنلار بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك
بولۇپ، كىشىلەرنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇش پائالىيەتلىرى،
ئۆرپ-ئادەتلىرى، قائىدە-يوسۇنلىرى ۋە شۇنىڭ ئىچى-
دىكى بىر قاتار پەرھىز ئۆلچەملىرىدە تېپىك كۆرۈلىدۇ.
بىر قاتار پەرھىزلىرىمىز ئىلگىرى ئاتا-بوۋىلىرىمىز ئېتىقاد
قىلغان دىنىي ۋە باشقا دىنلارنى مەنبە قىلغان ئاساستا شە-
كىللەنگەن بولۇپ، ئۇنىڭدا خۇراپاتلىق ئامىللىرىمۇ،
ئىلمىي تەجرىبىۋى تەركىبلەرمۇ، قىزىقارلىق ئىشەنچ ئەقى-
دىلەرمۇ ۋە ھەرقايسى دىنلاردىكى چەكلىمىلەرمۇ بار.

ئۇيغۇرلار ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىشتىن ئىلگىرى
نۇرغۇنلىغان دىنلارغا ئېتىقاد قىلغان بولۇپ، ئوخشىمىغان
دىنلارنى قوبۇل قىلىش جەريانىدا ئوخشىمىغان تۇرمۇش
ئۆرپ-ئادىتى ۋە پەرھىزلەر شەكىللەنگەن، شۇنداقلا ھەر
قايسى دەۋرلەردىكى پەرھىزلەرنىڭ ئوبيېكتلىرى كېڭەي-
گەن، ئۆزگەرگەن. جۈملىدىن، ئوخشىمىغان دىنلارغا ئى-
شىنىش نەتىجىسىدە خەۋپ-خەتەر ئېلىپ كېلىدۇ، دەپ قا-
رالغان بارلىق ئىش-ھەرىكەتلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش
ئۈچۈن، بۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك بولغان پەرھىز ھالەتلىرى
شەكىللەنگەن. مۇشۇ پەرھىزلەر ئىچىدە تەجرىبە خاراكتېر-
لىك كىشىلەرگە ئۈلگە بولىدىغان پەرھىزلىرىمىزمۇ ئۇچراي-
دۇ. بۇنى نوقۇل ھالدا مەلۇم دىنغىلا تەئەللۇق دەپ قا-
رىغىلى بولمايدۇ. چۈنكى، بىز يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتكىنى-
مىزدەك، ئۇيغۇرلار ئىسلام دىنىدىن باشقا دىنلارغىمۇ ئې-
تىقاد قىلغان بولۇپ، ھەرقايسى دىنلارنى قوبۇل قىلىش
جەريانىدا ئوخشىمىغان پەرھىز ھالەتلىرى شەكىللەنگەن
ھەمدە مۇشۇ پەرھىزلەردە ئۆتۈشۈش ۋە ئالمىشىش ھەم
ئېنىقسىزلىق مەۋجۇت، شۇڭا ئۇلارنى بىر دىنغىلا تەۋە
دەپ قاراشقا بولمايدۇ.

ئۇيغۇر خەلقى مول مەزمۇن ۋە مىللىي ئالاھىدىلىك-
كە ئىگە بىر قاتار ئۆرپ-ئادەتلەرنى بارلىققا كەلتۈرۈش
بىلەن بىللە، بۇ ئۆرپ-ئادەتلەرنى مەنىۋى جەھەتتىن تو-
لۇقلايدىغان «يامان بولىدۇ» قارىشىنى پەيدا قىلىپ،
ئۇنى ئەۋلادتىن-ئەۋلادقا داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەن. بىراق
«يامان بولىدۇ» سۆزى تىلغا ئېلىنسىلا، بەزىلەر دەرھاللا
ئۇنى خۇراپىي قاراش دەپ ھۆكۈم چىقىرىدۇ. «يامان بو-
لىدۇ» راستتىنلا «خۇراپىي قاراش» ياكى ئەمەسلىكىگە
ھۆكۈم قىلىشتا، بىز پەرھىزلەرنى بىر-بىرلەپ تەھلىل
قىلساق، قانچىلىكىنىڭ پايدىلىق ئىكەنلىكىنى، ئىلمىي كۆز
قاراش ئىكەنلىكىنى، قانچىلىكىنىڭ خۇراپىي قاراش ئىكەنلى-
كىنى، قانچىلىكىنىڭ نادانلىق ياكى فېئوداللىق جەمئىيەتنىڭ
مەھسۇلى ئىكەنلىكىنى ئېنىق ئايرىۋالالايمىز ۋە توغرا
يەكۈن چىقىرالايمىز.

«نۇرغۇن خەلق پەرھىزلىرى باركى، كىشىلەرنىڭ
ئۇلارنى دىنغا باغلاپ ئالدىراپلا خۇراپاتلىق قالپىقىنى كىي-
گۈزۈشى ئالدىراقسانلىق بولۇپ ھېسابلىنىدۇ، خۇراپىي
پەرھىزلەرنى ئىنساننىڭ چەكلىك قۇۋۋىتى ۋە ئىپتىدائىي
دەۋردىن قالغان تەپەككۇر ئۇسۇلىدىن كۆرۈش كېرەككى،
ئۇلارنى بىرەر دىنغا باغلاپ خۇراپىي دەپ قاراش ھەر-
گىزمۇ ئىلمىي ھۆكۈم ھېسابلانمايدۇ. ئىشىنىمىزكى، كىشى-
لىرىمىزنىڭ ئاڭ سەۋىيەسىنىڭ ئېشىشىغا، مىللىي مەدەنىيىتى-
نىڭ ئىلغار تەرەپكە بولغان ئېتىراپ تۇيغۇسىنىڭ كۈچىيى-
شىگە ئەگىشىپ، نۇرغۇن پەرھىزلىك ئادەتلەرنىڭ ئەمەلى-
يەتتە مىللەت خاراكتېرىنىڭ مۇھىم مەزمۇنى، مىللەت ئەخ-
لاقىنىڭ مۇھىم كاپالىتى ئىكەنلىكىنى تەدرىجىي بايقىشى
مۇمكىن، شۇڭا ئۇلارنى بىر يولىلا خۇراپىيلىق تۈسى بويىچە

چەتكە قېقىشقا بولمايدۇ.» ②

پەرھىزلەر ئەجدادلىرىمىزنىڭ ھەر بىر ئىش-ھەرىكەتتىكى بولغۇسى ناچار ئىللەت خاھىشىنىڭ ۋە ئۆزىگە، باشقىلارغا، پەرزەنتلەرگە زىيان-زەخمەت يەتكۈزىدىغان، سالامەتلىكىگە زىيان يەتكۈزىدىغان، مۇھىتنى بۇلغايدىغان ھادىسىلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن قوللانغان بىر خىل ئۇسۇل بولۇپ، بۇ خىل ئۇسۇلنى تەڭرىگە ياكى دىنىي ئېتىقادنىڭ كۈچىگە باغلاپ خىتاب قىلغانلىقى ئۆز تەجرىبىلىرىنى، مەقسىتىنى سىرلىقلاشتۇرۇپ «يامان بولىدۇ» دەپ ئىپادىلىگەنلىكىدىن ئىبارەت، شۇنداقلا «يامان بولىدۇ» قارىشىدا ئەجدادلىرىمىز ئېتىقاد قىلغان دىنلارنىڭ، بولۇپمۇ پانتېزملىق چۈشەنچىنىڭ تەسىرى بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە بۇ قاراشلار دىنىي ئەقىدىدىن كۆرە، ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئەمگەك، تۇرمۇش، ئالاقە جەريانىدا توپلىغان تەجرىبىلىرى، بىلىملىرى ۋە ئەخلاق قارىشى، تۇرمۇش قارىشى، بولۇپمۇ مىللىي پسىخىكىسى «يامان بولىدۇ» ئارقىلىق ئىپادە قىلىنغانلىقىدىن باشقا نەرسە ئەمەس. بۇ خىل قاراش بىزگە ئەجدادلىرىمىزنىڭ ياخشى ئارزۇسىنى، بىرلىك، ئىتتىپاقلىقنى مۇھىم بىلىدىغان، ساختىلىق، رەزىللىكنى يامان كۆرىدىغان مىجەز-خۇلقىنى كۆرسىتىپ بەرگەن. مانا بۇلار پەرھىزلەرنىڭ ھەقىقىي ماھىيىتى ۋە ئىدىيە مەنبەسىدىن ئىبارەت.

خەلق ئارىسىدا «يامان بولىدۇ» دېگەن ئۇمۇمىي خەلق بىلىدىغان بىر پەرھىز بولۇپ، بۇ پەرھىز بىرەر كىم يامان ئىشنى قىلماقچى بولسا ياكى قىلسا، باشقىلار ئۇ ئادەمنى شۇ ناتوغرا ئىشتىن «يامان بولىدۇ» دېيىش ئارقىلىق توسىدۇ. «يامان بولىدۇ» دېگەن سۆزنى ئاڭلىغان ھەرقانداق ئادەم ھەرقانچە بىپەرۋا بولسىمۇ، سەل ئەندىكىدۇ-دە، ئۆزىنى شۇ ئىشتىن دەرھال توسىدۇ. بۇ ئۇزاق دەۋرلەردىن بۇيان كىشىلەرنىڭ روھىي دۇنياسىغا سىڭىپ كەتكەن ئىبرەتلىك ئىبارە بولۇپ، ئەخلاق ئۆلچىمىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن، تۇرمۇشىمىزنىڭ ھەممە ساھەلىرىدە تەبىئىي يوسۇندا رەسمىيلەشكەن ئەدەپ-يوسۇنلىرىمىز بار بولۇپ، بۇلار يۈرۈش-تۇرۇش ئەدەپلىرى، ئولتۇرۇش-قوپۇش ئەدەپلىرى، مۇئامىلە ئەدەپلىرى، يېمەك-ئىچمەك ئەدەپلىرى، كىيىم-كېچەك ئەدەپلىرى دېگەنلەردەك.

كىشىلەر بىلىپ بىلمەي ئەنئەنىمىزگە، ئۆرپ-ئادىتىمىزگە يات ھەرىكەت قىلىقلارنى، گەپ-سۆزلەرنى قىلىپ قالسا، «يامان بولىدۇ» دېيىش بىلەن توسىدۇ. شۇڭا «يامان بولىدۇ» ئىبارىسى كىشىلەرنى سەت قىلىق، يامان ئىشلاردىن چەكلەپ، ئەدەپكە چاقىرىشنىڭ ئۈنۈملۈك ۋاسىتىلىرىدىن بىرى بولۇپ كەلگەن. بۇ خىل پائالىيەتلەر تۇرمۇشىمىزدا ھېلىھەم ساقلىنىپ كېلىۋاتىدۇ. مەسىلەن، «سۇغا سىيسە يامان بولىدۇ»، «سۇغا يۈندى تۆكسە، تۈكۈرسە يامان بولىدۇ»، «قىبلىگە پۇتنى قىلىپ ياتسا يامان بولىدۇ»، «تاماق ۋاقتىدا گەپ قىلسا، كۈلسە يامان بولىدۇ»، «بوسۇغىدا ئولتۇرسا يامان بولىدۇ»... قاتارلىقلار. مۇنداق يامان بولىدىغان ئىشلار تۇرمۇشىمىزدا ناھايىتى كۆپ. بۇ ئىبارە ئادەملەرنى ئەدەپ-يوسۇنلۇق بولۇشقا ئۈندەشتە ئەجايىب رول ئوينايدۇ. پەرھىز ئىجتىمائىي تۇرمۇشىمىزدىكى ئۆرپ-ئادەت، قائىدە-يوسۇنلار بىلەن زىچ بىرلىشىپ كەتكەن بولۇپ، ئۇيغۇر ئۆرپ-ئادەتلىرى سىستېمىسىنىڭ ھەر بىر تارمىقىغا نەزەر سالىدىغان بولساق، ھەر بىر ئۆرپ-ئادەتنىڭ ئۆزىگە خاس مۇناسىپ پەرھىزلىرى بارلىقىنى ھېس قىلىمىز، بۇلار ئۇيغۇرلار تۇرمۇشىدا ئاكتىپ رول ئويناپ كەلمەكتە.

دەرۋەقە، ئەخلاق تەربىيەسى بىر مىللەتنىڭ يەرلىك ۋە مىللىي ئۆرپ-ئادەت ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن چەمبەرچاس باغلىنىپ كەلگەن بولىدۇ. ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ دىنىي، مۇراسىم يوسۇنلىرى، پەرھىز ۋە چەكلىمىلىرى، رېئال تۇرمۇشتىكى كۈندىلىك پائالىيەتلىرىدە كۈچلۈك، كونكرېت ۋە ئەمەلىي قوللىنىشچانلىقى ئەخلاقىي تەربىيە مەزمۇنلىرى بار بولغان بولىدۇ. مەسىلەن، سالاملىشىش قائىدىلىرى، كىشىلىك مۇناسىۋەت قائىدىلىرى، يېمەك-ئىچمەك، كىيىم-كېچەك ئادەتلىرى، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئۆرپ-ئادەت مەدەنىيىتىنى ئاساس قىلغان ھالدا ئېلىپ بېرىلىدىغان بولغاچقا، بۇنىڭ ئىچىدىكى بىر قىسىم پەرھىزلەر بالىلارنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشى ۋە قوبۇل قىلىشىغا مۇئەييەن تەسىرلەرنى ئېلىپ كېلىدۇ.

**ئىككىنچى، خەلق پەرھىزلىرىنىڭ بالىلار تەربىيەسىدىكى رولى**

ئۇيغۇرلارنىڭ پەرزەنت تەربىيەسىدىكى بىر ئالاھىدىلىك ۋە ياخشى ئەنئەنە شۇكى، پەرزەنتلەرگە كىچىكدىن باشلاپ باشقىلار بىلەن بولغان سالام-سەھەت، چوڭلارنى ھۆرمەتلەشتەك تۈرلۈك قائىدىلەرنى، مېھماندارچىلىق سورۇنلىرىدىكى ئەدەپ-قائىدە ۋە تازىلىقنى سۆيۈشتەك

ياخشى پەزىلەتنى ئۆگىنىدۇ. مۇشۇ جەرياندا يۇقىرىدا ئېي-
تىلغان قائىدە-يوسۇنلارغا خىلاپ بولغان ھەرىكەت ۋە
گەپ-سۆزلەر بىلەن شۇغۇللانغاندا ئۇلارنىڭ يۇقىرىقى
ھەرىكىتىنى چەكلەش ۋە ئۇنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن
دىنىي ئەقىدە بويىچە «يامان بولىدۇ» چەكلىمىسىنى
قويغان. بۇ «يامان بولىدۇ» ئىبارىسىنى باللار ئاڭلىغان
ھامان، شۇ ھەرىكەتتىن توختايدۇ ۋە ئۇنىڭ سەۋەبىنى بى-
لىشكە ئۇرۇنىدۇ. بۇ جەرياندا «يامان بولىدۇ»لار بال-
لارغا نىسبەتەن ئاكتىپ ۋە پاسسىپ تەسىر كۆرسىتىدۇ.
ئاكتىپ رولى بولسا، باللارنىڭ يامان ئادەت، ھەرىكەت،
گەپ-سۆز، خۇلقلىرىنى، ئۇلارنى ئەدەپ-ئەخلاقلىق، قا-
ئىدە-يوسۇنلۇق قىلىپ تەربىيەلەشتە تەسىرى ناھايىتى
زور. پاسسىپ تەسىرى دېگەندە، ئاتا-ئانىلار باللىرىنىڭ
شۇغۇللىنىۋاتقان ھەرىكىتى ۋە قىلىۋاتقان گەپ-سۆزلىرىنى
كۆرگەندە ياكى ئاڭلىغاندا، «يامان بولىدۇ» دېيىش ئار-
قىلىق ئۇلارنىڭ ھەرىكىتىنى چۈشەپ قويىدۇ، شۇڭا ئۇلار
بۇنىڭ ئىچىدىكى چەكلەشكە تېگىشلىكلىرىنى چەكلەش
كېرەك، چەكلىمەسلىككە تېگىشلىك بولغانلىرىغا قارىتا
توغرا چۈشەندۈرۈش ئېلىپ بېرىش ۋە ئۇلارنىڭ كاللىسى-
دا ئايدىڭلاشتۇرۇپ قويۇش كېرەك، ھەرگىزمۇ ئۇلارنى
چۈشەپ قويىدىغان، ئەركىن پائالىيەت ئېلىپ بېرىشقا تو-
سالغۇ بولىدىغان پەرھىزلەردىن ساقلىنىش كېرەك. ئەمما
شۇنىمۇ كۆرسىتىپ ئۆتۈش كېرەككى، بۇنىڭلىق بىلەن
خەلق پەرھىزلىرىنىڭ ئاكتىپ تەرەپلىرىنى يوققا چىقىرىۋې-
تىشكە بولمايدۇ. بىزنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىمىزدا كىشى-
لەرنى ياخشى يولغا باشلايدىغان، ئەخلاقلىق، غايىلىك،
ئىقتىسادچىل بولۇشقا چاقىرىدىغان مەزمۇندىكى پەرھىزلەر
ئىنتايىن كۆپ. مەسىلەن، «كىشىلەر ماڭىدىغان يولغا،
ئىشىك ئالدىغا يۇندى تۆكسە يامان بولىدۇ»، «باشقىلار-
نىڭ غەيۋىتىنى قىلسا يامان بولىدۇ»، «ئادەم كۆپ يەردە
تىرناق ئالسا، بۇرنىنى تاشلىسا يامان بولىدۇ»، «كېچىدە
كۆل تۆكسە يامان بولىدۇ» دېگەنگە ئوخشاشلار، بۇلار
ئەمەلىيەتتە ئۇيغۇر خەلقىنىڭ پسىخىكىسىغا چوڭقۇر سىڭىپ
كىرىپ، گۈزەل ئەنئەنىلەرنى شەكىللەندۈرگەن.

پەرزەنت تەربىيەسى ئۈچۈن ئورتاق بولغان قېلىپ
ۋە ئۆلچەم بولغان ئەمەس. شۇڭا، ئۇيغۇرلار ئائىلىدە
پەرزەنتلىرىنى تەربىيەلەشتە ئىلمىي تەربىيە ئۇسۇلى بىلەن
دىنىي تەربىيە ئۇسۇلىنى بىرلەشتۈرۈپ تۇرۇپ، پەرزەنتلە-
رىنى ھەرقايسى جەھەتلەردىن ئەتراپلىق تەربىيەلەشكە
كۈچ چىقىرىپ كەلگەن. تۆۋەندە پەرھىزلەرنىڭ باللارنى
كۆپ تەرەپلىمە جەھەتتىن تەربىيەگە ئىگە قىلىشى ۋە
ئۇنىڭ رولى ئۈستىدە توختىلىمىز:

1) پەرھىزلەرنىڭ ئەخلاق تەربىيەسىدىكى رولى

پەرزەنتلەر تۇغۇلغان ھامان قويۇق مىللىي پۇراق ۋە
ئۇسلۇبقا ئىگە قائىدە-يوسۇنلار ئىچىگە تۇغۇلىدۇ. ئاڭ-
لايدىغان، كۆرىدىغانلىرى ئېسىل ئەخلاقىي ئۆگۈت-نەسى-
ھەتلەر بولىدۇ. ئاتا-ئانىلار چەكلىمە بەلگىلەش، نەسىھەت
سۆزلەش، ياخشى-ياماننى دەلىل-ئىسپاتلار ئارقىلىق
ئايرىش، ھەتتاكى «يامان بولىدۇ»دىن ئىبارەت قورقۇ-
تۇش شەكىللىرىدە تەربىيە ئىشلەپ، ئۇلاردا ئېسىل ئەخلا-
قىي پەزىلەتلەرنى يارىتىدۇ. ئۇيغۇر خەلقى ئەدەپ-ئەخ-
لاقنى بەك قەدىرلەيدۇ ۋە ئەدەپ-ئەخلاققا بەك ئېتىبار
بىلەن قارايدۇ، شۇڭا پەرزەنتلەرگە بېرىلىدىغان ئەخلاق
تەربىيەسىنى ئائىلە ئۈستىگە ئېلىشقا تېگىشلىك ئەڭ مۇھىم
تەربىيە شەكلى دەپ قارايدۇ. ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە پەر-
زەنتلەرنىڭ تەربىيە كۆرگەن ياكى كۆرمىگەنلىكىنى ئۆل-
چەشتە، بىلىملىك ياكى بىلىمسىز بولۇشىدىنمۇ كۆرە
ئەخلاق-پەزىلەت جەھەتتىكى تەلەپنى يۇقىرىراق ئورۇنغا
قويىدۇ. چۈنكى، كىشىلىك مۇناسىۋەت جەريانىدا ئەڭ
روشەن ۋە گەۋدىلىك ئىپادىلىنىپ تۇرىدىغىنى ھەر بىر ئا-
دەمنىڭ پەزىلىتى. شۇڭا ئاتا-ئانىلار ئائىلىدە باللارنى
كىچىكىدىن باشلاپلا ئەدەپكە ئۆگىتىشى، ئۇلاردا پەزىلەت
يېتىلدۈرۈشى كېرەك. ئاتا-ئانا بولغۇچى باللارنىڭ ھەر
بىر ئىش-ھەرىكىتى، ھەر بىر سۆزىگە دىققەت قىلىشى،
ھەر بىر ئىشقا توغرا كەلگەندە تەربىيە قىلىپ تۇرۇشى
لازىم. ئەدەپ-ئەخلاقنىڭ دائىرىسى ناھايىتى كەڭ
بولۇپ، بىز پەقەت كۈندىلىك تۇرمۇشىمىزدا ئەڭ كۆپ
ئۇچرايدىغان ئۆرپ-ئادەت، قائىدە-يوسۇن ۋە ئىجتىما-
ئىي مۇناسىۋەتكە ئالاقىدار بولغان ئەخلاق ئۆلچەملىرى
ۋە پەرھىزلىرى ئۈستىدە توختىلىمىز. يەنى يېمەك-
ئىچمەك، كىيىم-كېچەك، باشقىلار بىلەن بولغان ئىجتىما-
ئىي مۇناسىۋەتتىكى سالام-سەھەت ۋە چوڭلارنى ھۆرمەت-
لەشتەك تۈرلۈك قائىدىلەرنى، مېھماندارچىلىق سورۇنىدى-
كى ئەدەپ-قائىدە ۋە تەبىئەتنى سۆيۈشتەك ياخشى پەزى-
لەت... قاتارلىقلار. بۇ خىلدىكى ئەخلاق تەربىيەلەر
دىنىنىڭ تەسىرىگە كۆپرەك ئۇچرىغانلىقتىن، كىشىلەر بۇ

خىلدىكى ھەرىكەت-پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىش جەريانىدا پەرھىزنىڭ تەسىرىگە كۆپرەك ئۇچرايدۇ، چۈنكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى ئەخلاقىدىكى نۇرغۇن مەزمۇنلار دىنىي ئەخلاقتىن كەلگەن ياكى دىنىي ئەخلاقتىكى مەزمۇنلار بىلەن ئوخشاش بولغانلىقى سەۋەبىدىن، كىشىلەر ئۇلارنى دىنىي پەرھىز شەكلىدە ئىجرا قىلىش ئارقىلىق ئادەتتىكى ئەخلاقىي ئۆلچەملىرىگىمۇ سىرلىق، ئىلاھىي شەكىلدە تۈس بەخش ئېتىپ «... قىلساڭ يامان بولىدۇ» دەپ باللارنىڭ ھەرىكىتىگە مەلۇم ئۆلچەم قويغان ۋە ئۇنى چەكلىگەن.

مېھماندارچىلىق سورۇنلىرى ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆرپ-ئادىتى، قائىدە-يوسۇنلىرى ئەڭ گەۋدىلىك ئىپادىلىنىدىغان، ئادەملەرنىڭ ئەخلاق-پەزىلىتى سىنىلىدىغان ئىمتىھان رايونى. ئاتا-ئانىلار پەرزەنت تەربىيەسىدە ئاممىۋى سورۇنلاردا ئەدەپنى قانداق ساقلاش، پەرھىزلەرگە قانداق رىئايە قىلىش، يېمەك-ئىچمەكنى قانداق يېيىش، كىشىلەر بىلەن قانداق سالاملىشىش، نېمىلەرنى قىلىش، نېمىلەرنى قىلماسلىق، قانداق ئولتۇرۇش قاتارلىق تەرەپلەردە يېتەكچىلىك قىلىپ تۇرىدۇ. بۇنداق سورۇنلاردا پەرھىز كىشىلەرگە يېتەكچىلىك قىلىش رولىنى ئۆتەيدۇ. ئاممىۋى سورۇنلاردا تاماق يېيىش جەريانىدا، گەپ-سۆزلەرگە، ئىش-ھەرىكەتلەرگە ئالاقىدار بەزى چەكلىمىلەر قويۇلىدۇ. ئاتا-ئانىلار تاماق ۋاقتىدا غىزالىنىش ئەدەپلىرىنى تەكىتلەپ تۇرىدۇ. تاماق يېيىش ھالىتى جەھەتتە يېتىپ تۇرۇپ تاماق يېيىش، تاماق يەۋېتىپ كۈلۈش، بۇرنىنى تارتىش، باشقىلارنىڭ لوقمىسىغا تىكىلىپ قاراش قاتتىق پەرھىز قىلىنىدۇ. يۈسۈپ خاس ھاجىپ «قۇتادغۇبىلىك»تە ئۇيغۇرلارنىڭ غىزالىنىش ئۇسۇللىرى ھەققىدە مۇنداق مىسرالارنى قالدۇرغان:

4128. ئەگەر ئاشقا بەگلەر قىچقارسا سېنى،
ئەدەپ بىلەن ئاش يە، بەك ئۆگەن بۇنى.
4129. يېمەكنى ئوڭ قول بىلەن ئال ئەي ھېكىم،
ئاۋۋال ئېيت بىسمىللاھىر رەھمانىررەھىم.
4598. كىشىنىڭ ئالدىدىن لوقا ئالمىغىن،
نېمە بولسا ئالدىڭدا شۇنى يېگىن.
4599. پىچاق چىقارما غاجىما سۆڭەك،
بولۇپ كەتمە چاپقاق، تۈزۈت قىل بەك.

دېمەك، ئۇيغۇرلار تاماق يېيىش ئۇسۇلى جەھەتتە يۇقىرىقىدەك پەرھىز ئادەتلىرى ساقلانغان. ئەمەلىيەتتە يېمەك-ئىچمەك ئىستېمال قىلىش تەرزى جەھەتتە ئۇيغۇرلاردا يەنە بىر قاتار ئەخلاق تۈسىنى ئالغان چەكلىمىلەرمۇ بار. ئاممىۋى سورۇنلاردىكى گەپ-سۆزلەرگىمۇ ئالاھىدە دىققەت قىلىش كېرەك. بۇ خىل پەرھىزلەر كىشىلەر ئارىسىدىكى بېرىش-كېلىش، ئۆزئارا چۈشىنىش، ھەمكارلىشىش، دوستلىشىش، مېھماندارچىلىق، قوشنىدارچىلىق قاتارلىق شەكىللەرنىڭ داۋاملىشىشى جەريانىدا ئەمەل قىلىنىدىغان بولغاچقا، بۇلارغا توغرا مۇئامىلە قىلمىساق كىشىلەر ئارىسىدىكى ئىناقلىق، ئىتتىپاقلىق، ئۆملۈكتىن ئىبارەت ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتكە تەسىر يېتىدۇ. چۈنكى، ئىنسانغا ئەدەپ-ئەخلاق ئۆلچىمىدە ئالدى بىلەن تىل مۇھىم ئورۇننى ئىگىلەيدۇ، ئاندىن ھەرىكەتتىكى ئەدەپ تەكىتلىنىدۇ. شۇڭا كىشىلەر باللىرىنى تەربىيەلىگەندە ئالدى بىلەن باللارنى چىرايلىق، سىلىق گەپ قىلىشقا ئۆگىتىدۇ. سەت، قوپال گەپ قىلىشتىن چەكلەيدۇ. بۇ جەرياندا ئاتا-ئانىلارمۇ ئائىلىدىكى گەپ-سۆزلىرىگە ئالاھىدە دىققەت قىلىدۇ، ئۇلار قىز-ئوغۇللارنىڭ فىزىئولوگىيەلىك ئۆسۈپ يېتىلىشىگە دائىر گەپلەرنى ۋە ئادەملەرنىڭ ھەممە ئەزالىرىنى (بەدىنىنى) تىلغا ئالمايدۇ. قىز-ئوغۇللار ئارىسىدا دېيىشىدىغان گەپمۇ بولىدۇ، دېمەيدىغان گەپمۇ بولىدۇ، شۇڭا ھەرقانداق سورۇندا ھايا بىلەن سۆزلىگۈلۈك. كونىلاردا: «ھايا بىلەن ئىنسان قاتارىدا سەن، ھايا كۆتۈرۈلسە ھايۋان سانىلىسەن»، «ھايا يوق يەردە ئىمان يوق» دېيىلىدىغان ماقال-تەمسىللەر بىكار ئېيتىلمىغان. چۈنكى، ھايا پەردىسى كۆتۈرۈلۈپ كەتكەن يەردە ئەدەپ-قائىدىگە ئورۇن قالمايدۇ. ئاتا-ئانىلار ئائىلىسىدە باللارنىڭ ئالدىدا گەپ-سۆزگە ئالاھىدە دىققەت قىلىشى، بولمىغۇر سەت گەپلەرنىڭ ۋە قىلىقلارنىڭ ئالدىنى ئېلىشى كېرەك. ئائىلە تەربىيەسى پەرزەنت ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم بولغان تەربىيە. شۇڭا ئاتا-ئانىلار ئائىلىدە پەرزەنتلىرىنىڭ جىنس ئايرىمىسىغا ئاساسەن بىر قىسىم تەربىيەلەرنى ئايرىم ئېلىپ بېرىشى كېرەك. ئەگەر باللار ئارىسىدا مۇشۇنداق پەرھىزلەرگە يات بىرەر خىل ئەھۋال ئۇچرىسا، چوڭلار ئۇلارغا «يامان بولىدۇ» دېيىش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ تۇرمۇش ئادىتىمىزگە يات بولغان ئەخلاقسىز قىلىقلىرىنى

تـوسىدۇ، چـەكلەيدۇ، ئـەگەر چوڭـلار «يـامـان بـولـىدۇ»
دېمەي باشقىچە ئۇسۇل بىلەن چەكلىسە ئۇنۇمى بۇنىڭدەك
تېز، ياخشى بولۇپ كېتىشى ناتايىن. ناۋادا ئـۇنىڭغا بـىرەر
سىرلىق ۋە تېخىمۇ قورقۇنچلۇق «ئاقىۋەت»نىڭ كـېلىدى-
غانلىقى ئارقىلىق ئىزاھ، تەربىيە بېرىلسە، ئـەخلاقسىز قـىلـ-
مىشى تېزرەك تۈگىشى مۇمكىن. مـەسىلەن، «قـۇشلارنىڭ
بالىسنى (قارلىغاچنى) تـۇتماڭلار، قـۇشلارنى ئـاسراڭلار»
دېگەندىن «قـارلىغاچنىڭ بـالىسىنى تـۇتسا يـامان بـولىدۇ،
قولى تىترەيدىغان بولۇپ قالىدۇ»، «قولنى يـۇيۇپ سـىلـ-
كىسە ئەدەپسىزلىك بـولىدۇ» دېگـەندىن «قـولنى يـۇيۇپ
سىلكىسە يامان بـولىدۇ» دېگـەندەك شـەكىللەر ئـارقىلىق
دېيسە، ئۇنۇمى يۇقىرىراق بولىدۇ دەپ ئويلايمەن. گەرچە
بۇ خىل ئۇسۇل كىشىگە خۇراپىي تۈس بـەرسىمۇ، لـېكىن
ئۇنىڭ بالىلار تەربىيەسىدىكى ئۇنۇمى ناھايىتى زور بـولـ-
دۇ، شۇڭا ئۇلارغا باشقىچە ئۇسۇلنى، يـەنى دىنىي تـۈسى
كۈچلۈكرەك بـولغان سـۆزلەرنى قـىلىسىڭىز، دەرهـال
شۇنداق ئىشتىن ئـۆزىنى تـارتىدۇ ۋە ئـۇزاققىچە ئـېسىدىن
چىقارماسلىقى مۇمكىن.

پەرھىزلىك چەكلىمىلەرنىڭ يامان ئـەخلاقىي قـىلمىش-
لارنـى تـوسـۇش رولـى ئــادەتتىكى ۋەز-نــەسىھەتلەردىن
كۈچلۈك بولىدۇ. كىشىلەر ئاددىي ئـەخلاقىي چـەكلىمىلەر-
گىمۇ «يامان بـولىدۇ» دېيىش ئـارقىلىق مـەلۇم سـىرلىق
تۈس بېرىپ، بالىلارنىڭ يامان ھەرىكەت-قىلىقلارنى يـې-
تىلدۇرۇپ قالماسلىقىنى كۈچلۈك ئاساسقا ئىگە قىلىدۇ. ئو-
مۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، تۇرمۇشىمىزدا يامان ئېلىنىپ كېلە-
ۋاتقان بۇنداق قىلمىش-ئـادەتلەرنىڭ مۇتلەق كـۆپ
قىسمى ئەنئەنىۋى مىللىي ئەخلاق مىزانىمىز ئاساسىدا شە-
كىللەنگەن، بىر قىسمى ئىسلامىيەت ئەخلاق مىزانى ئـاسا-
سىدا شەكىللەنگەن بـولسىمۇ، ئۇ قـەدىمكى ئـەنئەنىمىز
بىلەن مۇجەسسەملىشىپ مىللىي ئەخلاق مىزانىمىزنىڭ تەر-
كىبىي قىسمىغا ئايلانغان.

2) ئېستېتىك رولى

ئۇيغۇر خـەلقى ئـەزەلدىن گـۈزەللىكنى سۆيىدىغان،
گـۈزەللىككە ئـىنتىلىدىغان، مـەدەنىيەتلىك مـىللەتلەرنىڭ
بـىرى بـولۇپ، ئـۇلار مـەيلى يـۈرۈش-تـۇرۇش، كـيىم-
كېچەك، تاشقى گۈزەللىك جەھەتلەردە بـولسۇن، ھـويلا-
ئارانلارنىڭ مۇھىتى ۋە بۇلارنىڭ گۈزەل، كۆركەم بـولۇ-
شىغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىپ كەلگەن. بۇ خـىل پـائالـ-
يەت، ھەرىكەت شەكىللىرى ئۈزلۈكسىز داۋاملىشىش نـەتى-
جىسىدە، ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى ئادەت دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلـ-
گـەن. كـېيىنچە مۇشۇ ئـەنئەنىۋى ئـادەت دائـىرىسىدىن
چەتنەپ كېتىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە يامان ئـىش-پـائالـ-
يەتلەردىن چەكلەش ئۈچۈن، يامان ئېلىنىدىغان ئـادەتلەر-
گـە قـارىتا پـەرھىز-چـەكلىمىلەر شـەكىللەندى. مـەسىلەن،
كيىم-كېچەك ۋە تاشقى گۈزەللىك جـەھەتلەردە قـىزلارغا
قارىتا بىر قىسىم چەكلىمىلەر قويۇلدى. يەنى «قـىزلار يـا-
لاڭباشتاق يۈرسە، چېچىنى كۈن كۆرسە يـامان بـولىدۇ»،
«قىزلار چېچىنى كەسسە يـامان بـولىدۇ، چېچىنى قۇرۇق
تارىسا يامان بولىدۇ»، «ئەمدىلا ئۈنگەن ئوت-چۆپلەر-
گــە دەسسـىسە يـامـان بـولـىدۇ» دېگـەنگـە ئـوخشـاش.
بۇلارنىڭ ئىلمىي ئاساسى بولۇپ، ئۇزۇن چاچنى كەسكەنـ-
دە قىزلارنىڭ ھۆسنىگە تـەسىر يـېتىدۇ، چاچمۇ بـىر خـىل
زىننەت بۇيۇمى بولۇپ، ئۇزۇن ئۆرۈلگەن ئۆرۈمە چاچـ-
لارمۇ ئادەمگە ھۇزۇر ئـاتا قـىلالايدۇ. دەل-دەرەخلـەر،
ئوت-چۆپلەر ئـېكولوگىيەلىك مۇھىتنى گـۈزەللەشتۈرۈشتە
ۋە ساپلاشتۇرۇشتا ئۇنۇمى ناھايىتى زور بولۇپ، ئۇلارنى
كېسۋەتسەك ياكى دەسسىۋەتسەك ھاياتلىقتىن ئـايرىلىپ،
ئەسلىدىكى ئىقتىدارىنى جارى قـىلدۇرالمايدۇ، كـىشىلەرگە
گۈزەللىك ھۇزۇر ئاتا قىلالمايدۇ. بـۇلار ئـاساسەن چوڭـ-
لارنىڭ ئـېكولوگىيەلىك تـەڭپۇڭلۇقنى ساقلاشنى مـەقسەت
قىلىپ، كەلتۈرۈپ چىقارغان پەرھىزلىرى بولۇشى مۇمكىن.
دېمـىسىمۇ يـېشىللىق بـولمىسا ئـېكولوگىيەلىك تـەڭپۇڭلۇق
بۇزۇلىدۇ، دەل-دەرەخلەرنىڭ ھاۋانى ساپلاشتۇرۇشتا ۋە
قۇم-بوراندىن مۇداپىئە كۆرۈشتە رولى چوڭ، شۇڭا ئـاتا-
بوۋىلىرىمىز «دەل-دەرەخلەرنى سۇندۇرسا ياكى يـىرسا
يـامان بـولىدۇ» دېيىش ئـارقىلىق مـۇھىتنى قوغداشنى
مەقسەت قىلغان.

يۇقىرىقىلار تۇرمۇشىمىزدىكى «يـامان بـولىدۇ»لار-
نىڭ ئاز بىر قىسمى بولۇپ، بۇلارنىڭ بـەزىلىرى ئـىسراپـ-
خورلۇققا قارشى تۇرۇش بىلەن بىللە ئەمگەكنى قەدىرلەشـ-
تەك ئېسىل پەزىلەتنى نامايان قىلسا، بەزىلىرى تازىلىقنىڭ
سالامەتلىكنى ئاسراش ۋە مۇھىت گـۈزەللىكىدە نـاھايىتى
مۇھىملىقىنى ئەسكەرتىۋاتىدۇ. يـەنە بـەزىلىرى چوڭلارنى،
ئۇستازلارنى ھۆرمەتلەشتەك ئېسىل پەزىلەتنى ئـېسىمىزگە

سىلىۋاتىدۇ، بەزىدە يەنە نۇرغۇن «يامان بولىدۇ»لار بار بولۇپ، بۇلار بىزنى سەت قىلىق، ناتوغرا قىلمىش، بولمىغۇر ئىش-ھەرىكەت ناچار خاھىشلاردىن چەكلەشتە تۈرتكىلىك رول ئويناپ توغرا يولغا باشلايدۇ، شۇنداقلا ئۆرپ-ئادەتلىرىمىزنى ۋە ئەنئەنىۋى ئەخلاق چۈشەنچىلىرىمىزنى باشقا مىللەت ھەم باشقا قوۋملارغا تېخىمۇ گۈزەل ھەم جۇلالىق نامايان قىلىپ بېرەلەيدۇ. ئادەملەر ئەخلاق ۋە قانۇن - تۈزۈم بىلەن ئىدارە قىلىنىۋاتقان ھازىرقى جەمئىيىتىمىزدە «يامان بولىدۇ» ئىبارىسىنىڭ رولى بار.

«يامان بولىدۇ» قارىشى ۋە شۇ ئاساستا شەكىللەنگەن پەرھىزلەر ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئورتاق ئەخلاق ئۆلچىمى، ھەر بىر كىشىنىڭ خۇلق-مىجەزىنى، يەنى ئىنتىلىش ۋە ياخشى كۆرۈش، نەپرەتلىنىش، قارشى تۇرۇشتىن ئىبارەت ئاڭ ۋە بىلىش جەھەتتىكى پسىخىكىسىنى گەۋدىلەندۈرىدۇ. بۈگۈنكى كۈندە ئۆرپ-ئادەتلىرىمىزنىڭ قىسمەن ھالدا بۇزۇلۇشى، يات، زىيانلىق قىلىقلارنىڭ پەيدا بولۇشى ۋە چەكلەنمەي ئەۋج ئېلىشى دەل ئىنسان تەبىئىتىنىڭ ئايرىم كىشىلەردە ياتلىشىشىنىڭ ئالامىتىدۇر. بۇ بىزگە پايدىسىز بولۇپلا قالماي، بەلكى كەلتۈرىدىغان زىيىنمۇ چوڭ، مۇشۇ ۋەجىدىن ئېيتقاندا، ئەجدادلىرىمىز بىزگە قالدۇرۇپ كەتكەن پايدىلىق ۋە ئىلمىي «يامان بولىدۇ» قارىشىنى توغرا ئۇسۇل، ئىلمىي ئاساستا قوللىنىش ئارقىلىق ئەۋلادلارنى ئەخلاق-پەزىلەتلىك قىلىپ تەربىيەلەش، ناچار ئىللەتلەرنى ئۆزگە يۇقتۇرۇۋېلىشتىن ساقلاشنىڭ ئىنتايىن زۆرۈرلۈكىنى ھېس قىلدۇرىدۇ. يەنە بىر جەھەتتىن، پايدىلىق، توغرا بولغان ئەنئەنە مىللەتنىڭ مىللەت سۈپىتىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىنىڭ مەنىۋى ئاساسى، چۈنكى ئۇ كىشىلەرنى ئەخلاق-پەزىلەت جەھەتتىن يېتەكلەيدۇ، مىللىي ئەنئەنىدىن ۋاز كېچىشكە ياكى ئۇنى تاشلىۋېتىشكە ئۇرۇنۇش تەبىئىي ھالدا مىللىي روھنى ئاجىزلاشتۇرۇش رولىنى ئوينايدۇ. شۇڭا پەرھىزدىن ئىبارەت بۇ خىل ئەنئەنىۋى قاراشقا توغرا پوزىتسىيە ۋە ئۇسۇل بىلەن ۋارىسلىق قىلىشىمىز كېرەك.

**ئىزاھات:**

① ئەنۋەر سەمەد قورغان: «ئۇيغۇرلاردا پەرھىزلەر»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2007-يىل 12-ئاي 1-نەشرى، 10-بەت.

② ئەنۋەر سەمەد قورغان: «ئۇيغۇرلاردا پەرھىزلەر»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2007-يىل نەشرى، 395-، 396-بەت.

**پايدىلانغان ماتېرىياللار:**

1. ئەنۋەر سەمەد قورغان: «ئۇيغۇرلاردا پەرھىزلەر»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2007-يىل 12-ئاي، 1-نەشرى.

2. ئەنۋەر سەمەد قورغان: «ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى ئەخلاقى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2006-يىل 3-ئاي، 1-نەشرى.

3. يارمۇھەممەد تاھىر تۇغلۇق: «ئۇيغۇرلاردا پەرزەنت تەربىيەسى»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2001-يىل 4-ئاي، 1-نەشرى.

4. يارمۇھەممەد تاھىر تۇغلۇق: «يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئائىلە تەربىيەسى»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2006-يىل، 1-نەشرى.

5. يۈسۈپ خاس ھاجىپ: «قۇتادغۇبىلىك» مىللەتلەر نەشرىياتى،-يىل 5-ئاي، 1-نەشرى.

6. ئابدۇرېھىم ھەبىبۇللا: «ئۇيغۇر ئېتنوگرافىيەسى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1993-يىل 4-ئاي، 1-نەشرى.

7. رىزا ئۇۋدىن ئىبن فەخرۇددىن: «ئەدەپ - ئەخلاق مىزانلىرى»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 2005-يىل 5-ئاي، 1-نەشرى.

8. قەلبىنۇر مۇھەممەد: «ئۇيغۇر خەلق پەرھىزلىرى توغرىسىدا»، «مىراس ژۇرنىلى»، 1997-يىل، 4-سان.

9. ئاينۇرە دولات: «خەلق پەرھىزلىرىنىڭ شەكىللىنىشىدىكى بىر نەچچە خىل ئەنئەنىۋى قاراشلار»، «شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 2004-يىل، 1-سان.

10. تۇرغۇن يىلتىز: «ئائىلىدىكى ئەدەپ-ئەخلاق توغرىسىدا»، «قەشقەر ئەدەبىياتى ژۇرنىلى»، 1984-يىل، 2-سان.

11. ئەنۋەر سەمەد قورغان: «ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى ئەخلاق تەربىيەسى توغرىسىدا»، «شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 2003-يىل، 7-سان.

12. ئەنۋەر سەمەد قورغان: «ئۇيغۇرلارنىڭ قىسمەن پەرھىزلىك ئادەتلىرى»، «شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 2006-يىل، 3-سان.

13. ئايشەمگۈل ئابدۇرېشىت: «ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى ئەخلاق سىستېمىسىدىكى ‹يامان بولىدۇ› چۈشەنچىسى ۋە تەركىبىدە ‹يامان بولىدۇ› بولغان ئاساسلىق سۆز-ئىبارىلەر»، «تىل ۋە تەرجىمە ژۇرنىلى»، 2006-يىل، 4-سان.

14. تۇرنىسا روزى: «ئۇيغۇر تىلىدىكى ‹يامان بولىدۇ› دېگەن سۆزنىڭ تەربىيەۋى ئەھمىيىتى»، «بۇلاق ژۇرنىلى» 2010-يىل 2-سان.

(ئاپتور: بورتالا شەھەرلىك 7-ئوتتۇرا مەكتەپ تارىخ گۇرۇپپىسىدىن)



# كوسراپ خەلقىنىڭ ئۈجمە دەرىخىنى ئۆستۈرۈش ۋە ئۇنى ئۇلۇغلاش ئادىتى

نۇرئەلى ئەلەم

كوسراپلىقلار ئاقتۇ ناھىيەسى كوسراپ يېزىسىدا ئول-
تۇرۇشلۇق خەلق بولۇپ، ئۇلار ئۇزاق تارىخىي تەرەققى-
يات جەريانىدا، ئۆزلىرىگە خاس ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن
تاغ ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئېتنىك تەركىبىنى تولۇقلاپ، ئۇيغۇر
ئومۇمي ئېتنوگرافىيەسىنىڭ ئىجابىي، پارلاق ئۇلگىلىرىنى
قوبۇل قىلىپ، ئىجتىمائىي ھاياتىنىڭ ھەرقايسى ساھە ۋە
ھەرقايسى باسقۇچلىرىدا ئۆزىگە خاس مەدەنىيەت ۋە
ئۇدۇم ئادەتلەرنى ياراتتى ھەم ئۆزلەشتۇردى. بولۇپمۇ
ئۇلار تۇزلەڭلىك ئۇيغۇرلىرىغا ئوخشاشلا كۆچمەن چارۋى-
چىلىق ھاياتىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ، مۇقىم ماكان تۇتۇپ، تې-
رىقچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىشقا باشلىغاندىن كېيىن، ئۆي
ئەتراپلىرىغا باغىراڭ بىنا قىلىپ، ھەر خىل يەل-يېمىش
دەرەخلىرىنى تىكىپ ئۆستۈرۈشكە باشلىغان. ئۇلار باغبا-
راڭ مەدەنىيىتىگە قەدەم قويغاندىن كېيىن، ئۆزلىرى
ئەجىر قىلىپ تىكىپ ئۆستۈرگەن تۇرلۇك مېۋىلەرگە ئېغىز
تەگكەن، ئۇلارنىڭ ئەجىر-مېھنىتىنىڭ مەھسۇلى بولمىش
بۇ مېۋىلەر ھەم ئۇلارنىڭ قەلبىگە، ھەم ئۇلارنىڭ
دەسسەپ تۇرغان يېرىگە چوڭقۇر يىلتىز تارتىشقا باشلاپ،
تەبىئىي ھالدا ئۇلارنىڭ مۇقىم، تۇراقلىق «ئانىسى تۇغقان
يۇرتى (ئانا يۇرت)» ئېڭىغا چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەن.
چارۋىچىلىق ئۇلارنىڭ ئىقتىسادىي تۇرمۇشىنىڭ يەنىلا
مۇھىم مەنبەسى بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار بۇرۇنقىدەك
ئوتلاق ۋە سۇ قوغلىشىپ كۆچۈپ يۇرىدىغان تۇرمۇشىنى
ئاخىرلاشتۇرۇپ، يايلاقتا كەپىسى بار، تېرىقچىلىق قىلىدى-
غان يەردە مۇقىم، خېلى كۆركەم مەدەنىي ئۆيى بار
بولغان تۇرمۇشقا قەدەم قويغان. مۇشۇ خىل تۇرمۇش ئو-
مۇملاشقان خېلى ئۇزاق زامانلاردىن تارتىپ، ھازىرغىچە
بولغان تارىخىي جەرياندا ئەجدادلىرىمىز مەلۇم بىر يەرگە
نېمە سەۋەبتىن بارمىسۇن، قايتىپ كەلگۈچە «بېغىم، يېرىم
بار ئىدى، يېرىم قالغان» دەپ سەۋەب كۆرسىتىدىغان

ياكى باغباراڭلىرىنىڭ پەرۋىشسىز قېلىپ زىيان- زەخمەتكە
ئۇچرىشىدىن ئەنسىرەيدىغان بىر خىل پسىخىكا ئۇلارنىڭ
خاراكتېر ئالاھىدىلىكىدە خېلى مۇھىم سالماقنى ئىگىلەيدى-
غان بولغان. كوسراپلىقلار تۇزلەڭلىكتىكى ئۇيغۇرلارغا
ئوخشاش تېرىقچىلىق، باغۋەنچىلىككە ئالاھىدە ئېتىبار
بىلەن قارىسىمۇ، لېكىن ئۇلاردىكى روشەن بىر ئالاھىدى-
لىك ئۈجمە دەرىخىنى ئۆستۈرۈشكە بولغان ئالاھىدە بىر
خىل ئىچكى ئېتىقاد ھەم ئۈجمە دەرىخىنى ئۇلۇغلاش ئا-
دىتىدۇر. ئۈجمە دەرىخى بولسا رايونىمىزدا كۆپ ئۆستۈ-
رۈلۈپ كەلگەن ياغاچ غوللۇق ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرىدىغان
بىر خىل دەرەخ بولۇپ، ئۇنىڭ ئاپتونوم رايونىمىزدا قا-
چاندىن باشلاپ ئۆستۈرۈلۈشكە باشلىغانلىقى تەتقىقاتلاردا
ئېنىق ئەمەس. لېكىن ئاپتونوم رايونىمىزدىكى مىللىيچە
ئالىي كىيىم لايىھەلىگۈچى، زامانىمىزدىكى مەشھۇر ئۇستا
ئابدۇرېشىت زۇنۇنىنىڭ ئەتلەسنىڭ تارىخى توغرۇلۇق
قەيت قىلغان «ئەتلەس ئەسلى 3000 يىل بۇرۇن
قەشقەر، خوتەن، يەكەن تەۋەسىدە پەيدا بولغان» (1)
دېگەن سۆزى ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن بولسا، ئۈجمە دەرىخى-
مۇ چوقۇمكى رايونىمىزدا ئۇنىڭدىنمۇ ئۇزاقراق تارىخنى
بېشىدىن كەچۈرگەن بولىدۇ. چۈنكى ھەققىي ئەتلەس يې-
پەكتىن بولىدىغانلىقى، يىپەك پىلە قۇرتى ئارقىلىق، پىلە
غوزىسىدىن چىقىدىغانلىقى (شىنجاڭ مەدەنىيىتى ژۇرنىلى
2004- يىلى 6- سان، 17- بەت (1) پىلە قۇرتى بولسا
ئالدى بىلەن ئۈجمە يوپۇرمىقى يەيدىغانلىقى ئەمەلىيەتتۇر.
كوسراپلىقلار ئولتۇراقلاشقان تاغ جىلغىلىرىدا تېرىقچىلىق
قىلىشقا ئاشلىق تېرىيدۇ. (بۇغداي، قوناق، ئارپا، تېرىق،
باقلا، پۇرچاق) ھەم مۇشۇ خىل ئاشلىق زىرائەتنى پىشىپ
ھوسۇل بېرىدىغانلىكى جايلاردا، باغباراڭ ئەھيا قىلىدۇ.
يەنى ھويلا ئەتراپىغا ئۈجمە، ئۈزۈم، ئۆرۈك، شاپتۇل،
ئالما، ئامۇت، ياڭاق، جىگدە قاتارلىق مېۋىلىك دەرەخ-
لەرنى تىكىپ ئۆستۈرىدۇ. ئۇزاق ئۆتمۈشلەردىن بۇيانقى
ھويلا- ئاران مەدەنىيىتىدە شەكىللەنگەن ھەم ئۇلارنىڭ
مەدەنىيەت پسىخىكىسى، ئىقتىسادىي تۇرمۇش ئادىتىدە
خاراكتېر ئالاھىدىلىكىنى ئىپادىلىگەن مۇھىم ئامىللارنىڭ
بىرى ئۇلارنىڭ ھويلا ئىشىكىنىڭ ئىككى قاسنىقىغا ئىككى
تۈپ ئۈجمە دەرىخى تىكىپ ئۆستۈرۈشتۇر. قاراقۇرۇم ۋە
پامىر تاغلىرىنىڭ پاسلى ھېسابلانغان يەكەن دەرياسىنىڭ
بويىغا ئورۇنلاشقان بۇ خەلق ئولتۇراق ئۆي سېلىشنىڭ
ئالدىدا ئىشىك ئالدىغا ئىككى تۈپ ئۈجمە سېلىشنى ئەڭ
بۇرۇن ئويلايدۇ. ئەگەر ئىشىك ئالدىغا ئۈجمە دەرىخى
سېلىپ ياشارتىش ئىمكانىيىتى بولمىسا، ئۆزلىرىگە تەئەل-
لۇق بولغان، ئۈجمە ئۆستۈرۈشكە باب كېلىدىغان مەلۇم
بىر يەرگە بىر ياكى ئىككى تۈپ ئۈجمە كۆچىتى سېلىپ،
ئەۋلادلارغا قالدۇرۇشى كېرەك. ئۈجمە سېلىپ ئەي
قىلىپ قاتارغا قوشۇپ، كېيىنكىلەرگە قالدۇرمىسا، مەلۇم
بىر مەجبۇرىيەت ئادا قىلىنمىغان ھېسابلىنىدۇ. بۇنىڭدىن
400، 500 يىل ئىلگىرىكى ۋاقىتلاردىن تارتىپلا ئۈجمە
دەرىخىگە بولغان بىر خىل ئۇلۇغلاش ھېسسىياتى داۋاملى-
شىپ كەلگەن بولۇپ، تېرىلغۇ يەر كۆلىمى ھەر بىر نوپۇس-
قا 0.3 مودىن توغرا كېلىدىغان ئىككى كەنتتە ئايلانمىسى
5.5 مېتىر كېلىدىغان ئۈجمىدىنلا 100 تۈپتىن ئارتۇق بار
بولۇپ، ئۆتتۈپ كەتكەن ئاپەتلىك يىللار (1966- يىلدىن
1976- يىلغىچە) ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى يىللاردا يېرىمىدىن
كۆپرەكى يەر پىلانلاش، رەتلەش باھانىسى بىلەن قومۇ-
رۇۋېتىلگەن، ھەتتاكى 1999- يىلىدىمۇ دىيامېتىرى ئىككى
مېتىر كېلىدىغان ئۈجمىدىن سەككىز تۈپنى كېسىپ چىقىرى-
ۋەتكەن. ھازىر كوسراپ يېزىسىدا مۇشۇنىڭغا ئوخشاش
يۇرت تارىخى بىلەن باغلىنىشلىق ئۈجمىدىن بەش تۈپ
ئۈجمە زور تىرىشچانلىق بىلەن ساقلىنىپ قالغان بولۇپ،
چوڭىنىڭ ئايلانمىسى بەش مېتىردىن ئاشىدۇ. بۇ ئۈجمىلەر
ھازىرغىچە بۈك- باراقسان ئۆسۈپ، يۇرت- مەھەللىلەرگە
گۈزەللىك، كۆركەملىك بېغىشلاپ كەلمەكتە. جاھان تە-
رەققىي قىلىپ بۈگۈنكىدەك خېلى يۇقىرى پەللىگە يەتكەن-
دىمۇ، كىشىلەرنىڭ ئاڭ تەپەككۇرى، غايە- ئېتىقادىدا،
تۇرمۇش ئادەتلىرىدە تەئەججۇپلەنگۈدەك يېڭى شالغۇت
نەرسىلەر كۆنسېرى كۆپىيىپ، مىللىي كىملىكنى پەرق
ئېتىش تەس بولسىمۇ، لېكىن بىرلا خىل ئادەت، يەنى ھەر
بىر ئائىلىنىڭ ئىشىك ئالدىدا ياكى ئۆيى ئەتراپىدا ياكى
شۇ ئائىلىگە تەئەللۇق يەرلەرگە ئىككى تۈپتىن، ئەڭ بول-
مىغاندا بىر تۈپتىن ئۈجمە ئۆستۈرۈش ئادىتى ئۆزگەرگىنى
يوق، ئەجدادلىرىمىزدىن تارتىپ، ئۈجمە سېلىش ئۇلۇغ
ئىش، ساۋابلىق ئىش دەپ قارىلىپ كەلگەن. ئۈجمە سال-
ماسلىق ئەيىب ھېسابلىنىپ، بىر تۈپ ئۈجمىسى يوق كىشى-
لەر ئومۇمىي جامائەت تەرىپىدىن كەمسىتىلىپ، بۇ دۇنيا-
دىن نام- نىشانسىز كەتكەن بولۇپ ھېسابلانغان. كىشىلەر-
نىڭ ئېڭىدا بىرخىل ئېتىقاد، يەنى ئۈجمە سېلىش ساۋابلىق،

جامائەتكە پايدىلىق ياخشى ئىش، ئۈجمە دەرىخىنى
كېسىش ئومۇمىي جەمئىيەتكە زىيانلىق گۇناھ دەپ قارىلى-
دىغان بىرخىل قاراش شەكىللەنگەن. دېمەك، ئۈجمە دە-
رىخىنى تىكىپ ئۆستۈرۈش كىشىلەرنىڭ ئىچكى ئېتىقاد كۆ-
چىگە، ئەخلاق مىزانلىرىغا ۋە ئەنئەنىۋى ئادەت كۆچىگە
ئايلىنىپ، ھازىرغىچە ئۆز تەسىرىنى ساقلاپ كەلمەكتە.
كوسراپنىڭ يەرلىك قەدىمىي ئاھالىسىنىڭ ئەزالىرى بولسا
ئۈجمە دەرىخىنىڭ ياغىچىدىن ئاتلاشتىن، ئۈجمە دەرىخى-
نىڭ تۈۋىگە چوڭ-كىچىك تەرەت قىلىشتىن، مېۋىسىگە
دەسسەپ قېلىشتىن ئالاھىدە پەرھىز قىلغان. ئۈجمە دەرد
خنى ھەممە ئادەم قىزغىنلىق بىلەن سالىسمۇ، ئۇ چوڭ-
يىپ مېۋە بەرگەندە، پۈتۈن يۇرت خەلقىگە ئورتاق
مەنسۇپ بولۇپ، ئۇنىڭ مېۋىسىدىن خالىغان ئادەم ئېھتىيا-
جىغا قاراپ بەھرىمەن بولالايدۇ. «بۇ ئۈجمە مېنىڭ، يې-
مىگىن» دېگەنلەر مەسخىرە قىلىنىپ، كىشىلەرنىڭ نەپرىتى-
گە ئۇچرايدۇ، يەنە دەپ ئۆتۈشكە تېگىشلىك بىر ئۇدۇم-
ئادەت شۇكى، كىشىلەردە ئاتا-ئانىسىنىڭ ھەققىدە (ئاتا-
ئانىسى ئۆلۈپ كەتكەن بولسا) ئۈجمە ئۆستۈرۈپ يۇرت
خەلقىگە ۋەخپە (تەقدىم) قىلىدىغان ئادەت شەكىللەنگەن
بولۇپ، ھازىرمۇ بۇنداق ئۈجمىدىن بىر قانچىسى بار.
كوسراپ يېزىسىنىڭ ھاۋا كېلىماتى، سۇ-تۇپراق تەبىئىتى
ئۈجمە دەرىخى ئۆستۈرۈشكە ئىنتايىن ماس كەلگەچكە،
ئۈجمە 5-ئاينىڭ 15-كۈنىدىن 8-ئاينىڭ 15-، 20-كۈن-
لىرىگىچە ئۈچ باسقۇچ بويىچە پىشىدۇ. ئۈجمىگە تور
باغلاش، قۇرت چۈشۈش ئەھۋاللىرى كۆرۈلمەيدۇ. ئەج-
دادلىرىمىز ئۈجمە دەرىخىنى ئۆستۈرۈشكە شۇ قەدەر
ئىخلاس قىلىپ، ئۆزلىرىنىڭ ماددىي تۇرمۇش ئېھتىياجى-
نىڭ بىر قىسمىنى قامدىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇزاق مۇد-
دەتلىك ھايات مۇساپىسىدە، ئۈجمىنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىش
قانۇنىيەتلىرى، مېۋە بېرىش باسقۇچلىرى ۋە ئۇنىڭ شىپا-
لىق رولى توغرىسىدا قىممەتلىك بىلىم ۋە تەجرىبىلەرنى
توپلىغان بىر نەچچە 100 يىللىق تارىخىي جەريانلار داۋا-
مىدا، ئىچكىرى تاغ ئارىلىرىغا ئولتۇراقلىشىپ، ئۇزاق
مۇددەت تاشقى دۇنيا بىلەن راۋان ئالاقە قىلالمىغان بول-
سىمۇ، لېكىن تەبىئەت دۇنياسىدىن ئىنسان زۆرۈرىيەتلىرى
ئۈچۈن پايدىلىنىش ئىرادىسى ئۇلارنىڭ خاتىرجەم ياشاش
ئىستىكى بىلەن بىرلىشىپ، ئۇلارنى تىرىشىپ كۈرەش قى-
لىشقا، ئۆزلىرىنىڭ ئېھتىياج-مەقسەتلىرى ئۈچۈن پىكىر
يۈرگۈزۈشكە، ئىزدىنىشكە ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ
بولغان، ئۇلار ھاياتلىق زۆرۈرىيىتى تەقەززاسى بىلەن پاي-
دىلىنىش ئىمكانىيىتى بولىدىغانلىكى نەرسىلەردىن ئۆزلىرد-
نىڭ باتۇر، ئەمگەكچانلىقى بىلەن، ھېرىش-چارچاشتىن
قورقماي پايدىلانغان، ئۇلار ئۈجمە دەرىخىدىن (مېۋىسى-
دىن) پەقەت ئىستېمال قىلىش ئۈچۈنلا پايدىلىنىپ قالماي،
يەنە ئۇنىڭ يوپۇرمىقىدا پىلە بېقىپ يىپەك چىقىرىشتىن ئىبا-
رەت بۇ ئالاھىدە مۆجىزىكار خاسىيىتىدىن پايدىلىنىپ،
يىپەك ئېلىپ، ئۇنى تۇرمۇش ئېھتىياجىغا ئاساسەن، دېھقاند-
چىلىق مەھسۇلاتلىرىغا ۋە باشقا ئۆي-جابدۇق سەرەمجاند-
لىرىغا ئايرىۋاشلاپ ئائىلە ئېھتىياجىنى قامدى-
غان، كىشىلەر ئۇزاق مەزگىللىك تەكرار-
تەكرار تۇرمۇش ئەمەلىيەتلىرى جەريانىدا،
بۇ «خاسىيەتلىك دەرەخ»نىڭ مېۋە يوپۇر-
ماقلىرىنىڭ ئىنسانلارنىڭ نۇرغۇن كېسەللىرد-
گە شىپا بولىدىغان ئالاھىدە رولى بارلىقىنى
بايقىغان. ئۇنىڭ خۇسۇسىيەت ۋە تەبىئىتىنى
تەتقىق قىلىش ئارقىلىق، ئۇنى ئۆزلىرىنىڭ
يەرلىك ئائىلە تېبابەتلىرىدە ئىشلەتكەن ھەم
ئۇنىڭ ئۆسۈش، ئۈجمە چىقىرىش (يەرلىك
تىلدا ئۈجمە تۇغدى دېيىلىدۇ)، پىشىش قانۇ-
نىيەتلىرىنى ئىنچىكىلىك بىلەن ئەستايىدىل
كۆزەتكەن ۋە تەتقىق قىلغان.



ئۈجمىنى ئۆستۈرۈش ئۇسۇلى قارا



ئۈجمە ئۇرۇقى تېرىلىدۇ. ئۈنۈپ چىققان يىلى قىشتىن ئامان-ئېسەن چىقىش ئۈچۈن (ئۈششۈپ قالماسلىقى، چارۋا-ماللارنىڭ يەپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن) 11 ـ ئاينىڭ ئاخىرلىرىدا كۆمۈۋېتىلىپ، 3 ـ ئاينىڭ ئاخىرلىرىدا ئېچىۋېتىلىدۇ. تېرىپ ئۈنگەندىن كېيىن، 3-يىلى ئاق ئۈجمىدىن ئۈلىنىدۇ. ئۈلىغان يىلىلا مېۋە بېرىدۇ ياكى ئاق ئۈجمىنىڭ ئىككى، ئۈچ يىللىق نوتىسى 1.2 مېتىر ئەتراپىدا كېسىلىپ جىرىم قىلىپ سېلىنىدۇ. بۇمۇ كېلىدىغان يىلىلا مېۋە بېرىدۇ. ئۈجمە تۇتۇپ تەخمىنەن 40 كۈندىن كېيىن پىشىدۇ. (سوپسوپىياڭ پىشقان ئۈجمىلەرنى يەرگە تاشلايدۇ) كىشىلەرنىڭ دېيىشىگە قارىغاندا، ئۈجمە مەلۇم بىر چارشەنبە كۈنى پىشىدىكەن. بىرقانچە يىللىق كۆزىتىش ئارقىلىق، بۇ گەپنىڭ ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن ئىكەنلىكى كىشىلەر تەرىپىدىن ئىسپاتلانغان، ئۈجمە پىشىپ ئاخىرلاشقۇچە باشتا دەپ ئۆتكەندەك ئۈچ باسقۇچنى باشتىن كەچۈرىدۇ ھەمدە مۇشۇ ئۈچ باسقۇچتىكى ئۈجمە مېۋىسىنىڭ تەبىئىتى، شىپالىق رولى بىر-بىرىگە ئوخشىمايدىغان ئايرىمچە ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە. 1-باسقۇچ باش ئۈجمە (غورۇپ ئۈجمە) دەپ ئاتىلىپ، 5-ئاينىڭ 15-كۈنىدىن باشلاپ، 6-ئاينىڭ 15-كۈنىگىچە ئارىلىقتىكى پىشقان ئۈجمە بولۇپ، بۇ مەزگىلدىكى ئۈجمىنىڭ تەبىئىتى ھۆل سوغۇق بولۇپ، ئەجدادلىرىمىزدىن تارتىپ تا ھازىرغىچە بۇ ئۈجمىنى يېمەكلىك ئىستېمالىدىن باشقا يەنە قان بېسىمنى چۈشۈرۈش، قەۋزىيەت تۈگىتىش، تال، جىگەرنىڭ خىزمىتىنى ياخشىلاش، كۆزنى روشەنلەشتۈرۈش، قاننى راۋانلاشتۇرۇش، قاندىكى ماينى سۈزۈش، يۈرەك، نېرۋىنى قۇۋۋەتلەش، ئۈيقۇنى ياخشىلاش قاتارلىق مەقسەتلەردە دورا سۈپىتىدە ئىشلەتكەن. 2-باسقۇچ ئارا ئۈجمە دېيىلىپ، 6-ئاينىڭ 10 ـ ، 15 ـ كۈنلىرىدىن 7-ئاينىڭ 15-كۈنلىرىگىچە ئارىلىقتا پىشقان ئۈجمە بولۇپ، بۇنىڭ تەبىئىتى ئاساسەن ھۆللۈككە مايىل بولسىمۇ، لېكىن ئىسسىق، سوغۇقلۇقى تەبئىي مۇۋازىنەت ھالىتىدە بولغاچقا، ھەرقانداق ئادەم ئىستېمال قىلسا بولىدۇ ۋە دورا سۈپىتىدە ئىشلەتسىمۇ بولىدۇ، لېكىن دىيابېت كېسىلى بارلار پەرھىز قىلىشى كېرەك. ئۈچىنچى باسقۇچ 7-ئاينىڭ 10 ـ ، 15-كۈنلىرىدىن 8-ئاينىڭ 10-كۈنلىرىگىچە (ئۈجمە پۈتۈنلەي تۈگىگىچە) بولۇپ، بۇ باسقۇچتىكى ئۈجمە سېرىق ئۈجمە دېيىلىپ، تەبىئىتى ھۆل ئىسسىق، ئۆتكۈر تەملىك بولىدۇ. بۇنى ئەجدادلىرىمىز ئادەتتىكى ئىستېمالدىن باشقا بەدەننى سەمىرىتىش، مېڭىگە ھۆللۈك يەتكۈزۈش، قان كۆپەيتىش، پۈتۈن بەدەنگە قۇۋۋەت پەيدا قىلىش، سوغۇقتىن بولغان باش قېيىش، كۆز تورلىشىش، بۆرەكنى ياشارتىش، يۈرەكنى كۈچلەندۈرۈش، باھنى قۇۋۋەتلەش، ئاياللارنىڭ سۈتىنى كۆپەيتىش، ئاشقازاندىكى زىيادە ھۆللۈكنى تەڭشەپ، ئاشقازاننىڭ خىزمىتىنى ياخشىلاش، زىققا قاتارلىق كېسەللەرگە مۇۋاپىق ھالدا دورا سۈپىتىدە ئىشلەتكەن. 2-باسقۇچتىكى پىشقان ئارا ئۈجمىنى ئاپتاپتا قۇرۇتۇپ، ھاۋانچىدا ئۆرۈك مېغىزى، بادام، ياڭاق بىلەن قوشۇپ ئۇگۇپ تالقان قىلىپ ئىستېمال قىلسا ئۇ تېخىمۇ يۇقىرى سۈپەتلىك يېشىل يېمەكلىك ھېسابلىنىدۇ. 2-باسقۇچنىڭ ئاخىرى ۋە 3-باسقۇچنىڭ باشلىرىدا پىشقان ئۈجمىنى پاكىز داستىخان (شىلدىرشاپ) ۋە شۇنىڭغا ئوخشايدىغان نەرسىلەرگە ئىرغىتىپ، پاكىز لاپ بولغاندىن كېيىن، ياغلىققا سېلىپ سىقىپ شەربەت چىقىرىپ، ئاندىن بۇ شەربەتنى ياكى قويۇلۇپ ئۇماچتەك بولغۇچە قاينىتىپ شىرنە مەھسۇلاتى ئىشلەپچىقارسا، بۇنىڭ ئوزۇقلۇق قىممىتى ۋە دورىلىق قىممىتى يۇقىرى بولۇپ، زەھەرسىز ئالاھىدە مەھسۇلاتقا ئايلىنىدۇ. ئەجدادلىرىمىز يەنە ئۈجمىنىڭ دەسلەپكى پىشىشتىن ئىلگىرىكى يۇمران يوپۇرماقلىرىنى قاينىتىپ، قان بېسىمنى چۈشۈرۈش، كۆزنى روشەنلەشتۈرۈش، كاناي ياللۇغى، ھەر خىل ئۆپكە كېسەللىرىنى داۋالاشقا،

ئاپتاپتا ئىسسىق ئۆتۈپ كەتكەنلەرنى داۋالاشقا ئىشلەتكەن. يۇقىرىدا ئۈجمىنىڭ دورىلىق خۇسۇسىيتى ئۈستىدە سۆزلەپ ئۆتكىنىمىز، شۇنداقلا ئېيتىلغان كىتابىي سۆز بولماستىن، ئەجدادلىرىمىز، بوۋا- موملىرىمىز ئىشلىتىپ تەجرىبىدىن ئۆتكەن، ئومۇملاشقان ئىشەنچلىك رېتسېپلار بولۇپ، ئەتراپلىق تەكشۈرۈش ۋە مۇشۇنى قوللانغان پىشقەدەملەر ئاغزىدىن ئاڭلاش ئارقىلىق قەلەمگە ئېلىنغان، ئۈجمە ئۆستۈرۈش ياكى ئۈجمە دەرىخىنى باشقا دەرەخلەردىن ئالاھىدە ئارتۇق بىلىش كوسراپلىقلار ئىجتىمائىي، ماددىي تۇرمۇشىنىڭ بىر قىسمىغا ئايلىنىپلا قالماستىن، بەلكى بىر خىل ئومۇمىي ئادەم دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلگەن. بۇ بەلكىم تەبىئەتنى سۆيۈش، يۇرتنى گۈزەللەشتۈرۈش، ئاۋات، كۆركەم مەھەللە بەرپا قىلىش، مۇھىتنى قوغداش ئېڭى بىلەن بىرلىشىپ، ئۈجمىنى قەدىرلەش، ھاياتنى قەدىرلەشنىڭ مۇھىم بىر جەريانىغا ئايلانغان بولسا كېرەك. پىشقەدەم ئاقساقاللىرىمىزنىڭ ياشىغان دەۋرى، ئالغان ئەخلاقىي تەربىيەسى، قويۇق ئىسلام دىنى مۇھىتىدا بولغاچقا، ئۇلار كۆپىنچە ئەھۋاللاردا كېيىنكى ئەۋلادلىرىغا «بىرەر مۆمىن كۆچەت تىكسە ياكى زىرائەت تېرىسا، ئۇنىڭ مېۋىسىدىن ئىنسان، ھايۋانات ياكى باشقىلار يېسە، ئۇنىڭ ئۈچۈن تاكى قىيامەتكىچە سەدىقە ھېسابلىنىدۇ، مېۋىسى ئوغرىلانسىمۇ، ئۇنى بىرسى سۇندۇرۇۋەتسىمۇ، يەنىلا ئۇنىڭ ئۈچۈن سەدىقىدۇر»، «ياخشىلار باغچىسى» 90 - بەت، 135 - ھەدىس، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2005 - يىلى 1 - قېتىم بېسىلىشى) دېگەن ھەدىسنى ھەر ۋاقىت سۆزلەپ تۇرۇشىمۇ مۇشۇ خىل ئۇدۇم- ئادەتنىڭ شەكىللىنىشىدە مۇھىم رول ئوينىغان. يەنە تىلغا ئېلىشقا تېگىشلىك قويۇق يەرلىك خاراكتېرگە ئىگە ئادەتلەرنىڭ بىرى 6- ئاينىڭ يېرىمىدىن كېيىن بولىدىغان «ئۈجمە سەيلىسى»دۇر. بۇ دوست- يارەنلەر، قىز- ئوغۇل ساۋاقداشلار ئارىسىدا بولىدىغان ئىختىيارىي، ئازادە ئېلىپ بېرىلىدىغان پائالىيەت بولۇپ، ئاز دېگەندىمۇ ئالتە، يەتتە ئادەم بىر ئۆگۈر (بىر توپ) بولۇپ، مەخسۇس تەييارلانغان شەدەشاپ، شىلدىرشاپ (بۇ يەرلىك شىۋە بولۇپ، ئۇزۇنلۇقى تۆت، بەش مېتىر، كەڭلىكى ئىككى مېتىردىن ئارتۇق داستىخانغا ئوخشاش رەخت )قا ئۈجمە ئىرغىتىپ، ئۇنى يىگەچ ئۆتكەن. كەچكەن ئەھمىيەتلىك ئىشلار توغرىسىدا، كېلەچەكنىڭ تېخىمۇ گۈزەل، كۆڭۈللۈك، بەختلىك بولۇشى توغرىسىدىكى، غايە، ئارزۇ- ئارمانلار توغرىسىدا پاراڭ قىلىشتۇر ياكى يۇمۇرىستىك چاقچاق، لەقەملەر بىلەن كۆڭۈل كۆتۈرۈشتۇر. بۇ پائالىيەت كۆپىنچە كۈن قىزىرىشتىن ئىلگىرى ياكى يامغۇر يېغىپ توختىغاندىن كېيىنلا ئېلىپ بېرىلىدۇ. ئۈجمە يەپ بولغاندىن كېيىن، پېشقەدەملەر مۇشۇ ئۈجمىنى سالغان كىشىنىڭ روھىغا ئاتاپ خەيرلىك دۇئا قىلىشىدۇ. بەزى ئائىلىلار يېشى سەل چوڭيىپ ئۆيدە ئولتۇرۇپ قالغان، «ئەلچى» كەلمىگەن قىزلىرى بولسا، قىزىنىڭ چېچىنى تاراپ، تارغاقتا چىققان چاچلىرىنى ئېلىپ، قىزىمىز بەختلىك بولسۇن، بەختى ئېچىلسۇن دەپ ياش ئۈجمىنىڭ نوتىسىغا باغلاپ قويۇشىدۇ، بۇ مۇشۇ ئائىلىنىڭ پەرزەنتىگە بولغان مېھىر- مۇھەببىتىنىڭ ئىپادىلىنىشى بولۇپ، بۇ خىل ئىشنى چارشەنبە كۈنى قىلىش تېخىمۇ خاسىيەتلىك ھېسابلىنىدۇ.

ئۈجمە دەرىخىنىڭ ئۆزلىرىنىڭ كۈندىلىك ماددىي تۇرمۇشىغا نەقەدەر كېرەكلىك بىر مۆجىزىكار دەرەخ ئىكەنلىكىنى ئاللىبۇرۇن تونۇپ يەتكەن كوسراپلىقلاردا «كوسراپنىڭ ئۈجمىسىنى يىگەن ئادەم ئەنجاندا تۇرماپتۇ» دېگەن ماقال پەيدا بولغان. بۇنىڭدىن كوسراپ ئۈجمە مېۋىسىنىڭ تەمى، شىپالىق رولى ۋە كوسراپلىقلارنىڭ ئۈجمە دەرىخىنى ئۇلۇغلاش ئىدىيەسىنىڭ روشەن ئىپادىسىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. دەرەخ سىلىپ، ئۆز يۇرتىنى كۆكەرتىش، ئۇنىڭدىن ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي ئۈنۈم ھاسىل قىلىش — تەبىئەتنى گۈزەللەشتۈرۈش، مۇھىتنى قوغداش، قەدىرلەشكە، مەدھىيەلەشكە، قوللاشقا، ئاپىرىن ئوقۇشقا تېگىشلىك ئۇلۇغۋار روھتۇر.

(ئاپتور: ئاقتۇ ناھىيەسى كوسراپ يېزىسى 1- كەنت، 1- مەھەللە، كوسراپ ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ پېنسىيونېرى)



# ئېپوس ۋە داستانلاردىكى چىپار ئات ئوبرازى



مۇھەررەم مىرئابدۇللا

ئالتاي مەدەنىيەت تىپىنى يارىتىشتا ئاساسىي ئورۇندا تۇرغان، ئاتلىقلار مەدەنىيىتىگە بىۋاسىتە ئىشتىراك قىلغان تۈركىي تىللىق خەلقلەر ئۆز تارىخىدا ئاجايىپ قەھرىمانلىق ئېپوسلىرىنى ياراتتى. ئۇلار شەرق خەلقلەر ئەدەبىياتى خەزىنىسىدە جۇلالىنىپ تۇرغان «ئوغۇزنامە»، «ماناس»، «دەدە قورقۇت» ۋە «ئالپامىش»... قاتارلىق ئېپوسلىرى بىلەن پەخىرلىنىدۇ. ئۇلار بۇ ئېپوسلىرىدا ئۆزلىرىنىڭ ئەقلىي راۋاجىنى ۋە مەنىۋى دۇنياسىنى چۈشىنىدۇ، ئۆز ئەجدادلىرىنىڭ باللىق چاغلىرىنى كۆرىدۇ. راست، ئۇلار شۇنداق قىلىشى كېرەك ۋە شۇنداق قىلىشقا تامامەن ھەقلىق. چۈنكى، بۇ تۈركىي تىلدىكى مىللەتلەر ئۆز بېشىدىن قەھرىمانلىق دەۋرىنى ئۆتكۈزگەن خەلق، ھەر قانداق بىر مىللەت قەھرىمانلىق دەۋرىدىلا قەھرىمانلىق ئېپوسلىرىنى يارىتالايدۇ، قەھرىمانلىق دەۋرىنى بېشىدىن كەچۈرمىگەن مىللەتنىڭ بۇنداق ئېپوسلىرى بولمايدۇ.

تۈركىي تىلدىكى خەلقلەر ناھايىتى ئۇزاق قەدىمكى زاماندىن بۇيان ياراتقان فولكلور ۋە خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىكى ئەپسانىلەردە چىپار ئاتنىڭ ئوبرازى تولىمۇ يۈكسەك ئورۇندا تۇرىدۇ. نېمە ئۈچۈن تۈركىي تىلدىكى خەلق ئېپوس، داستانلىرىدا قەھرىمانلارنىڭ مىنىدىغان ئېتى بىر چىپار دۇلدۇلغا باغلىنىدۇ؟ بۇ «چىپار» قانداق كېلىپ

چىققان؟ بۇ زادى قانداق مەنىگە ئىگە؟

«ئوغۇزنامە» ئېپوسىدا ئوغۇز خاقان مىنگەن چىپار ئايغىر ئۈچۈن ئالاھىدە سەھىپە يېزىلىدۇ. «ئوغۇز خاقان بىر چىپار ئايغىرغا مىنەتتى ۋە بۇ ئايغىرنى بەك ياخشى كۆرەتتى. يولدا مۇشۇ ئايغىر يوقىلىپ كەتتى، قېچىپ كەتتى. بۇ يەردە بىر تاغ بار ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىدە قارمۇز بولۇپ، چوققىلىرى سوغۇقتىن ئاپپاق تۇراتتى. شۇڭا ئۇ مۇز تاغ دەپ ئاتىلاتتى. ئوغۇز خاقانىنىڭ ئېتى مۇز تاغ ئىچىگە قېچىپ كىرىپ كەتكەنىدى. بۇنىڭدىن ئوغۇز خاقان ئۇزاق ۋاقىت قايغۇ چەكتى. قوشۇندا بىر باتۇر بەگ بولۇپ، ئۇ ھېچنېمىدىن قورقمايتتى. ئۇ يول يۈرۈشكە، سوغۇققا چىدامىلىق ئىدى. ئاشۇ بەگ تاغ ئارىسىغا كىرىپ، توققۇز كۈندىن كېيىن ئوغۇز خاقانغا ئايغىرنى ئەكىلىپ بەردى. مۇز تاغدا قاتتىق سوغۇق بولغانلىقتىن، ئۇ بەگ قارغا كۆمۈلۈپ ئاپپاق بولۇپ كەتكەنىدى. ئوغۇز خاقان خۇشاللىق بىلەن كۈلدى ۋە ‹ئەي› سەن بەگلەرگە بولغىن باشلىق، مەڭگۈلۈك ئىسىم بولسۇن ساڭا قارلۇق، دېدى ھەمدە ئۇنىڭغا كۆپلىگەن مال-دۇنيا ھەدىيە قىلىپ يۈرۈپ كەتتى...»

يۇقىرىقى بايانلاردا چىپار ئايغىرنىڭ ئوغۇز خاقان ئۈچۈن نەدەقەدەر قىممەتلىك ئىكەنلىكى مۇنازىرە تەلەپ قىلمايدۇ. بۇ ئايغىرنى توققۇز كۈندە تېپىپ كەلگەن ئەزدەمەتكە ئوغۇز خاقان ئۆزىنىڭ پۈتمەس مىننەتدارلىقىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن ئۇنى قەبىلە باشلىقى قىلىپ، ئۇنىڭ قەبىلىسىگە «قارلۇق» دېگەن نامنى بېرىدۇ. ئەمدى «ماناس» ئېپوسىغا نەزەر ئاغدۇرايلى: «ماناس» ئېپوسىدىكى باتۇر ماناسنىڭ مىنىدىغان دۇلدۇلى قۇلاتاي موڭغۇل خانىنىڭ يىلقىلىرى ئىچىدىكى بىر چىپار بايتال ئۈچ يىلدا بىر قېتىم ئالتاينىڭ ئايدىڭ كۆلىگە قېچىپ بېرىپ، كۆلنىڭ ئىچىدىن چىقىدىغان تۇلپار بىلەن جۈپلىشىپ تۇغقان دۇلدۇل ئىدى. بۇ ناھايىتى قويۇق ئەپسانەۋى رىۋايەت تۈسىنى ئالغان بايان بولسىمۇ، بىزنى ئويغا سالىدۇ. چۈنكى، ئات ئەڭ بۇرۇن كۆندۈرۈلگەن ئورۇنمۇ نەق ئالتاي مەدەنىيەت تىپى دائىرىسىدىكى ئوتتۇرا ئاسيا ئىدى. «ماناس» ئېپوسىدىكى باتۇر ماناسنىڭ قۇلا تىپى قەدىمكى تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ ئاق ئات ئىلاھىغا تېۋىنىش قارىشىنىڭ مۇجەسسەملەنگەن ئوبرازى سۈپىتىدە نامايان بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ نەسلىنى يەنە ئاپىرىپ چىپار دۇلدۇلغا ۋە ئالتاي كۆلىگە باغلىغىنى ھەرگىزمۇ ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس.

«ئالپامىش» ئېپوسىدىمۇ باتۇر ئالپامىش قالماق ئېلىگە بېرىپ سۆيگۈنى بەرچىن بىلەن تاغىسىنى زۇلۇمدىن قۇتقۇزۇش ئۈچۈن قالماقلارنىڭ يىلقىلىرى ئارىسىغا بېرىپ ئات تاللايدۇ. ئۇ ئاتقا ئۈچ قېتىم سالغا تاشلايدۇ، بۇ سالغىلارنىڭ ھەممىسى پەقەت بىرلا چىپار كۆكنىڭ بويىنىغا چۈشىدۇ. چىپار كۆك ئەسلىدە بايبۆرىنىڭ قۇلتاي دېگەن يىلقىچىسى «بۇ تۇلپار بولىدۇ» دەپ ئۇنىڭغا ئەكىلىپ بەرگەن تاي ئىدى. باتۇر ئالپامىشقا چىپار كۆك تاينى «قانات» قىلىپ بەرگەنىدى. يىلقىلار ئىچىدىن مانا مۇشۇنداق دۇلدۇلنى تاللاپ مىنگەن ئالپامىش ئۆز سۆيگۈسى ئۈچۈن بارلىقىدىن كەچكەن ھالدا قونجىراپتىن قالماق ئېلىگە قاراپ ئۇرۇشقا ماڭىدۇ. مانا بۇ «ئالپامىش» ئېپوسىدىمۇ باتۇر ئالپامىشنىڭ مىنىدىغان ئېتى ئىزچىل ھالدا بىر چىپار دۇلدۇلغا باغلىنىدۇ.

ئۇيغۇر خەلق جەڭنامە-قىسسەلىرىنىڭ بىرى بولغان «كەنئان باتۇر» داستانىدا شاھىي مەردان يىگىت كەنئان باتۇر ئابۇ قەھرى باتۇر بىلەن چۆل-باياۋاندا تۆت كېچە-كۈندۈز قىلىچۋازلىق قىلىپ، ئاخىر يېڭىلىپ قېلىپ، پۇت-قولى پارچىلىنىپ، باياۋاندا قانغا مىلىنىدۇ. ئۇنىڭ ئامراق «ئايشەكلى توروق» دۇلدۇلى ئابۇ قەھرى باتۇر تەرىپىدىن 41 پارچە قىلىۋېتىلىدۇ. شۇ چاغدا بىر موماي ئۈچ تامچە ئىلىك سۈتنى كەنئان باتۇرنىڭ ئاغزىغا تېمىتىپ، كەنئان باتۇرنى ئاۋۋالقى باتۇر يىگىت، شاھى مەردان قىياپىتىگە كىرگۈزىدۇ. شۇ چاغدا كەنئان باتۇر ئورنىدىن تۇرۇپ، مومايىنىڭ ئېتىكىگە باش قويۇپ، مومايىنى ئۆز ئانىسىدىن چارە كۆرۈپ، كۆز ياشلىرى ۋە 41 پارچىگە بۆلۈنۈپ كەتكەن توروق دۇلدۇلنى ئىما قىلىپ، مومايدىن دۇلدۇلنىمۇ ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى ئىلتىجا قىلىدى. شۇندا موماي:

— ئى ئوغلۇم، ئاللا سېنى بەقۇۋۋەت قىلدى. ئەمدى ئاللا بۇيرۇسا دۇلدۇلۇڭمۇ ئەسلىگە كەلگەي. لېكىن سەۋر-تاقەت قىل. كۈن غىلابىغا كىرىپ، ئاسمانغا يۇلتۇز چىقسۇن، ئاندىن كۆك دېڭىزغا بارغايمىز. دېڭىز ئىچىدە يىلقىلارنىڭ ياۋىسى سۇ ئېتى بار. بۇ چىپار بايتالنىڭ يېڭى تۇغۇلغان قۇلۇنى بار. چىپار بايتال تۈن نىسپى بولغاندا ساھىلغا چىقىدۇ. قۇلۇننى ئېمىتىۋاتقاندا ئۇنىڭ



سۈتنى ئالساق، دۇلدۇلۇڭغا جان دورا بولىدۇ، — دېدى.

دېمەك، «كەنئان باتۇر» ناملىق بۇ قىسسە داستاندىمۇ باتۇرنىڭ مىنىدىغان «ئايشەكلى تورۇق» دۇلدۇلىمۇ ۋاستىلىك ھالدا دېڭىز (كۆل) ئىچىدىكى چىپار بايتالغا باغلىنىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا يەنە ئۇيغۇر خەلق داستانلىرىنىڭ بىرى بولغان «ئەمىر گۆر ئوغلى» ناملىق داستاندىمۇ ئەمىر گۆر ئوغلى ئۆزى ئىمپ چوڭ بولغان ئالا بايتىلنى يات ئەلنىڭ دانىيات ئىسىملىك پالۋانى مىنىدىغان «لەيلى قىر» دېگەن چىپار ئايغىرغا چاپتۇرىدۇ. ئارىدىن بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن ئالا بايتال «لەيلى قىر»غا ئوخشاش بىر تۇلپار تۇغىدۇ، ئۇنىڭ ھەممە يېرى دانىياتنىڭ ئېتىغا ئوخشاش چىپار بولغان.

دېمەك، تۈركىي تىلدىكى خەلقلەرنىڭ ئېپوس، داستانلىرىدىكى باتۇرلارنىڭ مىنىدىغان ئېتىنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى بىۋاستە ياكى ۋاستىلىك ھالدا ئالتاينىڭ ئايدىڭ كۆلدىكى — كۆلنىڭ ئىچىدىن چىققان تۇلپار بىلەن جۈپلىشىش نەتىجىسىدە تۇغۇلغان دۇلدۇلغا باغلىنىدۇ. بۇ ئەھۋاللار ياپونىيە ئالىمى جاڭ شاڭپۇفۇ ئەپەندىنىڭ «ئاتلىق مىللەتلەر ھاكىمىيەتلىرى» ناملىق كىتابىدا: «مەدەنىيەت، تارىخ، ئارخېئولوگىيە نۇقتىلىرىدىن ئالتاي مەدەنىيەت تىپى دائىرىسىدە ئاساسلىق رول ئوينىغان تۈركىي تىلدىكى خەلقلەر ۋە ئۇلارنىڭ ئەجدادلىرى ئاتنىڭ ۋاستىسى بىلەن بۇ مەدەنىيەت چەمبىرىكىنىڭ ئاساسىي جاھازىسىنى تەشكىل قىلغان» دېگەن قارىشىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئىسپاتلاپ بېرىدۇ.

چىپار ئات زادى قانداق مەنىگە ئىگە؟ دېگەن مەسىلىگە كەلسەك، بۇ ئۇيغۇرلارنىڭ پالنامە كىتابى «ئىرق بىتىگ»دە ناھايىتى روشەن. «ئىرق بىتىگ»تىكى 14 چۇش تەبىرى بىۋاستە ھالدىلا ئات بىلەن باغلىنىدۇ. «ئىرق بىتىگ»تىكى ئەنە ئاشۇ ئاتقا ئائىت چۇشنىڭ تەبىرلىرى چوڭقۇر ئىجتىمائىي ئاساسقا ئىگە بولۇپ، ياخشىلىقتىن بېشارەت بەرگۈچى سۈپىتىدە تىلغا ئېلىنىدۇ. مەسىلەن،

«مەن تەقدىر تەڭرىسى، چىپار ئات مىنگەن، كېچە ۋە كۈندۈز چاپىمەن،

(ئالدىدا) ئۇ ئىككى ئايىنى —

ئادەم بالىسىنى خۇش چىرايىنى كۆردى،

ئادەم قورققاندى،

‹قورقما!› — خىتا قىلدى.

‹مەن ساڭا بەخت ئاتا قىلىمەن!› — دېدى ئۇ، بىلىڭلاركى، بۇ ياخشىلىق.

يۇقىرىقى «ئىرق بىتىگ»تىن نەقىل كەلتۈرۈلگەن مىسالدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە مەركىزىي ئاسىيا ئەدەبىياتىدا چىپار ئات ۋاقىتنىڭ تېز ئۆتىدىغانلىقىغا سىېلىشتۇرۇلىدۇ. ئاتنىڭ تېنىدىكى ئاق ۋە قارا رەڭلەرنىڭ ئالمىشىشى كۈندۈز بىلەن كېچىنىڭ ئالماشقانلىقىغا ئوخشىتىلىدۇ. چۈنكى، ئادەتتە چىپار دېگىنىمىزدە، ئاق رەڭ بىلەن قارا رەڭنىڭ ئارىلاشمىسى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. بىزنىڭ ئېپوس، داستانلىرىمىزدىكى باتۇرلار مىنىدىغان چىپار ئاتلارنىڭ ھەممىسى شامالدىن تېز ئۇچىدىغان دۇلدۇل تىمسالىدا گەۋدىلىنىدۇ. ئالايلى:

ئىنايىتۇللا كەنبۇنىڭ «سادىق ۋە ساداقەتسىز خاتۇنلار توغرىسىدا» ناملىق كىتابىدا «تەقدىردىن ئۇنىڭغا ۋاقىتنىڭ چىپار ئېتىنى باشقۇرۇش پۈتۈلگەن» دېگەن بىر جۈملە بار. بۇ سۆز بىلەن يۇقىرىدىكى «ئىرق بىتىگ»تىن ئالغان مىسالىمىز مەزمۇن جەھەتتە تامامەن بىردەك. شۇڭا تۈركىي تىلدىكى خەلقلەرنىڭ ئېپوس، داستانلىرىدىكى چىپار ئات ئادەتتە ۋاقىتنىڭ ئوبرازىدۇر.

(ئاپتور: ئىلى پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى فىلولوگىيە فاكۇلتېتىدىن)



# ئەندىجانغا زىيارەت

تەلئەت ناسرى

ئۆز زامانىسدا «ئەندىجانلىق» سۆزى ئەندىجاندىن كەلگەنلەرگە قارىتىلاتتى. كېيىن بۇ ئۇقۇم ئۆزبېكستاندىن كەلگەن ئۆزبېكلەرگە قارىتىلغان جانلىق تىلغا ئايلاندى. مەن بۇ يىل ئۆزبېكستاننىڭ ئەندىجان، پەرغانە، قوقان، مەرغىلان، بۇخارا، شاھى مەردان قاتارلىق جايلارغا قىلغان زىيارىتىمنى يەڭگىل چۈشەندۈرۈش مەقسىتىدە «ئەندىجانغا زىيارەت» دېگەن تېمىدا بايان قىلدىم.

1999-يىلى ئەسىرىمىزنىڭ 2000-يىلىغا قەدەم قويۇش ھارپىسىنىڭ 5-، 7-ئايلىرىدا ئۆزبېكستانغا بېرىپ تۇغقان يوقلاشنىڭ 3-قېتىمقىسى ماڭا نېسىپ بولغانىدى. ئالدىنقى ئىككى قېتىمدا تاشكەنتتىن باشقا سەمەرقەنتنى «غىل-پال» كۆرۈپ قايتقانىدىم، بۇ نۆۋەت بولسا ئاتا-بوۋىلار ياشىغان بۇ مەملىكەتنىڭ ئوتتۇرا ئاسىياغا داڭدار بولغان شەھەر، ۋىلايەتلىرىنى كۆرۈشكە مۇيەسسەر بولدۇم.

ئۆزبېكستاننىڭ پايتەختى تاشكەنتتە ئۇرۇق-تۇغقان قېرىنداشلىرىمدىن باشقا، بالىلىقىمدا مەملىكىتىمىزنىڭ غۇلجا شەھرىدىكى ئۆزبېك نەمۇنە مەكتىپىدە بىللە ئوقۇغان ساۋاقداشلىرىممۇ بار ئىدى. ئۇلاردىن بالىلىقىمدا بىللە ئويناپ چوڭ بولغان قەدىناس دوستلىرىمدىن ئەبدۇرەشىت ئەبدىرەئوپ ئوغلى، ئەبدىخەمىت مىرمەجىتلەر سەپەردە ماڭا ھەمراھ ۋە يول باشلىغۇچى بولدى.

بىز 15-ماي سەھەردە ئەبدىرەشىتنىڭ «تويوتو» ماشىنىسىغا ئولتۇرۇپ تاشكەنتتىن توغرى قوقانغا يول ئالدۇق.

ئۆزبېكستاننىڭ شەھەر، ۋىلايەتلىرىنى تۇتاشتۇرىدىغان

يوللار سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى زامانىسىدا ياسالغان تېز سۈرئەتلىك ئاسفالت يوللار ئىدى. كەڭلىكى سەككىز مېتىردىن 22 مېتىرغىچە بولغان بۇ يوللار ئۇزاقتىن بېرى رېمونت قىلىنمىغان بولسىمۇ، ئۆز ھالىتىنى ئاساسىي جەھەتتىن ساقلاپ، تۈرلۈك زامانىۋى ماشىنىلارنى كەڭ باغرىدا سائىتىگە 100 كىلومېتىرلىق سۈرئەتتە راۋان يۈرگۈزەتتى.

بىز يولغا چىقىپ كۆپ ئۆتمەي، ئۆزبېكىستان رېسپۇبلىكىسىنىڭ يېڭى سانائەت شەھەرلىرى «ئالمالىق» ۋە «ئاھاڭگىراڭ»لاردىن ئۆتۈپ، «قەمچىق» داۋىنىغا قايتىپ كەلدۇق. داۋاندا قايتا كېڭەيتىپ ياسىلىۋاتقان تاشيول قۇرۇلۇشى جىددىي كېتىپ باراتتى. ماشىنىنى ھەيدەپ كېتىپ بارغان دوستۇم ئەبدىرەشىت چۈشەندۈردى:

— بۇ يول قىرغىزىستان ئارقىلىق قەشقەرگە تۇتاشتۇرۇلىدىغان جۇڭگو-ئۆزبېكىستان تاشيولى ئەھۋالىدىن قارىغاندا تېز پۈتسە كېرەك.

بۇ يەردە ئەمگەك ھەقىقەتەنمۇ قىزغىن ئىدى. تۈرلۈك كىرانلار، توپا ئىتتىرىش، يول چىڭداش ۋە تۈزلەش ماشىنىلىرىنىڭ گۈرۈلدەشلىرى، ئادەملەرنىڭ جۇشقۇن تاۋۇشلىرى راۋان باغرىنى جانلاندۇرۇۋەتكەنىدى.

ماشىنا تاغ چوققىسىغا كۆتۈرۈلگەندە، بىر چەتتە توختىتىۋىدە، چۈشۈپ ئەتراپقا نەزەر تاشلىدىم. بۇ يەردىكى تاغلار بىزنىڭكىدەك بەلەن بولمىسىمۇ، ئۆزىگە خاس مەنزىرىسىدە زوق قوزغايتتى. تاغ ئېتىكىدىكى قىرلىرى يېشىل مەخمەلگە چۈمگەن تىنىق كۆل، جىرالاردىكى توقايلىقلار، ياۋا مېۋىزارلىقلار، رەڭدار گۈللەرگە پۈركەنگەن توپىلىقلار، تاغ باغرىدا قارىغاي ئورنىدا ئۆسكەن ئارچىلار كۆز ئالدىمىزدا شامال ئېلىپ كەلگەن ئۇلارنىڭ خۇش پۇراقلىرى كىشىگە ئويغاق ۋە ئىللىق ھوزۇر بەخش ئېتەتتى، كۆرۈنۈپ تۇرغان مەنزىرە گوياكى ئوخشىتىپ سىزىلغان چىرايلىق رەسىمدەك نامايان بولدى.

— ئەنە قارا، — دېدى ئەبدىرەشىت چۈشەندۈرۈپ، — بۇ يەردىكى ئارچىلار، غۇلجا تاغلىرىدىكى ئارچىلاردەك يان باغىرلاپ ئۆسمەي، تىك ئۆسىدۇ، شەكلىمۇ



ئۆزبېكىستان مەركىزى تاشكەنتتىكى جۇڭگو باش ئەلچىسى لى جىڭشيەن ئەپەندى ئۇيۇشتۇرغان كۈتۈۋېلىش يىغىنىدىن خاتىرە.

ئۆزگىچە.

مەن نەزىرىمنى تەبىئەتتىن ئېلىپ يولغا تاشلىدىم. يىلان باغرى كەتكەن بۇ يول، ئەجدادلىرىمىز قالدۇرغان يىپەك يولىنى تېز داۋاملاشتۇرۇش ئۈچۈن، دەۋرىمىز قولىدا قارىسىلداۋاتقان قامچىدەك تولغىنىپ تۇراتتى.

تاشكەنت ۋاقتى ئەتىگەن سائەت توققۇز يېرىمدا سىر دەرياسى كۆۋرۈكىدىن ئۆتۈپ قوقانغا كىرىپ كەلدۇق. قوقان شەھەرلىك مەدەنىيەت مەركىزىنىڭ مەسئۇلى بىزنى مەشھۇر ئۆزبېك كلاسسىك شائىرى زاكىرجان خالمۇھەممەت ئوغلى فۇرقەتنىڭ بالىلىق ۋە ياشلىقىدا ئۆتكەن «خىشت كۆۋرۈك»، «زەرى ئىسسىكى بەشئېرىق» مەھەللىسىگە ئېلىپ كەلدى. فۇرقەتنىڭ بالىلىق چېغىدا تۇرغان ئۆيى ئۆتكەن ھويلا-ئارانلار ئۆز ھالىتىنى يوقاتقان بولسىمۇ، مەھەللە بۇرۇنقى پېتى تۇرۇپتۇ. ھۆكۈمەت بۇ يەرگە «فۇرقەت مەھەللىسى» دەپ نام بېرىپتۇ. مەن بۇ يەردە فۇرقەتنىڭ شىنجاڭدىكى ھاياتى، يەكەندىكى مەقبەرىسى شىنجاڭ ئۆزبېك جەمئىيىتىنىڭ فۇرقەتنىڭ ھاياتى ۋە ئىجادىيىتى بويىچە ئىشلىگەن تەتقىقات نەتىجىلىرى ھەققىدە قىسقىچە سۆزلەپ بەردىم، مەمنۇن بولغان ھالدا قىزىقىسىنىپ ئاڭلاشتى.

فۇرقەت مەھەللىسىدىكىلەر بىلەن خەيرلىشىپ خۇدايارخان ئوردىسىغا كەلدۇق. مەشھۇر ئۆزبېك يازغۇچىسى ئابدۇللا قادىرىنىڭ «مېھرابتىن چايان»، «ئۆتكەن كۈنلەر» رومانلىرىنى ئوقۇغىنىمدا، تۈركىستان خاندانلىقىنىڭ ئاخىرقى ۋەكىلى خۇدايارخان ۋە ئۇنىڭ ھەشەمەتلىك ئوردىسى ھەققىدە يېتەرلىك چۈشەنچىگە ئېرىشكەنىدىم. مانا ھازىر شۇ ئوردىنىڭ ئۆزىنى كۆرۈپ تۇرۇپتىمەن. ئۆزبېك نەققاشچىلىق سەنئىتى جۇلالىنىپ تۇرغان ھەيۋەتلىك ئوردا دەرۋازىسى ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيىتىنى نامايان قىلىپ قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى. ئەپسۇسلىنارلىقى ئوردىنىڭ تاشقىرى ھويلىسى بىلەن ئوتتۇرا ھويلىسى ۋە ئەتراپىدىكى ياتاق ئۆي ۋە قوبۇلخانىلارلا ساقلىنىپ قالغان، مەركىزي ئوردا ۋە ئارقا ھويلا-ئاران، ھەرەمخانىلار چېقىلىپ، ئورنىغا يېڭىچە ئىمارەتلەر سېلىنىپ كېتىپتۇ. بىزگە ئەھۋالنى چۈشەندۈرگەن مۇزېيخانا مەسئۇلى كامۇناخان خانىم ئوردىنى ئەسلىي ھالىتىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن جىددىي تەييارلىق قىلىۋاتقانلىقىنى ئېيتتى.

بىز قوقانلىقلار بىلەن خوشلىشىپ يول ياقىسىدىكى سەبدە دەرىخى ئاستىغا جايلاشقان چايخانىدا ھاردۇق چىقىرىپ، ئاندىن سەپىرىمىزنى داۋام ئەتتۇق.

— ھەمزە ھەكىم زادە نىيازىنى ئەسلەمسەن؟ — سوراپ قالدى، ساۋاقدىشىم ئەبدىخەمت.

— نېمىشقا ئەسلىمەي، مەكتەپتىكى چېغىمىزدا ئۇنىڭ شېئىرلىرىنى يادلىغان تۇرسام، سېنىڭ قانداقچە ئېسىڭگە كېلىپ قالدى؟ — سورىدىم ئەبدىخەمتتىن.

— ماڭدۇق ئەمىسە، — دېدى ئەبدىخەمت ئەبدىرەشىتنىڭ دولىسىغا ئۇرۇپ.

— نەگە؟ — سورىدىم ھەيران بولۇپ.

— «شاھى مەردان»غا، ھەمزىنىڭ مەقبەرىسى شۇ يەردە، ئۇنى «تاش بوران» قىلغان يەرلىرىنىمۇ كۆرسەن، ئۆز ۋاقتىدا بىز كۆپ بارغان تاغ ئارىسى، بەكمۇ مەنزىرىلىك جاي، — چۈشەندۈردى ئەبدىخەمت.

50-يىللىرى شىنجاڭدىكى باشلانغۇچ ۋە تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپلىرىنىڭ كۆپىنچە دەرسلىكلىرى تاشكەنت ۋە ئالمۇتادىن كېلەتتى. بىزنىڭ ئۆزبېك مەكتىپىگە ئەۋەتىلگەن دەرسلىكلەر ئۆزبېك تىلىدا ئىدى. مەن ئەدەبىيات دەرسىگە قىزىقىدىغانلىقىم ئۈچۈن ئۆزبېك يازغۇچى، شائىرلىرىدىن ئابدۇللا قادىرى، چولپان، فىكرى، چوستى، ئۇيغۇن، غاپۇر غۇلام، خەمت ئالىمجان، ھەمزە ھەكىمزادە، زۇلفىيە... قاتارلىقلارنىڭ ئىجادىي پائالىيەتلىرى بىلەن خېلىلا تونۇش ئىدىم. ياش شائىر ھەمزە ھەكىمزادىنىڭ يەرلىك روھانىيلار تەرىپىدىن «تاش بوران» قىلىپ ئۆلتۈرۈلگەنلىكى ھەققىدە ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىمىز تەسىرلىك قىلىپ سۆزلەپ بەرگەنىدى، مانا ئەمدى نەق شۇ يەرگە كېتىپ بارماقتىمىز.

بىز تاغ ئىچىگە كىرگەنسېرى مەنزىرە گۈزەللىشىپ باراتتى. يول تۆۋىنىدىكى سايدا ئويناقشىپ ئېقىۋاتقان زۇمرەت تاغ سۈيى، بىر تامانى قىرغىزىستانغا تۇتىشىپ كېتىدىغان بۇ ماكانىنىڭ جان تومۇرىدەك تىنىمسىز جۇشقۇنلايتتى. بىز «ھەمزە ئاباد» ئاتالغان شاھى مەردانىنىڭ مەركىزي بازىرىغا يېتىپ كەلدۇق، تاغ باغرىدىكى توپىلىقتا ھەمزىنىڭ مەقبەرىسى كۆرۈنۈپ تۇراتتى، مەقبەرىگە قارايدىغان ئۆزبېك بوۋاي راخمان ئەلى ئاتا ماڭا نېرىدىكى تۆپىلىكنى كۆرسىتىپ، ھەمزىنىڭ شۇ يەردە روھانىيلار قايمۇقتۇرغان يەرلىك خەلق تەرىپىدىن «تاش بوران» قىلىپ ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى سۆزلەپ بەردى.

* * *

تېز سۈرئەتلىك يولدا ماشىنا ئۇچقاندەك كېتىۋاتقاچقا،



ئۆزبېكىستانسكى ۋەتەنداشلار. (1999 ـ يىل، ئىيۇن)



بەزى جايلاردىن توختىماي ئۆتەتتۇق. بىز شاھى مەردانغا
كېلىش ئالدىدا ساپال قاچىسى داڭلىق بولغان باغداد ـ تۇ ـ
مەنى ھەمدە ئاش چامغۇرى داڭلىق بولغان «ئالتە
ئېرىق» يېزىلىرىدىن ئۆتكەندۇق. ھازىر بولسا پەرغانە
ۋىلايىتىگە يېتىپ كەلدۇق. بىز پەرغانە شەھەرلىك ھۆكۈ ـ
مەت بىناسى يېنىدا ماشىنىدىن چىقىپ، ئەتراپنى ئايلاندۇق.
سايىۋان دەرەخلەر تىكىلگەن كوچىلار پاكىز ھەم
ئازادە ئىدى. يولنىڭ ئىككى يېقىدا ئاھالىلەرنىڭ، شەخسـ
لەرنىڭ ھويلا ـ ئارانلىرى، مېۋىزار ـ گۈلزارلىق باغلىرى بار
ئىدى. ئاھالىلەر ھويلا باغچىسىدا گۈل ـ گىياھ، مېۋىلىك
دەرەخ ئۆستۈرىدىغان ئادەت ئۆزبېكىستاننىڭ تاشكەنتتىن
ئۆز ئىچىگە ئالغان بارلىق شەھەر يېزىلىرىدا ئادەتكە ئاي ـ
لانغان بولۇپ، كىشلەر ھويلا ـ ئارانلىرىدا گۈل ـ گىياھلار ـ
نى ئۆستۈرۈش، كۆكەرتىش، مۇھىت ئاسراشقا بەك ئەھـ
مىيەت بېرىدىكەن، يېشىللىقنى پەرۋىش قىلىش ئۇلارنىڭ
تۇرمۇشىدىكى تەبىئىي ھال بولۇپ قالغان.

پەرغانە ۋادىسىنى ئايلىنىش جەريانىدا بالا ۋاقتىمدا
كۆرگەن «پەرغانە قىزى» كىنو فىلىمىنى ئەسلىدىم. شۇ
ۋاقىتلاردا بۇ گۈزەل ۋادىنىڭ كىنودىكى مەنزىرىلىرى
گۆدەك قەلبىمدە ئەسلەپ تۇرغۇدەك تەسىراتلار قالدۇر ـ
غانىدى.

ئەمدىكى مەنزىلىمىز ئەندىجان ئىدى. يولدا «ئەسە ـ
كە» تۇمەندىن ئۆتتۇق، ھازىر ئۆزبېكىستاندا چىقىۋاتقان
«نېكسىيې»، «تېكو»، «داماس» ناملىق چوڭ ـ كىچىك
ماشىنىلارنىڭ زاۋۇتلىرى ئەسەكەدە ئىكەن.

كەچ سائەت يەتتە يېرىمدا ئەندىجاننىڭ خوجا ئاباد
رايونىغا كەلدۇق. بۇ يەردە ئەبدىخەمتنىڭ ئابدۇللا نەبى ـ
يوۋ كالخوزىدىكى ئىنىسى ئەبدىخەمتنىڭ ئائىلىسىدە
مېھمان بولدۇق. كالخوزىدا ئەبدىخەمتنىڭ ئىنى ـ سىڭىل،
كۈيۈئوغۇل تۇغقانلىرى جەم بولۇشتى، قىزغىن سۆھبەت ـ
لەشتۇق. ئۇلارنىڭ تۇرمۇشى يامان ئەمەس ئۆتىدىكەن،
يەرگە ئاساسلىقى پاختا تېرىيدىكەن، كالخوزىدا ئادەم
كۆپ بولغاچقا، مەھسۇلات قىممىتىنى كۆڭۈلدىكىدەك قام ـ
دىيالمايدىكەن. ئۆزبېكىستان ھۆكۈمىتىنىڭ ئىسلاھاتنى
چوڭقۇرلاشتۇرۇش جەريانىدىكى چارە ـ تەدبىرلىرى ھەر
بىر ئائىلە شەخسلەرگىچە ئۆز تەسىرىنى كۆرسىتىۋېتىپتۇ.
ئۇلار كالخوزنى ئۆزبېكىستان ھۆكۈمىتى يولغا قويغان
ئىسلاھاتنىڭ روھى بويىچە ئەزالار پاي قوشقان فېرمىغا
ئۆزگەرتىشكە تىرىشىۋېتىپتۇ، ئەبدىخەمتنىڭ «ژىگولى»
ماشىنىسىدا ئولتۇرۇپ كەلگەن كۈيۈئوغلى مەندىن قىزىق ـ
سىنغان ھالدا سورىدى:

ــ ئاڭلىساق، سىلەردە ھەممە ئىش جانلىق ئېلىپ

بىرىلىدىكەن، سىزمۇ سۆزلەپ بېرىۋاتىسىز، دېھقانلارنىڭ قوشۇمچە ئىشلەپچىقىرىش بىلەن شۇغۇللىنىشنى ھۆكۈمەتىڭلار ھەر تاماندىن ئەمەلىي ياردەملەر بېرىپ قوللايدىكەن، بىزمۇ شۇنداق قىلىشقا تىرىشىۋاتىمىز، ماڭا مەسلەھەت بەرسىڭىز، قوشۇمچە نېمە ئىش قىلسام بولار؟

— ئۆزىڭىز نېمىنى خالايسىز؟ پاختىچىلىقتىن باشقا يەنە قانداق كەسپىڭىز بار؟ — سورىدىم.

— چارۋىچىلىقتىن خەۋىرىم بار، 80 - يىللىرى موسكۋا يېزا ئىگىلىك ئىنستىتۇتىنىڭ چارۋىچىلىق فاكۇلتېتىنى پۈتكۈزگەنمەن، — دېدى ئۇ.

— بەك ياخشى، — دېدىم رىغبەتلەندۈرۈپ — سىيىرچىلىق قىلىڭ، سىلەردە سۈت، ماي، كالا گۆشى كۆپ ئىستېمال قىلىنىدىكەن، مانا بۇ بېيىش يولىڭىز بولۇپ قالىدۇ.

— رەھمەت! كۆڭلۈمدىكىنى ئېيتتىڭىز، ئۆزۈممۇ شۇنداق قىلاي دەپ تۇراتتىم، تىرىشىپ كۆرىمەن، — دېدى ئۇ.

— بېيىغاندا بىز تامانغا بېرىشنى ئۇنتۇپ قالماڭ!

— چوقۇم بارىمەن.

مېنىڭ ئۆزبېكىستانغا ئۈچ مەرتىۋە تۇغقان يوقلاشقا بېرىپ ئالغان تەسىراتىم شۇكى، ئۇ يەردە بىزگە قىزىقىدىغان ھەر ساھەدىكىلەر، بولۇپمۇ ئاساسىي قاتلامدىكىلەر ئېلىمىزنىڭ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش، مۇقىملىقتا قولغا كەلتۈرگەن غايەت زور نەتىجىلىرىگە ئاپىرىن ئوقۇيدىغانلىقنى ئېيتىشتى. بەزىلەر ھەيرانلىقنى ئېيتىشىپ دېيىشەتتى، «مىليارد خەلقنى تويدۇرۇپ، كىيىندۈرۈپ، ئېشىندۇرۇش، ھەقىقەتەنمۇ ئادەمنى قايىل قىلىدۇ، سىلەردىن ئۆگەنسەك بولغۇدەك».

ئەتىسى، يەنى 6 - ئاينىڭ 16 - كۈنى ئەتىگەندە ئەندىجان شەھرىگە يول ئالدۇق، بىردەمدىلا شەھەردىكى ئېگىز توپىلىقلاردىن بىرىگە جايلاشقان «باغى ئېرەم»گە كەلدۇق. بۇ يەردە 16 - ئەسىردىن 18 - ئەسىرگىچە «ھىندىستان موغۇل ئىمپېرىيەسى»نىڭ قۇرغۇچىسى زوھىرىددىن مۇھەممەد بابۇرنىڭ خاتىرە مۇنارى ۋە ھەيكىلى قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى. مەن «بابۇرنامە»نى ئوقۇغىنىمدا ئۆز زامانىسىدىكى شاھلار ئارىسىدىن ئەنە شۇنداق مەشھۇر پادىشاھ ۋە ھەربىي قوماندان، يېتىلگەن ئەدىب، كامالەتكە يەتكەن شائىر، ھەر تەرەپلىمە بىلىملىك زاتنىڭ چىققاندىلىقىغا قايىل بولغانىدىم. ئەنە شۇ تەسىراتىمنىڭ تەقەززاسىدا بابۇر خاتىرىسىگە ئالاھىدە ھۆرمەت، ئېھتىرام بىلدۈردۈم.

ماشىنا بىلەن باغ تۆپىلىكىدىكى يولدىن ئېگىزگە چىققىنىمىزدا پۈتكۈل ئەندىجان شەھىرى كۆز ئالدىمدا جانلاندى.

شەھەر دەرەخزارلىق، چىمەنلىك ئېدىرلىقلارغا يېيىلغان بولۇپ، ئادەمگە ئۆزگىچە گۈزەللىكنى نامايان قىلاتتى. ئاتا - بوۋىلىرىمىزنىڭ، شۇنداقلا قېرىنداش ئۆزبېك خەلقىنىڭ ئېغىزىدىن چۈشمەي ياد ئېتىلىپ كەلگەن بۇ زېمىن، يۈرەكتە قانداقتۇر سۆيگۈ سەزگۈسىنى تېپىرلىتىپ تۇراتتى. بۇ يەردە تەرەققىي تاپقان مەملىكەتلەردىكىدەك ئېگىز قەۋەتلىك بىنالار قەد كۆتۈرۈپ تۇرمىغان بولسىمۇ، ئۆزگىچە مۇھەببەتنى كۆڭۈل كۆكسىدە بويى تارتىپ تۇراتتى. «ئېھ ئەندىجان! ئەسىرلەر داۋامى ئەجدادلىرىمىز ۋۇجۇدىدا قانچىلىك ئاتەشلەر يالقۇنجاتقان بولساڭ، بۇگۈنكى ئەۋلادلار يۈرىكىدىمۇ گۈلخاندەك مېھىر ئۇلتىپاتىغا سازاۋەردۇرسەن! ئەسسالام ئەندىجان! بۇ سالىمىمنى ئۆمرى ھىجرانلىقتا ئۆتكەن ئاتا - بوۋىلىرىمىزنىڭ روھىي ئىلە قوبۇل قىلغايسەن!»

— مانا شائىرنىڭ ئىلھامى جۇشقۇنلاشقا باشلىدى، — دوستۇم ئەبدىرەشىت ھەزىل قىلدى، ھاياجاندا ئاۋازلىق سۆزلىگىنىمنى ئۆزۈممۇ سەزمەي قاپتىمەن.

ئەندىجان شەھىرىنىڭ گۈل - گىياھ، دەرەخزارلىق ئازادە كوچىلىرىنى ئايلانغاندىن كېيىن، نەۋايى بېغىنى سەيلە قىلدۇق. مۇتەپەككۇر، ئۇلۇغ زاتنىڭ باغ ئالدىدىكى ھەيكىلى، «خۇش كېلىپسىلەر» دەۋاتقاندەك مەزمۇت تۇراتتى.

غۇلجا شەھرىدىكى «ئاق ئۆستەڭ»نىڭ جەنۇبىغا جايلاشقان كاتتا بېغىمىزنىڭ كۆل بويىي بوستانلىقىدا «گۈلناۋاز» ئاتلىق تىللار رەڭلىك گۈللەر بولىدىغان، بوۋام كامىلجان ئەنە شۇ گۈللەرگە چوڭقۇر خىيالغا چۆمگەن ھالدا دائىم تىكىلىپ قالاتتى. مەن «نەۋائى بېغى»نىڭ بوستانلىقىدا ھۆپپىدە ئېچىلىپ تۇرغان گۈلناۋالارغا تەلمۈرگىنىمدە، بوۋامنىڭ خىيالچان چېھرى بىردىن كۆز ئالدىمغا كەلدى...

مەرغىلانغا قاراپ كېتىۋاتىمىز.

مەرغىلان ئۆزبېكىستاننىڭ شەرقىي جەنۇبىدىكى بىز

MIRAS

زىيارەت قىلماقچى بولغان شەھەرلەرنىڭ ئاخىرقىسى ئىدى.

يولدا كېتىۋېتىپ بىر نەرسە دىققىتىمنى تارتتى. يول ياقىسىدىكى سېمونت ئىستولبىلارنىڭ بەزىلىرىگە ئاق تۇرنىلار ئۇۋا ياساپ ئىستولبا ئۈستىدە بەخىرامان تۇرۇشاتتى. ياۋا قۇشلارنىڭ ئىنسانلارغا بۇ دەرىجىدە يېقىنلىشىشى، ئادەملەرنىڭ تەبىئەتنى سۆيۈشىنىڭ مەھسۇلى بولسا كېرەك. ئىسىت، ھەممە ئادەم تەبىئەتنى سۆيسە، مۇھىتنى ئاسرىسا، بۇلغىنىش يوقىلىپ، دەريا-كۆللەر ئۇلغىيىپ، ئورمان-بوستانلىقلار كېڭىيىپ، يەر شارىنىڭ ھەممىلا يېرى گۈزەللىشىپ كەتسە قانداق ياخشى بولاتتى؟!

مەرغىلانغا كىرىشىمىز بىلەن دوستلىرىمغا ھەزىل قىلدىم:

— كۆمۈش بوۋىنىڭ ھويلىسىنى يوقلاپ ئۆتسەك بولاتتى.

— نەدىمۇ ئۇنداق ھويلا بولسۇن، ئۇ روماندىكى ياسالما ئوبراز، — ھەزىلىمنى چۈشەنمەي ئەستايىدىل ئېيتتى دوستلىرىم.

— ياق، مۇمكىن ئەمەس، بارىمىز ئابدۇللا قادىرى «ئۆتكەن كۈنلەر» رومانىدا، مەھەللىدىن تارتىپ ئېنىق ئېيتقان تۇرسا، يازغۇچى راست گەپ قىلمىغان بولسا، رومان كىشىلەرنى ئۇنچىۋالا سېھىرلەپ ئۆزىگە مەپتۇن قىلىۋالمىغان بولاتتى، — دېدىم قەستەنگە.

— ئۇنداقتا سەن باشلىغىن، بىز ئېلىپ بارايلى، — دېدى دوستلىرىم ئەبدىرەشىت.

شۇنداق قىلىپ «كۆمۈش بوۋىنىڭ ھويلىنى» ئىزدەش باھانىسىدا مەرغىلاننىڭ كۆپلىگەن كوچىلىرىنى ئايلىنىپ چىقتۇق. بۇ شەھەر ئەسلي ھالىتىنى ساقلاپ قالغان بولۇپ، كونا ئۆي-مەھەللىلىرى جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ يەكەن، قاغىلىقتىكى مەھەللىلىرىگە ئوخشاپ كېتىدىكەن.

مەرغىلان شەھىرىنىڭ ئاۋات رايونىدا كاتتا يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى بازىرى بولۇپ، بازاردا ئاشلىق، ياغ، گۆش، كۆكتات، مېۋە-چېۋە، قىسقىسى يېزا ئىگىلىكى ئىشلەپچىقىرىدىغان ھەممە نەرسە... ئىلتىپات قىلغان ھەممە نىمەتلەر ئېشىپ-تېشىپ تۇرۇپتۇ، مېۋىلەردىن ئۆرۈك، شاپتۇل، توقاچ، ئالما، گىلاس، ئالۇچا، مالىنا، قاراقات، شاتۇت، ئۈجمە بار ئىكەن، باھاسى تاشكەنتنىڭكىگە قارىغاندا كۆپ ئەرزان ئىكەن. تاشكەنتتە گىلاسنىڭ بىر كىلوگىرامى 250 يۈەن (ئۆزبېكىستان پۇلى) بۇ يەردە 70 يۈەن، ئۆرۈك 200 يۈەن، بۇ يەردە 50-60 يۈەن... باھادىكى پەرق بەك زور. قاتناش قۇلايلىق بولغاچقا، مېۋىلەر تاشكەنتتە توشۇلسا يېرىم كۈندە يېتىپ بارغىلى بولىدىكەن. بىراق ئادەملەر سوداسېتىق ئىشلىرىغا قىزغىن كىرىشىپ كېتەلمىگەنلىكى، تۇرلۇك ئەندىشىلەردىن خالىي بولمىغانلىقى سەۋەبلىك، كۆرۈنۈپ تۇرغان پايدىغا ئانچە قىزىقىپ كەتمەي، بارىغا شۈكۈر قىلىشىدىكەن.

تاشكەنتتە قايتىپ كېلىۋېتىپ دوستۇم ئەبدىرەشىتكە ئېيتتىم:

— ئۆزبېكلەرنىڭ سودىدىكى ماھارىتىنى ھەممە ئادەم ماختايتتى، بۇلارنىڭ سودىغا قىزىقماسلىقى مېنى ئەجەبلەندۈرۈپ قويۇۋاتىدۇ.

ئەبدىرەشىت سائىتىگە 120 كىلومېتىرلىق سۈرئەتتە كېتىۋاتقان ماشىنىسىنى 80 گە چۈشۈرۈپ ھەيدىگەچ سۆزلىدى:

— سەن ئېيتقاندەك ھەممە ئادەمنى بىر تاياقتا ھەيدەشكە بولمايدۇ، بولۇپمۇ ئادەتنى بۇزۇش، ئۆزگەرتىشكە تېخى ۋاقىت بار، ھازىر بىزدە ئىزدىنىۋاتقانلار، تىرىشىۋاتقانلار بارغانسېرى كۆپىيىپ بارماقتا، ئۆز ۋاقتىدا شىنجاڭدىن كەلگەنلەرنى ئالساق، ئۇلارنىڭ تىرىشقانلىرى يول تاپتى، ئۆزۈمگە كەلسەم سەن ھەممىدىن بەكرەك چۈشىنىسەن، غۇلجىدىكى تېببىي مەكتەپنى پۈتكۈزۈپ ئالتايغا خىزمەتكە تەقسىم قىلىندىم. چارۋىچىلار ئارىسىدا يايلاقتا ئۈچ يىل جاپالىق ھەم كۆڭۈللۈك ئىشلىدىم. 60-يىلى سوۋېتقا كەتمەكچى بولۇپ تەشكىلدىن رۇخسەت ئېلىپ غۇلجىغا قايتىپ كەلگىنىمدە، بىر مەزگىل «بىكارچى» بولۇپ قالدىم. مەن دادامنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالىنى ئوبدان بىلگەچكە چوڭ ئائىلىگە ياردەم قىلمىسام بولمايتتى، تۇرمۇشتا جانلىق بولمىساڭ جان باقالمايسەن، نېمە قىلدىم دېگىنە، دەرھال كەسپىمنى ئۆزگەرتىپ يىغىندە بىلىق تۇتىدىغان قارماق ياساپ ساتتىم، بۇ ھۈنەرنىڭ غۇلجىدا راسا بازار تاپقان پەيتى ئىدى. كۆپ ئۆتمەي پۈتكۈل ئائىلىمىز جانلىنىپ كەتتى. مېنى ۋە دادامنى «ئۇنداق-مۇنداق» دېگەنلەرمۇ بولدى، بىراق رېئاللىق رەھىمسىز، ھالال مېھنەت قىلساڭ ھەممىنى ئۇتىسەن...

تاشكەنتكە كەلگەندىن كېيىن تىرىشىپ-تىرمىشىپ

يۈرۈپ قولۇمدىن كېلىدىغانلىكى پاك ئىشنىڭ ھەممىسىنى قىلدىم. كۆرۈپ تۇرۇپسەن، ئۇزاق يىللىق پېشانە تەر، يۈرەك قېنىمنىڭ رىغبىتى مېنى مۇكاپاتلىدى، كاتتا ھويلا- ئارانلىق بولدۇم. ھەتتا پەرزەنتلەرنىمۇ ماكانغا ئىگە قىلدىم. ئىككى ئوغلۇمدا ئىككى «نىكسى» ماشىنا، ئۆزۈمدىكىسىدە مانا ھەممىمىز ئولتۇرۇپتىمىز، تاشكەنتنىڭ مەركىزىي نەۋايى كوچىسىدىكى ئۈچ قەۋەتلىك كاتتا «مېبىل ماگىزىن» (سافا- ئىشكاپ قاتارلىق زامانىۋى ئۆي جاھازىلىرى ماگىزىنى)مىز يۈرۈشۈپ تۇرۇپتۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى بىرىنچىدىن ئاللانىڭ مەرھەمىتىدىن بولسا، يەنە بىر تاماندىن ئۇزاق يىل كېچە- كۈندۈز ھارماي- تالماي تىرىشقانلىقىمنىڭ، سودىدا ئادىل بولۇپ سەممىي- سادا- قەت بىلەن ئىشلىگەنلىكىمنىڭ نەتىجىسى.

دېمەكسىمۇ، 50- ۋە 60- يىللىرى بىزدىن سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى ئوتتۇرا ئاسىيا مەملىكەتلىرىگە كەتكەنلەرنىڭ كۆپچىلىكىنىڭ تۇرمۇشى باياشات ئىكەن. ئۇلار ئۆزلىرىگە جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئەمگەكچان پەزىلىتىنى سىڭدۈرگەچكە، بارغانلىكى يېرىدە تىرىشىپ- تىرمىشىپ ئىشلەپ، ئۆز ئالاھىدىلىكلىرىنى جارى قىلدۇرۇپ، يەرلىك خەلقنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرۇپ، ئۇلار بىلەن ئىناق- ئىجىل ئۆتۈپ تۇرمۇشلىرىنى تەرتىپكە سېلىۋاپتۇ.

ئەنە تاشكەنتكە كەلدۇق، ئەبدىرەشىت سۆزلىگەچ ماشىنىنىڭ كىلومېتىر كۆرسەتكۈچىگە قارىدى- دە ئېيتتى:

— 970 كىلومېتىر يول يۈرۈپتۇق.

شەھەر بىزنى باغرىغا باسماقچى بولغان ئانىدەك بارغانچە قۇچىقىنى كېرىپ كېلەتتى.

1000 كىلومېتىر دېگەن سۆز ئىككى كۈن ئىچىدە دەم ئالغان ۋاقىتلىرىمىزنى چىقىرىۋەتسەك ماشىنا يولىمىز ئون سائەتكە يەتمەيدىكەن، — پاھ قالتىس غەيرىتىڭ باركەن جۇمۇ، — دېدىم. ئەبدىرەشىت ئۇ بولسا ھارغىنلىقىنى تاشكەنتتىن يولغا چىققان سەھەر كۈندىكىدەك جۇشقۇن روھىدا يېمىرىپ، رولنى مەھكەم تۇتقان پېتى يىراققا كۆز تىكىپ باراتتى. مەن ئويلىدىم: «ھەممە ئادەم ئوخشاشلا ئاشۇنداق تىرىشسا، تىنىمسىز ئىلگىرىلىسە، ئىزلىرى گۈل ئۈستىگە گۈل بولۇپ كەتمەسمىدى».

## بۇخارا

تاشكەنت بىلەن بۇخارا ئارىلىقىدا يول ئىشەنچسىز بولغاچقا، ئايروپىلاندا بېرىشنى قارار تاپتۇق. نەتىجىدە، 6- ئاينىڭ 30- كۈنى ئەتىگەن سائەت يەتتىلەردە بۇخارا ئايرودۇرۇمىغا قوندۇق.

ئايرودۇرۇمدىن «تاكسى» ماشىنىسىغا ئولتۇرۇپ بۇخارانىڭ شەھەر مەركىزىدىكى «لەبى ھاۋۇز»غا كەلدۇق. «لەبى ھاۋۇز» ئەتراپىغا بىر نەچچە مەدرىسە جايلاشقان چوڭ كۆل بار بولۇپ، كۆل بويىدىكى نەچچە ئەسىرلىك تۈت دەرەخلىرىنى سايىۋان قىلغان ئاۋات چايخانىلاردا ئادەملەر ئەتىگەنلىك ناشتا قىلىۋاتاتتى، بىز 1477- يىلى تىكىلگەن كاتتا تۈت دەرىخىنىڭ ئاستىدىكى چايخانا كارىۋىتىدا ئولتۇرۇپ ھوزۇرلىنىپ چاي ئىچىشتۇق. نېرىدىكى مەدرىسە ئالدىدا خوجا نەسىردىننىڭ ئېشەككە مىنگەن ھەيكىلى بىزگە كۈلۈمسىرەپ تۇراتتى. مەن ئەتراپقا سىنچىلاپ ئەبدىرەشىتتىن:

— «خوجا نەسىردىن بۇخارا» كىنو فىلىمى شۇ يەردە ئېلىنغانمۇ؟ — سورىدىم مەن.

— شۇنداق، — دېدى دوستۇم ئەبدىرەشىت ھېلىقى جازانىخور جەپەرنى نەسىردىن ئەپەندىنىڭ سۇدىن قۇتقۇزۇۋالغان كۆرۈنۈشى مۇشۇ كۆلدە ئېلىنغان.

بىز ناشتىدىن كېيىن ئوتتۇرا ئاسىياغا داڭلىق بولغان «مىرزى كالان» مەدرىسى ۋە مەسچىتىنى زىيارەت قىلدۇق. 1000 يىللىق تارىخقا ئىگە بۇ مەدرىسىنىڭ دەرۋازىسى ئالدىدىكى مەيداندا 1127- يىلى سېلىنغان «مىرزەت كالان» مۇنارىسى قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى، مۇنار خىشلىرىغا چېكىلگەن گۈللۈك نەقىشلەر ئۆز زامانىسىدىكى ئەجدادلىرىمىز بىناكارلىق ھۈنەر سەنئىتىنىڭ سۈپىتىدە كۆزنى قاماشتۇراتتى.

— بۇنداق تىكلىپ تۇرۇۋالساق نەچچە كۈنمۇ كەملىك قىلىدۇ، يۈرگىن ئەمىرنىڭ ئوردىسىغا بارىمىز، — دېدى دوستۇم ئەبدىرەشىت. يازغۇچى سەدىردىن ئەينىنىڭ «بۇخارا»، «قۇللار»، «ئادىنا» قاتارلىق تارىخىي رومانلىرىنى ئوقۇغان چاغلىرىمدا بۇخارا ئەمىرى ۋە ئۇنىڭ ئوردىسى ھەققىدە بىر تەرەپلىمە بولسىمۇ، قىياسەن تونۇشلارغا ئىگە ئىدىم، خىيالىمدىكى كۆرۈنۈشلەر بۈگۈن ئۆز رېئاللىقىنى باشقىچە نامايان قىلىپ تۇرۇپتۇ.

ئەمىر سەيىت ئالىمخاننىڭ تەخمىنەن 1500 يىللىق تارىخقا ئىگە ئوردىسى ھەيۋەتلىك سېپىل بىلەن ئورالغان تۆپىلىككە جايلاشقان بولۇپ، ئۆز ھالىتىنى ئاساسەن ساقلاپ قالغان. ئوردا دەرۋازىسى ئالدىدىكى ئەمىر تۈرلۈك پائالىيەتلەرنى ئۆتكۈزىدىغان مەيدان، سېپىل ئۈستىدىكى ئەمىرنىڭ راۋىقى، ساراي ئەھلىلىرى تۇرىدىغان

پەشتاقلار ئۆز پېتى ساقلانغان. ئوردا ئىچى رېمونت قىلىنىۋاتقاچقا، تەپسىلىي كۆرۈشكە ئىمكان بولمىدى. بۇ يەرگە بۇرۇن بىر نەچچە مەرتىۋە كەلگەن دوستۇم ئەبدىرەشىت ماڭا ئوردا ئىچىنىڭ ئەمىرنىڭ ياتاق ئۆيى، قوبۇلخانىسى، ھەرىمى، خەزىنىسى، ناماز ئوقۇيدىغان مەسچىتى ۋە ئاتخانىلىرى ھەم ئات باقارلىرى تۇرىدىغان ئۆيلىرىدىن تارتىپ تەركىب تاپىدىغانلىقىنى ئېيتتى.

بىز ئوردىدىن چىقىپ توغرا ئەمىر ئالىمخاننىڭ ئانىسى ۋە كېنىزەكلىرى تۇرغان «ئىستارابى ماخى خەستە» بېغىغا كەلدۇق. شەھەر سىرتىدىكى مەنزىرىلىك جايغا سېلىنغان بۇ باغ قەدىمىي بىلەن ھازىرقى ئۇسلۇبنىڭ ئۆلگىسى بولۇپ، 1911-يىلى يانۋاردا ئۇستىلار باغنىڭ ئورنىنى تاللاشتا ھەم مەنزىرىلىك، ھەم ساپ ھاۋالىق بولۇشىنى كۆزدە تۇتۇپ، بۇخارا سىرتىدىكى يەتتە مەنزىرىلىك ئورۇنغا يېڭى سويۇلغان قوي گۆشىنى ئاستۇرۇپتۇ. بۇ يەرگە ئېسىلغان قوي گۆشى ھەممىدىن كېيىن سېسىغاچقا، ھاۋاسى ساپ ھېسابلىنىپ ئاندىن باغنى قۇرۇشقا باشلاپتۇ.

بۇخارا ئەمىرى سەيىت ئالىمخان ئەسلىدە تەرەققىيپەرۋەر زات بولۇپ، ئۆز مەملىكىتىنى زامانىۋى ئىلىم-پەن ئارقىلىق تەرەققىي تاپقۇزۇشقا تىرىشقان.

سەيىت ئالىمخان 1893-يىلى 13 يېشىدا ئاتىسى سەيىت ئەمىر ئەبدۇلئەھەدخاننىڭ سەلتەنىتىدە پېتىربۇرگقا ئىلىم تەھسىل قىلىشقا بېرىپ يەتتە يىللىق ئوقۇشنى ئۈچ يىلدا تاماملاپ، ئىمتىھاندىن ئوبدان نەتىجە بىلەن ئۆتۈپ، 1896-يىلى 16 يېشىدا بۇخاراغا قايتىپ كەلگەن، ئۇ ئاتىسى ۋاپات بولۇپ ئەمىرلىك تەختكە ئولتۇرغاندىن كېيىن، مەرىپەتپەرۋەرلىكنى تېخىمۇ جارى قىلدۇرغان. ئۇ ئۆز زامانىسىدا بىر قەدەر ئىلغار ھېسابلانغان رۇسىيە پەن-تېخنىكىسى ھەمدە ئالىي مەكتەپ بىلىملىرىنى بۇخارادىكى ئايرىم مەدرىسلەردە تەھسىل قىلدۇرغان. ئۇ يەنە بىر تۈركۈم زامانىۋى ئىلىم ئەھلىلىرى ھەمدە ئوقۇتقۇچىلارنى تەكلىپ قىلىپ، مەدرىسلەردە دەرس ئۆتكۈزگەن، شۇنداقلا مەملىكىتىدە پوچتا-تېلېگراف، تۆمۈريول قۇرۇلۇشى، تۈرلۈك زامانىۋى ئەسلىھەلەرنى تەرەققىي تاپقۇزۇپ، كەڭ خەلقنىڭ ھىمايىسىگە ئېرىشكەن.

ئوردىدىن چىقىپ ئەمىر ئالىمخاننىڭ ئانىسى ۋە كېنىزەكلىرى تۇرغان «ئىستارابى ماخى خەستە» بېغىغا كەلدۇق. شەھەر سىرتىدىكى مەنزىرىلىك جايغا سېلىنغان بۇ باغ، قەدىمكى بىلەن ھازىرقى ئۇسلۇبنىڭ يۇغۇرۇلمىسى بولۇپ، 1911-يىلى يانۋاردا پۈتكەن. ئارخىتېكتور ئۇستىلار باغنىڭ ئورنىنى تاللاشتا ھەم مەنزىرىلىك ساپ ھاۋالىق بولۇشنى كۆزدە تۇتۇپ، بۇخارا سىرتىدىكى يەتتە مەنزىرىلىك ئورۇنغا يېڭى سويۇلغان قوي گۆشىنى ئاستۇرۇپتۇ، بۇ يەرگە ئېسىلغان قوي گۆشى ھەممىدىن كېيىن سېسىغاچقا، ھاۋاسى ساپ ھېسابلىنىپ ئاندىن باغنى قۇرۇشقا باشلاپتۇ.

باغ ئىچى بەكمۇ گۈزەل مەنزىرىلىك ئىكەن، باغنىڭ قورۇسىدىكى ھەشەمەتلىك سېلىنغان كاتتا ئاقساراي ياۋروپا بىناكارلىق سەنئىتى ئاساسىدا سېلىنغان بولۇپ، قوبۇلخانا، مۇراسىم زالى، دەم ئېلىش ياتاق ئۆيلىرىنىڭ ھەممىسىدە دېگۈدەك ياۋروپا ئۇسلۇبى بىلەن ئۆزبېك نەققاشچىلىقىنىڭ جۇلاسى كۆزنى قاماشتۇراتتى.

مېنى ھەممىدىن بەك جەلپ قىلغىنى خانىلەرگە تىزىپ قويۇلغان جۇڭگونىڭ ئەنئەنىۋى ئۆي جازىلىرى، قاچا-قۇچىلىرى، ئادەم بويى كېلىدىغان كاتتا گۈللۈك لوڭقىلار، رەڭدار ۋازىلار، تاۋاقلار، گۈللۈك جانان چىنە-چەينەكلەر بولدى. بۇلار بىر جەھەتتىن ئۆز زامانىسىدىكى جۇڭگو قول ھۈنەرۋەنچىلىك سەنئىتىنى جىلۋىلەندۈرسە، يەنە بىر جەھەتتىن مەملىكىتىمىز بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ بېرىش-كېلىش، تاۋار ئالماشتۇرۇش، سودا-سېتىق ئىشلىرىنىڭ گۈللەنگەنلىكىنى نامايان قىلىپ تۇراتتى. قىسقىسى، بۇلار ئاتا-بوۋىلىرىمىز تۇتاشتۇرغان «يىپەك يولى»نىڭ ئىزنالىرى ئىدى.

بىز باغدىن چىقىپ ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ئەرەب مەملىكەتلىرىگە داڭلىق بولغان ھەزرەت ھەدىسشۇناس ئالىم نەقش بەندە مەقبەرىسىنى زىيارەت قىلدۇق.

تاشكەنتكە قايتقىنىمىزدىن كېيىن كۆپ ئۆتمەي، ئۆزبېك شائىرى ئېركىن ۋاھىدى بىلەن كۆرۈشۈپ ھەمسۆھبەتتە بولغانىدىم. سۆز ئارىلىقىدا بۇخارا ۋە ھەزرىتى نەقش بەندە توغرۇلۇق تەسىراتىمنى ئېيتقانىدىم. ئېركىن ۋاھىدى ماڭا «بىزدە ھەزرىتى نەقش بەندە مەقبەرىسىنى زىيارەت قىلغانلارنى <يېرىم ھەج> قىلغانغا باراۋەر دېيىشىدۇ» دېدى. مەن ئۆز-ئۆزۈمگە «ئەگەر بۇ راستىنلا شۇنداق بولسا، ئۆزبېكىستاننىڭ مۇھىم جايلىرىنى زىيارەت قىلغانلىقىم تولۇق ھەج قىلغانغا باراۋەر بوپتۇ، بۇ خۇسۇستا دوستۇم ئەبدىرەشىتكە ھەرقانچە رەھمەت ئېيتسام ئەرزىگۈدەك» دەپ ئويلىدىم.

(ئاپتور: ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ پېنسىيونېرى)




ئاق قوۋۇقتىن چىقتى يارىم،
ئاق بۇلۇتتەك ئاقىرىپ.
ئارقىسىدىن مەنمۇ چىقتىم،
زەپىرەڭدەك سارغىيىپ.

ئايمىدۇ، ئايلارمىدۇ؟
ئايغا بۇلۇت دالدامدۇ؟
ئايلار كۆيۈپ يۈرگەن بىلەن،
كۈنگە يۇلتۇز ھەمرامدۇ؟

ئاخشام ئارىلاپ چىققىنىڭ،
ئۆزۈڭنى ئاۋارە قىلغىنىڭ.
«لام-جىم» دېمەي تۇرغىنىڭ،
ئەقلىڭنى جورىمىغىنىڭ.

ئاخشام بىر ھارامزادە،
يارىم بىلەن گەپلەشتى.
مېھمان دەپ قويۇپ بەرسەم،
ئويناپ ھەددىدىن ئاشتى.

ئاخشام مۇشۇ چاغلاردا،
تالادا قالدىم.
قولنىڭ ئۇچىنى تۇتماستىن،
بالادا قالدىم.

ئالتۇندەك ساپ ئوينايلى،
دۈشمەن بىلەن تەڭ بولماي.
دۈشمەن قان يۇتۇپ ئۆلسۇن،
ئىككىمىزگە چىدىماي.

ئالتۇن دەمسەن ئەينەكنى،
كۈمۈش دەمسەن ئەينەكنى.
سەن ئۆزۈڭنى بىر دەمسەن،
قوشلاپ تاپىمەن سەندەكنى.

«ئاقئاۋات»مۇ تورلاشتى،
«بەگزادە»مۇ تورلاشتى.
خىيال سۈرۈپ ئولتۇرسام،
خۇشۇم يوقلار ئولاشتى.

ئاق قوناقنى ئورىغاندا،
قۇشقاچقا يەملىك ئەپ قوياي.
بىر كۈلۈپ باقسالىڭ ماڭا،
ئاغزىڭغا ناۋات سەپ قوياي.

ئاققىنا چامچا كىيىپ،
سەن ئۆزۈڭنى بىلمىدىڭ.
ئانچىكى يارنى تۇتۇپ،
مېنى كۆزگە ئىلمىدىڭ.

ئاق بوز توشقان ئوت ئىزدەيدۇ،
تەكتى ئارىلاپ.
نەچچە ئۆتتۈم ئىشىكتىن،
يارىمنى ماراپ.

ئاق ئالما، قىزىل ئالما،
يامىنى يېشىل ئالما.
ئەقلىڭ بولسا بىل يارىم،
دەردىڭدە ئۆلگۈم چالما.

ئالما يەيسەن، غورا يەيسەن،
پايدا قىلمايدۇ ساڭا.
ئادىشىلىڭ بەڭگە، قىمارۋاز،
دورا قىلمايدۇ ساڭا.

ئالمىنىڭ سۈزۈلۈكلىكىدىن،
كۆرۈنىدۇ دانىسى.
ئاھ ئۇرۇپ يىغلاي دېسەم،
نە قىلاي خەق ئارىسى.

خەق ئارىسى بولمىسا،
كۆندە بېرىپ كۆرسەم سېنى.
بارغىنىمدا باغ-باغ ئېتىپ،
قانغىچە سۆيسەم سېنى.

ئالما شاخى ئېگىز-پەس،
ئېگەي دېسە ئېگىلمەس.
مېنى ئالدىغان يارنىڭ،
بۇرۇندىنلا كۆڭلى پەس.

ئالما يېگۈم كېلىدۇ،
نەگە بېرىپ ئالما يەي.
ھاشخان يامانلاپتۇ،
قېيىنئانامغا نېمە دەي؟

ئالما ئاتتىم تەك ئىچىگە،
تەكتى ئاچقاندا چىقار.
ئىچىمدىكى دەردلىرىم،
جان تالاشقاندا چىقار.

ئالمىخانىم ئالمىسا،
گۈلنى سۇنمايمەن.
بىرنى سۆيۈپ يانمىسا،
ئۆيگە يانمايمەن.

ئاق تەردىن تەرگەن شۇاق،
كۆكسايدىن تېپىلمىدى.
ياردىن ئايرىلىپ كەتسەم،
ئېغىزى بېسىلمىدى.

ئاق بۇلۇتقا دالدا قىلغان،
كۆك بۇلۇتنىڭ سايىسى.
ياردىن ئايرىلغان بىلەن،
ساقىيامدۇ دىل يارىسى.

ئالتە ئاي ياز قوي باقسام،
يوقلاپ كەلمىدىڭ يارىم.
ئىچىمگە ئوتنى سەپ قويۇپ
ئۆزۈڭ بىلمىدىڭ يارىم.

ئاللا ئاللا، ھەي باللا،
ئىچىمگە ئوتنى سالدىلا.
ئاللاغا مەن كۆيسەم،
ئوتقا سال دېگەن باللا.

ئايغا ئوخشاش ئۆزلىرى،
يۇلتۇزغا ئوخشاش كۆزلىرى.
ئەمدى مەن قانداق قىلاي؟
يوقمۇ ماڭا سۆزلىرى؟

ئاسماندىكى يېڭى ئاي،
ئون بەش كۈندە بىر كېلۇر.
يارىمدىكى ناز-خۇلق،
يەنە كىمدىن تېپىلۇر.

ئاسماندىكى بوز تورغاي،
سايرىمساڭ نىم بولغاي.
كىچىككىنە جېنىڭنى،
قىينىمساڭ نىم بولغاي؟

ئاساننى يىراق دەيدۇ،
يۇلتۇزنى چىراغ دەيدۇ.
تۇنجى تاللاپ سۆيگىنىڭ
مەڭگۈلۈك يىراق دەيدۇ.

ئاسماندىكى بۇلۇتلار،
كېلىپ ئاينى توسساڭچۇ؟
كۆيۈپ قالدىم مەن ساڭا،
يارىم سۆيۈپ قويساڭچۇ؟

ئاسماندا موللاق ئاتار،
ئويۇنچى كەپتەر.
ۋاپايىڭ يوقمۇ يارىم،
بىر مىسقال، بىر سەر.

بىر سەر بولسا ۋاپاسى،
سېتىپ يېمەيتتىم.
يامان چاپان كىيىۋالسا،
چېنىپ يۇرمەيتتىم.

ئاسماندىكى قاتار تۇرنا،
نەگە ئۇچتۇڭلار.
مەن يارىمغا خالتا بېرەي،
ئالغاچ كېتىڭلار.

مەن يارىمغا بەرگەن خالتا،
قاشتېشى تۇمار.
ئوڭ قولىغا ئالغان هامان،
كۆز يېشى قۇرار.

ئاق ناۋات سىلىپ يارىم،
دەملىدىم چاينى.
ئۇسسۇغاندا ئىچسۇن دەپ،
سىز تولۇن ئاينى.

ئاق تىكەن، ئايدەك تىكەن،
ئايدىن گۈزەل يار ئىكەن.
بىر ئۆمۈر ئۆتەي دېسەم،
كۆڭلى-كۆكسى تار ئىكەن.

ئاتمنى مىنىپ چىقتىم،
دۆڭلەردىن ئۆتەي دەيمەن.
يارنىڭ سالغان دەردىگە،
ئوغا يەپ ئۆلەي دەيمەن.

ئېتىمغا بېدە بېرىڭ،
ئېتىم سامان يېمەيدۇ.
مېنىڭ يارىم بەك ئوبدان،
گېپىمنى يەردە قويمايدۇ.

ئېتىم ئالدىدا كەتتى،
قامچام يېنىدا كەتتى.
ئۆز يۇرتۇم دېگەن بىلەن،
غېرىبلىق ماڭا يەتتى.

ئاستا-ئاستا ماڭدىلا،
يۇرەككە ئوتنى سالدىلا.
ئوتلىرىنى ئالسىلا،
باشقىلارغا سالسىلا.

ئاپام مېنى ئەللەيلىسە،
ئاق بالام دەيتتى.
كېچە-كۈندۈز تىنماستىن،
غېمىمنى يەيتتى.

ئاتام كەچسە، مەن كەچمەيمەن،
سەن نىگارىمدىن.
سېنىڭ ئۈچۈن راست كېچىمەن،
ئەزىز جانىمدىن.

ئېيتىپ بەرگۈچى: مەرەمنىساخان مامۇت

**توپلىغۇچى: نۇرنىسا باقى**

# «كىتابى ئەبدۇللاھ» ۋە ئۇيغۇر فولكلورى



تۇرسۇن ساۋۇت ئۇدمىش، ئاسىيەم ئىمىن

## مۇقەددىمە

ئەبدۇللاھ خەتىپ ئاخۇنۇم بىننى مۇھەممەد سادىق ئاخۇنۇم بىننى مۇھەممەدئەمىن ئەلەم ئاخۇنۇم مىلادىيە 1876-يىلى قەشقەرنىڭ پوسكام ناھىيەسى ئۇجمە ئېرىق كەنتىدە بىر دىنىي زات ئائىلىسىدە تۇغۇلغان، ئۇ كىچىكدىن باشلاپ دىنىي مەكتەپلەردە ئوقۇپ تەلىم ئالغان، كېيىن چوڭ دادىسى مۇھەممەدئەمىن ئەلەم ئاخۇنۇم ھۇزۇرىدا بىلىم ئاشۇرۇپ، ئىستېدات ھاسىل قىلغان. ئەبدۇللاھ خەتىپ ئاخۇنۇم پوسكامى ئۆز دەۋرىنىڭ ئىجتىمائىي ھاياتىغا چوڭقۇر چۆكۈپ، رېئال ماتېرىياللارنى توپلاپ، ئۇيغۇر جەمئىيەتشۇناسلىقى ساھەسىگە مۇھىم تۆھپە قوشقان، بۇ كىتابنى يېزىپ چىققان ۋە ئۇنىڭغا «كىتابى ئەبدۇللاھ» دەپ نام قويغان.

ئەبدۇللاھ خەتىپ ئاخۇنۇمنىڭ بۇ ئەسىرى ئاپتورنىڭ جەمئىيەتشۇناسلىق ۋە تارىخشۇناسلىق ساھەسىدە پىششىق يېتىلگەن بىر تالانت ئىگىسى ئىكەنلىكىنى، شېئىرىيەتتىمۇ ئۆزىگە خاس ئەدەبىي ئۇسلۇب ياراتقان شائىر ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ.

«كىتابى ئەبدۇللاھ» ناملىق بۇ كىتاب شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشردىن چىققان، ئابلىمىت ئەھەت بۆگۆ چاغاتايچىدىن ھازىرقى زامان ئۇيغۇرچىغا ئۆزلەشتۈرۈپ نەشرگە تەييارلىغان. بۇ كىتابنىڭ قول يازمىسىنىڭ كۆپ قىسمىنى پوسكام ناھىيەسىدىن ئىلھام ئابدۇللا ساقلاپ كەلگەن. بۇ قول يازمىدىن ئايرىلىپ قالغان يەنە بىر قىسمى يەكەندىكى ھەبىبۇللا مۇھەددىنىنىڭ قولىدا ساقلانغان. ئىلھام ئابدۇللا ئۆز قولىدىكى نۇسخىنى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ دوتسېنتى ئابلىمىت ئەھەتنىڭ نەشرگە تەييارلىشىغا بەرگەن ۋە بۇ نۇسخا «بۇلاق» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىنغان. «بۇلاق» ژۇرنىلىدىكى قىسمى بىلەن ھەبىبۇللا مۇھەددىنىنىڭ قولىدىكى قىسمى قوشۇلۇپ

2004-يىلى قايتىدىن نەشر قىلىنغان①.

ئەسەرنىڭ يېزىلغان ۋاقتى ئېنىق ئەمەس، بىراق 19-ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىن باشلاپ 20-ئەسىرنىڭ 30-يىللىرىغىچە بولغان ئارىلىقتا يېزىلغان دەپ پەرەز قىلىشقا بولىدۇ، چۈنكى ئەسەردىكى نۇرغۇن بايانلار بۇ نۇقتىنى ئىسپاتلايدۇ. ئۇنىڭدا ئەينى دەۋر ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ ئومۇمىي مەنزىرىسى روشەن ھالدا نامايان قىلىپ بېرىلگەن، ئۇنىڭدا ۋارىسلىق قىلىشقا، ئۆرنەك قىلىشقا تېگىشلىك نۇرغۇن ئېسىل مەنىۋى بايلىقلار بار.

**1. ئەسەرنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى**

«كىتابى ئەبدۇللاھ» نەزمىي شەكىلدە يېزىلغان، قۇرۇلما جەھەتتىنمۇ ناھايىتى ماھىرلىق بىلەن ئورۇنلاشتۇرۇلغان، كېيىنكى تۆت باب (ئاۋۋالقى باب، 2-باب، 3-باب، 4-باب)تىن باشقا تېكىست قىسمى 20 بابقا بۆلۈنگەن. تېكىست قىسمىنىڭ ئاۋۋالقى 20 بابتا ئىنسانلار ئۈچۈن زۆرۈر بولغان ماددىي نەرسىلەر ئۈستىدە توختالغان. بولۇپمۇ كلاسسىك ئەدەبىياتنىڭ ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلغان ھالدا ئەسەر ئەڭ ئاۋۋال ئاللاغا ھەمدۇسانا ئېيتىشتىن باشلانغان، كېيىن ئاسمانغا تەئەللۇقلارنىڭ پەيدا بولۇشى، زېمىننىڭ پەيدا بولۇشى، تۆت ئەناسىر، سۇ، زېمىن مەۋزىئىلىرى،... قاتارلىق بايانلار ئارقىلىق ئادەمنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىدىكى ماددىي شارائىتنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بەرگەن. ئۇنىڭدىن كېيىن ئاۋۋالقى باب، يەنى ئاتا-ئانىلارنىڭ بايانى ئارقىلىق ئادەملەرنىڭ ئىجتىمائىيلىقىنى ئىپادىلەپ بەرگەن. 2-باب مەنسەبى شەرئى ئەمەلدارلارنىڭ بايانى ۋە 3-باب بايانى موللا-ئاخۇنلۇمدا كىشىلەرنىڭ ئېتىقاد ئادەتلىرىنى بايان قىلىپ بەرگەن. 4-باب مەدداھ قىسسەخانلارنىڭ بايانىدا كىشىلەرنىڭ ئەنئەنىۋى كۆڭۈل ئېچىش خاراكتېرىدىكى مەدەنىيەت پائالىيىتى ۋە تېبابەتچىلىك قاتارلىق ئادەتلىرى بايان قىلىنغان.

**2. «كىتابى ئەبدۇللاھ»تىكى فولكلور**

«كىتابى ئەبدۇللاھ»نىڭ مەزمۇنى ناھايىتى مول بولۇپلا قالماي، ئۇنىڭدا ئەكس ئەتتۈرۈلگەن فولكلورلۇق بايانلارمۇ ناھايىتى مول.

بىزگە مەلۇمكى، فولكلور شەھەرلىكلەر بولسۇن، يېزىدىكىلەر بولسۇن پۈتكۈل خەلقنىڭ تۇرمۇشى ۋە مەدەنىيىتىنى تەتقىق قىلىدىغان پەن. ئۇ ئىنسانىيەت جەمئىيىتىدىكى پۈتكۈل ئىشلەپچىقىرىش ئادەتلىرىدىن تارتىپ تۇرمۇش ئادەتلىرىگىچە، ماددىي بايلىقتىن مەنىۋى بايلىققىچە، پىسخىك ھالەتتىن ئاغزاكى نۇتۇق، ھەتتا ھەرىكەتكىچە... ئۇزاق دەۋرلەردىن داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان بارلىق ئۆرپ-ئادەتلەرنىڭ ھەممىسىنى ئۆزىنىڭ تەتقىقات ئوبيېكتى بولىدۇ.

«كىتابى ئەبدۇللاھ»تا ھەققەتەن ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئوۋچىلىق، چارۋىچىلىق، دېھقانچىلىق، باغۋەنچىلىك مەدەنىيىتى، ھويلا-ئاران مەدەنىيىتى، كىيىم-كېچەك مەدەنىيىتى، سەنئەت فولكلورىغا ئائىت خېلى كۆپ ئۇدۇمى ئادەتلىرى ئىخچام، مېغىزلىق قىلىپ ئىپادىلەنگەن ھەم ئەجدادلارغا مىراس تەرىقىسىدە قالدۇرۇلغان، ئۇنى ئەجدادلىرىمىزنىڭ مەدەنىيىتىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىشتىكى بىر «قامۇس» دېيىشكە بولىدۇ. مېنىڭچە، «كىتابى ئەبدۇللاھ»تىكى بۇ ئۇدۇمى ئادەتلىرىمىزنى تۆۋەندىكى نۇقتىلار بويىچە بايان قىلىش مۇۋاپىق دەپ قارايمەن.

**3. ماددىي فولكلور**

«كىتابى ئەبدۇللاھ»نى ئەستايىدىللىق بىلەن ئوقۇيدىغان بولساق، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ماددىي فولكلورى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان نۇرغۇن قىممەتلىك بايانلارنى ئۇچرىتىمىز، مېنىڭچە بۇنى تۆۋەندىكى نۇقتىلارغا بۆلۈش مۇمكىن.

3.1 ھۈنەر-كەسىپ ئادەتلىرى:

ئۇيغۇرلار قول ھۈنەرۋەنچىلىكتە ئالدىغا كەتكەن مىللەتلەرنىڭ بىرى. ئۇلاردا توقۇمىچىلىق، بوياقچىلىق، كەشتىچىلىك، تۆمۈرچىلىك، ياغاچچىلىق، قۇيمىچىلىق، كۇلالچىلىق، زەرگەرلىك، گەجچىلىك، جۇۋازچىلىك، بىناكارلىق قاتارلىق ھۈنەر-كەسىپ ئالاھىدە ئومۇملاشقان. ئۇلار ھۈنەر-كەسىپكە تولىمۇ ھېرىسمەن خەلق بولغاچقا، ئۆز پەرزەنتلىرىنى تەربىيەلەشتە ھۈنەر ئۆگىنىش ۋە ئۇنىڭ خاسىيىتىنى كۆپ تەكىتلەيدۇ. ئۇلاردا قەدىمدىن تارتىپ ھازىرغىچە «ئوغۇل بالىغا 72 تۈرلۈك ھۈنەر ئازلىق قىلىدۇ» دېگەنگە ئوخشاش نۇرغۇن ھېكمەتلەر ساقلىنىپ قالغان.

MIRAS

① ئەبدۇللاھ پوسكامى: «كىتابى ئەبدۇللاھ»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2004-يىل نەشرى، مۇھەررىردىن 1-بەت.

«كىتابى ئەبدۇللاھ»تىمۇ ھۈنەر-كەسىپكە دائىر نۇرغۇن بايانلار تىلغا ئېلىنغان بولۇپ، بۇلار مىللىتىمىزنىڭ ئەينى دەۋردىكى ھۈنەر-كەسىپ ئادەتلىرىنى چۈشىنىشتە ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

«كىتابى ئەبدۇللاھ»تا تىلغا ئېلىنغان ھۈنەر-كەسىپلەرنىڭ تۈرى 104 خىل، يەنە تېخى بەزىلىرىنىڭ ياسىلىش ئۇسۇلىغىچە تەپسىلىي تونۇشتۇرۇلغان، بۇنداق مىساللار ئەسەردە كۆپ ئۇچرايدۇ. مەسىلەن، ئاپتور سوپۇنچى ھەققىدە توختىلىپ مۇنداق دەيدۇ:

سابۇنچى ئۇستا دەيدۇرمىز ئالىپ ياغ ھەم شاخالارنى،
ئۇلارنى ئېرىتىپ سابۇن قىلۇرغە ئەتكۈسى شەربەت.

بۇنىڭدىن ئەينى ۋاقىتتا ئۇيغۇرلاردا قول ھۈنەرۋەنچىلىكنىڭ گۈللەنگەنلىكىنى، قول ھۈنەرۋەنچىلىكنىڭ تەرەققىياتىنى كۆرۈۋالالايمىز. بۇلاردىن بەزىلىرى ھازىرغىچە داۋاملىشىپ كەلگەن، بەزىلىرى ئاللىبۇرۇن ئۇنتۇلۇپ كېتىلگەن. ئاپتور ئەسەردىكى ھۈنەر-كەسىپ ئادەتلىرىنى تۈرلەرگە بۆلۈپ بايان قىلغان بولۇپ، كىتابتا تىلغا ئېلىنغان ھۈنەر-كەسىپلەر تۆۋەندىكىچە:

(1) كاسىبلارنىڭ ۋە نىئمەتچىلەرنىڭ بايانى: بۇنىڭدا ئاساسلىق قىلىپ يېمەكلىككە مۇناسىۋەتلىك بولغان كەسىپلەر بايان قىلىنغان.

قەسساب، نانباي، ئاشپەز، كاللاپەز، ھېسىپچى، كەبابچى.

(2) مارتاڭچى ۋە شىينە-شەربەتچىلەرنىڭ بەيانى: بۇ بەيىتتە ئاپتور ئاساسلىق قىلىپ، ئۇسسۇزلۇقنى باسىدىغان يېمەكلىكلەر بىلەن شۇغۇللىنىدىغان كەسىپلەرنى تونۇشتۇرغان.

لەڭمەنچى، مارتاڭچى، ماشئۇگرەچى، ئاچچىقسۇچى، رەنابچى، شەربەتچى، قايماقچى، مەيچى.

(3) گوشتغە پەنتى بار كاسىبلارنىڭ بەيانى:

فوكانچى، زەيتاب، تارىچى، سەيياد.

(4) دېھقان، تىككۈچى ۋە باشقا كاسىبلارنىڭ بەيانى:

دېھقان، بابكار، سەيفۇلڭ ①، مۇزەدۇز، چورۇقچى، جۇببەچى، تەلفەكچى، بۆكچى، جىيەكچى، ئەبرىشىمكار، بەقەسسەمچى، شاھىچى، چىتفۇرۇش، كىمخابچى، تاۋارچى، دودۇنچى، موۋۇتچى، مەخمەلچى، باغلىق، قەۋاب، بەلباقچى، سەرگەزچى، بوياغچى، ساغراچى، ئۇشتەگىر.

(5) كۆرۈكچى ھۈنەرمەندلەرنىڭ بەيانى:

تۆمۈرچى، كەتمەنچى، قۇلپچى، مىخچى، قاداقچى، يىڭنەچى، پىچاقچى، قازانچى، زەرگەر، مىسكەر.

(6) ياغاچ بىلەن قىلۇر كاسىبلەرنىڭ بەيانى:

ياغاچچى، ئاياقچى، قوشۇقچى، گۆگۈتچى، ئەررەچى، يىكچى، شالچى، ئىگەرچى، ماشنەچى، گۈلچى، سۇبەتچى، دۇتارچى، شىبناچى، چەرخچى، ئوتانچى، جۇۋازچى، نەغمەچى، چىغرىقچى، ئافتۇتچى، سىرچى، بوراچى، غەلبىرچى، ئەلگەكچى، سەھافچى، ئەربەكەش، كىمەچى، تۆگۈرمەنچى.

(7) يىپ بىلەن قىلۇر ھۈنەرمەندلەرنىڭ بەيانى:

كىگىزچى، خەللباب (تاغار توقۇغۇچى)، زىلچەباب، زەردۇز، نۇختەچى، خۇجۇنچى، گىلەمچى.

(8) فاختە بىلەن قىلۇر كەسىپلەر:

فاختەچە، ئاتقۇچى، كاغەزچى.

(9) تەبىب، ئەتتار، سەرتەراش، سابۇنچىلارنىڭ بەيانى:

تىبىب، ئەتتار، سەرتەراش، سابۇنچى.

(10) لاي بىلەن قىلۇر ھۈنەرمەندلەرنىڭ بەيانى:

خىشتچى، تۇزچى، تامچى، گىلكار، كوزەچى.

(11) ئاتىغە لازىملىقنى قىلۇر كاسىبلارنىڭ بەيانى:

سەرراج، توقامچى، قامچىباب.

(12) سېتىقچى، دەللال، بىدىك، فەيكى، چىلىمچىلارنىڭ بەيانى:

سېتىقچى، دەللال، بىدىك، فەيكى، چىلىمچى.

يۇقىرقىلاردىن بىلىشكە بولىدۇكى، نۇرغۇن ھۈنەر-كەسىپلەر ئۆز ئالدىغا، مۇستەقىل ئايرىلىپ چىققان ھالدا كەسىپلەشكەن، ئۇيغۇرلار قەدىمكى ئەجدادلىرىنىڭ قول ھۈنەر-سەنئىتىنىڭ پۈتكۈل جەۋھەرلىرىنى ئۆزىگە جەم قىلغاندىن باشقا، ئۆزلىرىنىڭ تۇرمۇش مۇھىتىغا ماس كېلىدىغان ۋە قەدىمكى ئەنئەنىلىرى ھېسابلىنىدىغان چارۋىچىلىق، ئوۋچىلىققا ئائىت بۇيۇملارنى ياساشنى ئادەت،

---

① سەيفۇلڭ ــ ئەسەردە تىككۈچىلىك مۇشۇنداق خەنزۇچە ئېلىنغان.

كەسىپ قىلغان. ھازىر ئۇيغۇرلارنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشىدا ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى دەۋرلەردىن باشلانغان ھۈنەر-كەسىپ ئادەتلىرى ۋە ھۈنەر-كەسىپ سەنئەت بۇيۇملىرى خېلى مول ساقلانغان. دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىش ئىگىلىكىدىن قالسىلا كۆلىمى ۋە ئومۇملىشىش دائىرىسى كەڭ بولغان بىر خىل قوشۇمچە ئىگىلىك شەكلىدۇر.

3.2 چارۋىچىلىق ئادەتلىرى:

ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرى تارىختا ئۆتكەن مەشھۇر كۆچمەن چارۋىچى قەبىلىلەردىن ھېسابلىنىدۇ. چارۋىچىلىق ئىگىلىكى ئۇيغۇر تۇرمۇشىدا مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ. چارۋىچىلىق ئىگىلىكى دەسلەپكى مەزگىللەردە ئوۋچىلىق ئىگىلىكى بىلەن بىر گەۋدىلىشىپ، گىرەلەشكەن ھالدا ئورتاق تەرەققىي قىلغان، كىشىلەر ئوۋ ھايۋانلىرىنى كۆندۈرۈپ دەسلەپكى چارۋىچىلىق ئىگىلىكىنى بارلىققا كەلتۈرگەن.

ئۇيغۇرلاردىكى چارۋىچىلىق ئىگىلىكىنىڭ بىۋاستە مەقسىتى خەلقنىڭ گۆشلۈك يېمەكلىكلەرگە بولغان ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش، يېزا ئىگىلىكى ۋە قاتناش-ترانسپورت ۋاستىلىرىنى ھەل قىلىش ۋە يۇڭ، تېرە، ئۇچەي قاتارلىق چارۋىچىلىق مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاپ ئىشلەش ئاساسىدا قول ھۈنەر كەسپى ۋە بازار سودىسىنى جانلاندۇرۇشتىن ئىبارەت، شۇڭلاشقا ئۇيغۇرلار ئولتۇراق دېھقانچىلىق ئىگىلىكىگە يۇكسەك ئېتىبار بىلەن قاراپ كەلگەن.

«كىتابى ئەبدۇللاھ»نىڭ 10-باب «ھەلال ھايۋانلارنىڭ بايانى»دىن 14-باب «ئۇچارلىق جاندارلارنىڭ بايانى»غىچە ئاپتور ھايۋاناتلار ئۇچۇن مەخسۇس بەش باب ئاجراتقان. بۇ بايانلار يەنە ئاپتور تەرىپىدىن ئايرىم تۈرلەرگە بۆلۈنۈپ بايان قىلىنغان. بولۇپمۇ 10-باب ۋە 11-بابلاردىكى مەزمۇنلاردىن بىز نۇرغۇن نەرسىلەرنى بىلىۋالايمىز. مەسىلەن:

گوشت ھەيۋان جۇملەسىدىن نەچچە قىسمدۇر ھەلال،
يېسە تىش، تامغاق-كېكىردەكلەرگە ھەرياندىن لەزىز.

دېمەك، ئەينى ۋاقىتتا ئۇيغۇرلاردا ئىسلام دىنى خېلىلا چوڭقۇر، كىشىلەر ھايۋانلارنى «ھارام»، «ھالال» دەپ بۆلگەن. ئاپتور ئەسەردىمۇ بۇ ھايۋانلارنى ئېنىق ئايرىپ كۆرسىتىپ بەرگەن.

مەن ھەلالنىڭ قىسمىتىدىن زىكىر قىلسام ئىسمى بۇ،
ئەچكۈ، قوي بىرلە كالا قەن دەپ قارىغاندىن لەزىز.
تۆە، ئات، گاۋمىش، قوتاز باردۇر كېيىك دەپ بىر نېمە،
تاتقى يوقمۇ توخىنىڭ چوقۇپ يېگەن داندىن لەزىز.

بۇلارنىڭ ئەسەردە تىلغا ئېلىنىشى بىزگە شۇ ۋاقىتتا كىشىلەرنىڭ نۇرغۇن ھايۋانلارنى باققانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىش بىلەن بىللە يەنە بۇ ھايۋانلارنىڭ ئىنسانلار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنىڭ يېقىنلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئۇدۇم ئەنئەنىلىرى بويىچە ئۇيغۇرلار چارۋىچىلىقتا ئات، كالا، قوي، ئۆچكە، تۆگە، ئېشەك قاتارلىقلارنى باققان ۋە بۇ كۆندۈرۈلگەن ھايۋانلارنى ئۆزلىرىنىڭ ھەر خىل ئېھتىياجلىرىنى قاندۇرۇشنىڭ مەنبەسى قىلغان. قولغا كۆندۈرۈلگەن بۇ ھايۋانلارنى كۆشەيدىغان ۋە كۆشىمەيدىغان دەپ ئىككى تۈرگە ئاجرىتىپ كۆشەيدىغان ھايۋانلارنىڭ (قوي، ئۆچكە، كالا، تۆگە، قوتاز قاتارلىقلار) گۆشىنى يېيىشكە بولىدۇ دەپ قاراپ ئۇنى ئۆزۈلۈك قىلغان. ئەكسىچە كۆشىمەيدىغان ھايۋانلارنىڭ گۆشىنى يېيىشتىن پەرھىز تۇتقان. بۇنىڭ بىلەن «ھالال» ۋە «ھارام» دەپ ئىككىگە ئايرىلغان. ئۇيغۇرلاردا ئادەتتە يەنە گۆشخور يىرتقۇچ ھايۋانلارنىڭ گۆشى ۋە ئۆزى ئۆلۈپ قالغان ھايۋانلارنىڭ گۆشىمۇ ھارام دەپ قارىغان.① ئەسەردە ئاپتور بۇنى ئېنىق قىلىپ كۆرسىتىپ بەرگەن.

ئۇنىڭدىن باشقا ئەسەردە يەنە كېيىك، شىر، بۆرى، ئايىغ، مەيمۇن، قاما، ئۇسر، تۈلكى ۋە يىلپاسۇن قاتارلىق ھايۋانلارنىڭ نامى تىلغا ئېلىنغان بولۇپ، بۇ ھايۋانلارنىڭ تىلغا ئېلىنىشى كىشىلەرنىڭ تەبىئەت بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنىڭ يېقىن ئىكەنلىكىنى، چارۋىچىلىقتىن باشقا يەنە ئوۋچىلىق بىلەنمۇ شۇغۇللانغانلىقىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ.

MIRAS

① «ئۇيغۇر فولكلورى مەدەنىيىتى» مەجمۇئەسى: «ئۇيغۇرلارنىڭ ماددىي فولكلور مەدەنىيىتى»، شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت فوتو سۈرەت نەشرىياتى، 2011-يىل نەشرى، 33-بەت.

ئەسەردە تىلغا ئېلىنغان ھايۋانلارنى تۆۋەندىكىدەك تۈرلەرگە بۆلۈشكە بولىدۇ:

1. بۇ ھايۋانلارنىڭ ئىنسانلار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىگە ئاساسەن ئۆي ھايۋانلىرى ۋە ياۋايى ھايۋانلار دەپ بۆلۈشكە بولىدۇ.

(1) ئۆي ھايۋانلىرى: ئەچكۈ، كالا، تۆۋە (تۆگە)، ئات، گاۋمىش، قوتاز، توخى، خەچىر.

(2) ياۋايى ھايۋانلار: فىل، شىر، بۆرى، ئايىغ (ئېيىق)، مەيمۇن، قاما، ئۇسىر، تۈلكى، يىلباسۇن، كىيىك.

2. پەرھىز جەھەتتىن «ھالال ھايۋانلار» ۋە «ھارام ھايۋانلار» دەپ ئىككى تۈرگە بۆلۈشكە بولىدۇ.

(1) ھالال ھايۋانلار: ئەچكۈ، كالا، تۆۋە (تۆگە)، ئات، گاۋمىش، قوتاز، توخى، كىيىك.

(2) ھارام ھايۋانلار: فىل، شىر، بۆرى، ئايىغ (ئېيىق)، مەيمۇن، قاما، ئۇسىر، تۈلكى، يىلباسۇن.

خەچىر.

3.3 دېھقانچىلىق ئادەتلىرى:

دېھقانچىلىق ئۇيغۇرلاردا ئۇزاق تارىخقا ئىگە بىر خىل ئىشلەپچىقىرىش شەكلى، شىنجاڭنىڭ تۇپراق، سۇ ۋە ئىقلىم شارائىتى دېھقانچىلىق ئىگىلىكى ئۈچۈن تولىمۇ ماس كېلىدىغان بولغاچقا، ئۇيغۇرلار قەدىمكى دەۋرلەردىن باشلاپ بۇغداي، ئارپا، قوناق، شال، تېرىق، ھەر خىل پۇرچاق، كېۋەز، زىغىر، كۈنجۈت، قىچا قاتارلىق ئاشلىق تۈرلىرى ۋە ئىقتىسادىي زىرائەتلەرنى تېرىغان. بۇ جەرياندا قانداق تېرىش، قانداق پەرۋىش قىلىش، ئاشلىق زىرائەتلىرىنى ساقلاش ۋە پىششىقلاپ ئىشلەش، شۇنىڭدەك زىرائەت تۈرلىرىنىڭ ئۆسۈش قانۇنىيىتىگە مۇناسىپ يەر، پەسىل، مۆچەللەرنى بەلگىلەش، سۇغىرىش ئەسلىھەلىرىنى قۇرۇش قاتارلىق جەھەتلەردە مول فولكلورلۇق تەجرىبىلەرنى توپلىغان.

«كىتابى ئەبدۇللاھ»نىڭ 18-باب «زىرائەتلەرنىڭ بەيانى»دا ئۇيغۇرلارنىڭ دېھقانچىلىق زىرائەتلىرى توغرىسىدا بايانلار بار بولۇپ، بۇ بايانلار بىزنى ئىشەنچلىك ماتېرىيال بىلەن تەمىنلەيدۇ. مەسىلەن:

قىسمىنى خىرماندا قويدۇم ئىسمىنى زىكىر ئەيلەگۈم،
زىكرى بۇ بۇغداي، قوناق، ئارفە، تېرىق دەپ ئانى بىز.
شال، كۆمەك، فۇرچاق، زەراگزا، ماش، كۈنجۈد، لوبىيا،
ياغ چىقار زاغۇن-زىغىر، كەندىرئىچى ياخشى مەغىز.

يۇقىرىقى بېيتلەردىن بىز ئۇيغۇرلارنىڭ ئەينى ۋاقىتتا دېھقانچىلىق ئارقىلىق يېمەك-ئىچمەك مەسىلىسىنى ھەل قىلغانلىقىنى، ئاساسلىق قىلىپ دېھقانچىلىق زىرائەتلەردىن بۇغداي، قوناق، ئارفە، تېرىق، شال، كۆمەك، فۇرچاق، زەراگزا، ماش، كۈنجۈد، لوبىيا، زاغۇن-زىغىر ۋە كەندىر قاتارلىقلارنىڭ بارلىقىنى بىلىۋالالايمىز.

يۇقىرىقىلار ئۇيغۇرلارنىڭ دېھقانچىلىققا ئالاھىدە ئەھمىيەت بىلەن قارىغانلىقىنى، ئەينى دەۋردىكى كىشىلەرنىڭ تېرىقچىلىق قىلىشنىڭ ئەھمىيىتىنى چوڭقۇر تونۇپ يەتكەنلىكىنى، شۇ ۋاقىتتا زىرائەت تۈرىنىڭ كۆپلۈكىدىن كىشىلەرنىڭ تېرىقچىلىقتا ئىقلىمغا ماس كېلىدىغان زىرائەتلەرنى ۋە تېرىش ئۇسۇلىنى تېپىپ چىققانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

3.4 كۆكتاتچىلىق:

ئۇيغۇرلاردا كۆكتاتنىڭ تۈرى كۆپ، تارىخى ئۇزاق. ئۇيغۇرلار قوشۇمچە كۆكتاتچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. ئاساسەن ئۆزلىرىگە لازىملىق كۆكتاتلارنى تېرىشتىن باشقا، كۈزلۈك كۆكتات تېرىپ بازارنى قىشلىق كۆكتات بىلەن تەمىنلەيدۇ، يەنى بازار كۈنلىرى دېھقانلارنىڭ سەۋزە، پىياز، چامغۇر، تۇرۇپ يېسسىۋىلەكلىرى بازارغا كىرىدۇ.

كۆكتاتچىلىق بىلەن قوشۇمچە شۇغۇللىنىدىغان كەڭ دېھقانلار، ئورمىدا بۇغداي ئورۇلۇپ بولغاندىن كېيىن ئورنىغا سەۋزە، پىياز، كۆك تۇرۇپ، چامغۇر، يېسسىۋېلەك، كاللەك بەسەي قاتارلىق قىشلىق كۆكتاتلارنى تېرىيدۇ، بۇ خىل كۆكتات تېرىش ئۇيغۇر دېھقانلىرىغا ئومۇملاشقان.

ئۇيغۇر دېھقانلىرى 10-ئايدىن باشلاپ 11-ئايغىچە كۆكتاتلىرىنى يىغىشتۇرۇپ، سەۋزە، چامغۇر، تۇرۇپ قاتارلىق كۆكتاتلىرىنى گەمىدە ساقلايدۇ.

دېھقانلار كۈزدىن باشلاپ ئەتىيازغىچە ھەر بىر بازارغا ئۆزلىرى تېرىغان كۆكتاتلىرىنى ئەكىلىپ توپ ۋە پارچە ساتىدۇ. بازار كۈنى ھەممە بازاردا قىشلىق كۆكتات سېتىلىدۇ، مۇشۇ قوشۇمچە كىرىم بىلەن دېھقانلار ئۆزلىرىنىڭ ھەر خىل تۇرمۇش ئېھتىياجلىرىنى قامدايدۇ.

«كىتابى ئەبدۇللاھ»تا كۆكتاتچىلىققا دائىر تۆۋەندىكىدەك بايانلار بار.

بىر بەرادەر بار يەنە كەسبى ئانىڭ ئوتياشچىلىق،
سەي تېرىپ، گۈل بىرلە ئۇل يەر تۇرغۇسى يىدلىق پۇراپ،
ئۇنىسە چامغۇر ھەم تۇرۇپ، بەيسەي، فىيازۇ كۇدەلەر،
سەبزە دەپ بىر ئاشقى بار يېمەك رەسمى يوناپ.

دېمەك، مۇشۇ ۋاقىتلاردىمۇ كىشىلەر كۆكتات تېرىپ يېيىشكە ئادەتلەنگەن. ئۇيغۇرلار چامغۇر، تۇرۇپ، بەسەي، پىياز، كۇدە ۋە سەۋزىلەرنى تېرىغان، بۇ مەخسۇس كەسىپ بولۇپ ئايرىلىپ چىققان.

3.5 يېمەك-ئىچمەك ئادەتلىرى:

يېمەك-ئىچمەك مەدەنىيىتى ئومۇمەن ئىنسانلارنىڭ ئۆزىدىكى تۇغما فىزىئولوگىيەلىك تەلىپىدىن ھاسىل بولىدىغان بىر خىل تەبىئىي ئېقتىدار ھېسابلىنىدۇ. تۇرمۇش ئۇسۇلىنىڭ ئوخشاش بولماسلىقى، جۇغراپىيەلىك ياشاش شارائىتى، دىنىي ئېتىقاد جەھەتتىكى پەرق قاتارلىقلار يېمەك-ئىچمەك مەدەنىيىتىدىكى مىللىي خاسلىقنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان مۇھىم ئامىللاردۇر. ئۇيغۇر خەلقى ئۆزىنىڭ ئۇزاق ئەسىرلىك تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا، مەۋجۇتلۇقنى ساقلاپ قېلىش ۋە ئۆزىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن، ئۆزگىچە مول يېمەك-ئىچمەك مەدەنىيىتىنى ئىختىرا قىلغان ۋە بىر قاتار داڭلىق تائاملارنى ياراتقان.

«كىتابى ئەبدۇللاھ»نىڭ 19-باب «ھەممە قىسىم نانلارنىڭ بايەنى»دىمۇ بۇ ھەقتە نۇرغۇن بايانلار بار بولۇپ بۇ دەۋرگە كەلگەندە ناننىڭ تۈرى 20 خىلدىن ئاشقان. مەسىلەن:

ئىسمى نانلارنى بۇ بابدا مەن ئەگەر زىكىر ئەيلەسەم،
قاتلاما، ئاقنان، توقاچغە جانىمىزنى چاتامىز.
كاكچا، فوم نان، گىردە، شىمەن، سامسۇ، فەرمۇدە، كۆمەچ،
زاڭزا، قۇيماق يېگەلى دەرۋازەمىزنى قاقامىز.
بولسە گۆشتگىردەۋۇ گوكەي بىرلە بۇس نان قانچە خۇب،
بولماسە خاتۇننى تىللاپ شالىمىزنى ساچامىز.
نان فىتىر، زاغرا، دۇبەز، خوشاڭ بىلە فوشكالنى يەپ،
ھەممەمىز ھەددىن ئاشىپ قالغانامىزنى چاقامىز.
كىمكى نانسىز قالسالەر قانسىز بولۇر ئانداغ كىشى،
بولسە نان جىق، يۇزدە قان جىق خالىمىز نې ئاكامىز.

ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى يېمەك-ئىچمەك ئادىتىدە قورۇلغان سەيلىك تاماقلار كۆپ ئىستېمال قىلىنمايدۇ، ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئاساسلىق يېمەكلىكى نان بولۇپ، ئۇ ناھايىتى ئۇزاق تارىخقا ئىگە. چەرچەننىڭ زاغۇنلۇق، قومۇلنىڭ لاپچۇق، قارا دۆۋەدىن بۇنىڭدىن 3000 يىل بۇرۇنقى دەۋرگە ئائىت قەبرىلەردىن تېپىلغان توقاچ نانلار ئۆز دەۋرىدىلا ئەجدادلىرىمىزنىڭ ناننى ئاساسلىق يېمەكلىك قىلغىنىنى ئىسپاتلايدۇ.

ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرمۇشى نان بىلەن زىچ گىرەلىشىپ كەتكەن بولۇپ ناندىن ئايرىلالمايدۇ، ناننى ئۇلۇغلايدۇ، «نېنى يوقنىڭ جېنى يوق» دېگەن ماقالدە ئۇيغۇرلارنىڭ ناننى تىرىكلىكنىڭ سىمۋولى سۈپىتىدە ئەتىۋارلايدىغانلىقى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە نان دەسسەپ قەسەم بېرىش ئادىتىمۇ ساقلانغان بولۇپ، كىشىلەرنىڭ نانغا بولغان ئېتىقادى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. سەپەرگە چىققاندا كىشىلەر ئۆزئارا نان يوللۇق تۇتۇشىدۇ. زىياپەت، مېھماندارچىلىقتا مېھمانلارغا ئالدى بىلەن نان قويۇلۇپ چاي بېرىلىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن تاماق تارتىلىدۇ.

بۇ بابنىڭ كېيىنكى بەيتى ئاش-تەئاملارنىڭ بايانى بولۇپ، بۇ بابتا مۇنداق مەزمۇنلار بايان قىلىنغان.

سۇيۇق ئاشنى دېگۈمىز شىلان، قويۇق ئاشنى تەئام،
بۇ تەئام شىلانىمىزنى يەپ قانىر زىيجانىمىز.
بەردى ھەق ناندىن بۆلەك بىزگە تەئامنى بىھېساب،
يېگۈسى بۇ شۇم فوكان ھەم ئىنتىزار شەيدانىمىز.

دېمەك، ئۇيغۇرلار شۇ ۋاقىتتا سۇيۇق ئاشلارنى شىلان، قويۇق ئاشلارنى تەئام دەپ ئاتىغان بولۇپ، ناندىن بۆلەك بۇ تەئاملار ئاساسلىق ئىستېمال قىلىنغان.

«كىتابى ئەبدۇللاھ»تىكى يەنە بىر قىسىم بايانلاردىمۇ بىز ئۇيغۇر تائاملىرىنىڭ تۈرىنىڭ ناھايىتى كۆپ ئىكەنلىكىنى، ئۇيغۇرلاردا «مېھمان كەلسە ئۆيگە بەرىكەت ياغىدۇ» دەپ قارىغاچقا، مېھماننى ئۆينىڭ بەرىكىتى دەپ بىلىپ، مېھمان كىم بولۇشىدىن قەتئىينەزەر قىزغىن قارشى ئېلىپ، ئۆيىدىكى ئەڭ ئېسىل نەرسىلەر بىلەن كۈتىدىغانلىقىنى، بولۇپمۇ ئەڭ ئېسىل مېھمانلىرىنى قوي سويۇپ كۈتۈۋالىدىغانلىقىنى، ئادەتتە مېھمانلارغا ئېتىلىدىغان تاماق ئائىلىدە ئېتىلىدىغان تاماق بىلەن سېلىشتۇرغاندا

MIRAS

مولراق، ئېسلراق بولىدىغانلىقنى بىلۋالالايمز.

3.6 كيىم-كېچەك ئادەتلىرى:

كيىم-كېچەك ئادەمنىڭ ئەڭ ئاساسلىق زىننىتى، شۇنداقلا گۈزەللىك روھىنىڭ ئەڭ تىپىك ئىپادىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن، مىللىي خاسلىقنىڭ ئەڭ يارقىن نامايەندىسىدۇر. بىر مىللەت تۇركۇمىنىڭ كيىم-كېچەكنى مەركەز قىلىپ ھەرقايسى تارىخي دەۋرلەردە شەكىللەندۇرگەن ماددىي ۋە مەنىۋى پائالىيەتلىرىنىڭ يىغىندىسى شۇ مىللەت تۇركۇمىنىڭ ئۆزىگە خاس كيىم-كېچەك مەدەنىيىتىنى شەكىللەندۇرىدۇ.

«كىتابى ئەبدۇللاھ»تىمۇ بۇ ھەقتە بايانلار بولۇپ، كىتابنىڭ 20-باب «ئىگىنگە تەئەللۇق نەرسىلەرنىڭ بايانى»دىن بىز ئۇيغۇرلارنىڭ كيىم-كېچەك مەدەنىيىتىگە دائىر بىر مۇنچە بايانلارنى بىلىۋالالايمىز.

قويدى ئىماننى مۇسۇلمانىنىڭ كۆڭۈل ساندۇقىدا،
ئىگنى يۆرگەپ تەننى زىبىجاندىن ئوچۇق بولماس فەقەت.
مەن بايان قىلسام ئىگىننىڭ ئىسمى نەچچە قىسمىدۇر:
سەللە، تەلفەك، بۆكنى ئايىغاندىن سولۇق بولماس فەقەت.
بار كۇلاھ، جەندە، چافان، كۆڭلەكمۇ يەكتەك ھەم لىچەك،
جۇببە ①، چەچمە بىرلە ئىشتاندىن سۇۋۇق بولماس فەقەت.
يەنە ھەم فەشمەك ②، جۇيازە، ئاق فەرەنجى، رويمال،
قۇر كەمەر ③، بەلباق، بۇ مەرداندىنمۇ يوق بولماس فەقەت.
قالمىسۇن قالفاق، قۇلاقچە، قولغە فەلەي، ئويماق ھەم،
قىش كۇنى توگاپ يېقىلغاندىنمۇ يوق بولماس فەقەت.
دەفكۇ، فايفاق يا كەپىش، مەيسە، ئۆتەك، چورۇق، جوراپ ④،
ئىچىگە فۇتى سافلىغاندىن يورۇق بولماس فەقەت.
ئۆز دىيارىم ئەھلىنىڭ كيگەن ئىگەنلىرىن دېدىم،
سۆزكى يوق ئىگىن قاتلىغاندىن بۇزۇق بولماس فەقەت.

بۇ بايانلاردىن ئايانكى، كىتابتا مۆمىنلەر ئەڭ ئاۋۋال كيىم بىلەن بەدىنىنى يېپىشى لازىملىقىنى، كيىم-كېچەكنىڭ ئادەمنىڭ مۇھىم ماددىي ئېھتىياجى ئىكەنلىكىنى، نان ۋە ئىماندىن قالسا كيىم-كېچەكنىڭ مۇھىم ئىكەنلىكىنى ئىپادىلىگەن. ئەسەردە جەمئىي 29 خىل كيىم تىلغا ئېلىنغان.

ئۇنىڭدىن كېيىن كيىمنىڭ تۈرى ۋە ئىسىملىرىنى بايان قىلغان، بۇ كيىملەرنى تۆۋەندىكى تۈرلەرگە بۆلۈشكە بولىدۇ.

1. باش كيىملەر: باشقا كيىدىغان كيىم دېگەن مەنىدە، ئەسەردە تىلغا ئېلىنغان باش كيىملەردىن سەللە، تەلفەك، بۆك، لېچەك، جۇببە، رومال، قالفاق، قۇلاقچە قاتارلىقلار بار.

2. ئۈچ كيىملەر (ئۈست كيىم): ئۈچ كيىم ئۈچىغا كيىدىغان كيىم دېگەن مەنىدە بولۇپ، ئۇ كۆڭلەك، چاپان، ئىشتان قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. ئەسەردە تىلغا ئېلىنغان ئۈچ كيىملەردىن كۇلاھ، جەندە، چاپان، كۆڭلەك، يەكتەك، جۇببە، ئىشتان، قۇركەمەر، بەلباق، پەلەي، ئاق فەرەنجى، فەشمەك، چەچمەك، جۇيازە قاتارلىقلار بار.

3. ئاياغ كيىملەر: ئۇيغۇرلار قەدىمدىن ئاياغقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىپ كەلگەن، بۇلار ئاساسەن تېرە-كۆن، يۇڭ، رەخت، ياغاچ قاتارلىقلاردا تىكىلگەن. ئەسەردە تىلغا ئېلىنغان ئاياغ كيىملەردىن فاياق، كەفش، مەيسە، ئۆتۈك، چۇرۇق، جوراپ قاتارلىقلار بار.

3.7 ئۆي سەرەمجانلىرى:

ئۇيغۇرلار ئۇزاق مۇددەتلىك تۇرمۇش ئەمەلىيىتى جەريانىدا ئۆزىگە خاس مەدەنىيەت ياراتقان. ئۆي سەرەمجانلىرىمۇ بۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىر تۈرگە كىرىدۇ، كىشىلەر ئىپتىدائىي مەدەنىيەت دەۋرىدىلا ئولتۇراقلىشىش ئادىتى شەكىللەنگەن، كىشىلەر دەسلەپتە ھايۋانات تېرىلىرىنى يەرگە تاشلاپ ئۈستىدە ئۇخلىغان، بارا-بارا كىشىلەر ئەڭ دەسلەپكى ئۆيلەرنى ياسىغان ۋە ھايۋانات تېرىلىرىنىڭ ئورنىغا قوي يۇڭىدا قىلىنغان يوتقان-كۆرپىلەرنى ئىشلەتكەن، تاماق ئېتىدىغان ئەسۋابلار بار بولغان. شۇنداق

---

① جۇببە ـــ جەگدە كيىدىغان كيىم، جەڭ كيىمى.
②فەشمەك-فەش-سەللىنىڭ ئۈچى، سەللىنىڭ يەلكىگە چۈشۈپ تۇرىدىغان قىسمى.
③قۇركەمەر ـــ بەلباغ، پوتا
④جوراپ ـــ پايپاق

قىلىپ ئۆي سەرەمجانلىرى بارلىققا كېلىپ كۆپ خىللىشىشقا قاراپ ماڭغان. بۇلارنىڭ بەزىلىرى تۆمۈردىن، بەزىلىرى ياغاچتىن، يەنە بەزىلىرى قەغەزدىن دېگەندەك ماتېرىيالمۇ كۆپ خىللاشقان. شۇڭلاشقا ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆي سەرەمجانلىرىنى تەپسىلىيرەك تۈرلەرگە بۆلۈشكە توغرا كېلىدۇ. مەسىلەن:

ئىنايەت ئەيلەدى ھەق كۆپ سەرەمجان،
ئۆلۈپ كەتسە بۇقالماق، نې ئۇ ئۇقالماس.

«كىتابى ئەبدۇللاھ»تا ئاپتور ئۆي سەرەمجانلىرىنى تۆۋەندىكى بەيتلەر بويىچە تۈرلەرگە بۆلۈپ بايان قىلغان:

(1) تۆمۈر، چۆيۈن، مىس، تۇچ ئەسۋابلار

بۇ بەيتتە ئاساسلىق قىلىپ فالتۇ، كەتمەن، قىچاق، كەركى، تىش، ئۈيغاق، بەل، قارچى، دەزمال، چۆمۈچ، كەفكى، لىگەن، قازان، چايگۈن، چىنى، فەتنۇس، تەخسە، چىلافچى، ئافتۇبە، ئۇرۇس ساندۇق، فەنەر، يىڭنە، جۇۋالدۇز، ھەۋانچى، شەمدان، جادۇ، قىرمەكەش، چەراغ، قوشۇق، قۇلفى، ئاچقۇ، ئۇشكى، سىخ، كارسالڭ، چىلىم، ئەررە، كورە، مىس فۇل، ئىزەڭگۇ، دۇۋەت، قەلەمدان، جەدۋەلقەلەم قاتارلىقلار بار.

(2) ياغاچتىن بولغان سەرەمجانلار

كارسالڭ، ئاياغ، جام، تۇلڭ، تۇۋاق، ساندۇق، چەھارپاي، غەلبىر، ئەلگەك، يەلفەگۈچ، تەختە، نوغۇچ، چولا، دەم، ئىشك، فەنتلڭ، شىرە، چىلەك، چۆمۈچ، قوشۇق، دەستە، قوزۇق، سوغا، قاسقان، تارتقۇ، تارماق، توخۇناق، زەنبىل، بۆشۈك، تەختەمۆشۈك، چۆكا، قىرغۇچ، چەرخ، چىلىم، خون، چەراغپايە، رەھىل، سەندەل، ئۇلاق، نوگاي، قافاق، رىك، ئەسا، دۇمباق، سۇبەت، ساز، غالتەك، چوماق، توقماق، قۇتى، سەر، جىلڭ، شىن، كېمە، كۆبرۈك، نور، قامچى، قوشقۇن، لىڭگىرچاق، ئىگەر، گۈگۈت، شۇمەك، خونچە ئاياق، فوزا، فىچەك، بورا، سۇفۇرگە، ئەرابە، مەھافە، تۇگۈرمەن، سوقە، ئۆي، ئىمارەت، جىنازە، قەلەم، ئىسكەنجى.

(3) چىنە ۋە سەفالغە تەئەللۇق سەرەمجانلار

چىنى، سەفال، جام، ئاياق، تەخسە، خونچە، كوزا، لوڭقا، خىشت، چەراغ، چاينەك، قۇتى، دۇۋەت، قوشۇق، كۆف، ئىبرىق، چەراغپايە، يامچاق، ئاچشتان.

(4) جەۋئىرغە تەئەللۇقلار

قاشتاشى، ياقۇت، ئەقىق، جەج، زەبەرجەد، لەئل، مەرۋايىد، يۈنجى، مەرجان، قەھرىۋا، ئاھەڭ كرەۋا، شىشە، ئايىنە، سەدەف، گەۋھەر، فىرەزە، زۇمۇررەت، ئالتۇن، كۈمۈش، فۇلات، ئالماس.

(5) فاختەغە تەئەللۇق ئۆي سەرەمجانلار

خام، مەتا، يىق، تەغار، خوجۇن، گىلەم، خالتە، تەللە، بوغچە، تەكيە، يوتقان، كۆرفە، فەردە، لۆڭگە، دەستۇرخان، سۇفرە، يىغدە، گەزنە، فىلىك، زەردىۋار، تور، جاينەماز، توق، كاشا، ئاغرامچى، دەمكەش، نۇختە، ئىگەرقافى، ئەبۇدا، قولتەكيە.

(6) چېگە ۋە تۇك (يۇڭ)دە بولغان سەرەمجانلار

زىلچە، گىلەم، كىگىز، تەغار، خوجۇن، كاشا، ئاغرامچى، شوينە، چېگە، جۇل، چەكمەن، ئەلگەك، يەلفۇگۈچ ، كەمالچە، غىجەك.

(7) تېرە بىلەن بولغان ئەسۋابلار

تاسمە، نۇختە، يۈگەن، ئەشمەك، قامچى، جەزلىك، تالقاندان، غەلبىر، ئۆتكەرمە، غىلاف، ناغرا، دۇمباق، چىنى قافى، ساغداق، سەھھاف، تەئزىز، ھەمايىل، قافى، ياغ ئافتۇبەسى، تۇلۇم.

(8) كاغەز بىلەن بولغان سەرەمجانلار

قۇرئان، كىتاب، سەھھاف، ۋەتەۋارەك، ئەندەزە، يەلفۇگۈچ، گۈل، تۈگمە ساندۇقى، دەرپەردە، گۈگۈت قافى، تۇمار.

ئەسىردە كېيىم-كېچەك تۈرلىرىنى چىقىرىۋەتكەندە جەمئىي 231 خىل تۇرمۇش بۇيۇملىرى تىلغا ئېلىنغان، بۇلار ئەينى ۋاقىتتىكى كىشىلەرنىڭ قول ھۈنەرۋەنچىلىكنىڭ تەرەققىي قىلغانلىقىنى، تۇرمۇش سەۋىيىسىنىڭ يۇقىرى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ، ئەينى دەۋردە ئۆي سەرەمجانلىرىنىڭ تۈرى ناھايىتى كۆپ بولغان، بىراق ھازىرقى ئىشلىتىۋاتقانلىرىمىزغا قارىساق، بۇ تۈرلەرنىڭ بارغانسېرى ئازلاپ كېتىۋاتقانلىقىنى بىلەلەيمىز. ئەينى ۋاقىتتىكى نۇرغۇن نەرسىلەر دەۋرىمىزگە يېتىپ كېلەلمىدى، بەزىلىرى جەمئىيەتنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ بارا-بارا ئىشلىتىلىشتىن قالدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەسەر شۇ ۋاقىتتىكى نۇرغۇن تۇرمۇش بۇيۇملىرىنىڭ ئىسمىنى دەۋرىمىزگە يەتكۈزۈپ بېرەلىگەن، شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ ئەسەر ئۇيغۇر

فولكلور مەدەنىيىتىنى تەتقىق قىلىشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

3.8 باغۋەنچىلىك:

ئۇيغۇرلارنىڭ ھاياتىدا باغۋەنچىلىك ئىگىلىكىنىڭ تۇتقان ئورنى خېلى يۇقىرى بولۇپ، خەلق ئارىسىدىكى «بېغى يوقنىڭ جېنى يوق» دېگەن ماقال بۇ پىكىرنىڭ ئوبرازلىق دەلىلىدۇر. ئۇلار ھەرقانداق بىر دېھقان ئۆيىنىڭ ئەتراپىغا باغباران قىلىشقا ئادەتلەنگەن. شۇڭلاشقا ھېچنېمىسى يوق دېھقاننىڭ ئۆيىنىڭ ئەتراپىدىمۇ ئۈجمە دېگەندەك دەرەخلەر بولغان بولىدۇ. كىشىلەر ھويلىسىغا ئۈزۈم تېلى ۋە تەك قىلىدۇ، بېغىغا مېۋىلىك دەرەخلەرنى تىكىدۇ. بۇ ھال باغۋەنچىلىكنىڭ دېھقانچىلىقتىن قالسىلا ناھايىتى مۇھىم ئورۇندا تۇرىدىغان ئىگىلىك شەكلى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ.

ئەسەردىكى باغۋەنچىلىكنى مېنىڭچە تۆۋەندىكى تۈرلەرگە بۆلۈشكە بولىدۇ.

(1) مېۋىلىك دەرەخلەر:

شىنجاڭ قەدىمدىن تارتىپ «مېۋە- چېۋە ماكانى» دېگەن نامى بىلەن مەشھۇر. باغۋەنچىلىك ھەققەتەن ئۇيغۇرلاردا زور قوشۇمچە ئىگىلىك سۈپىتىدە ناھايىتى تەرەققىي قىلغان. بۇ تەبىئىي ھالدا ئۇيغۇرلاردىكى ھويلىنى كۆكەرتىش ۋە ئۆي ئارقىسىغا باغ قىلىش ئادىتىنى شەكىللەندۈرگەن. 17 ـ باب «مېۋىلەرنىڭ بايانى»دا ئاپتور مېۋىلەر توغرىسىدا توختىلىپ مېۋىلەرنىڭ تۈرىنى بايان قىلىپ بەرگەن. مەسىلەن،

يارىتىي ياز كۈنى قانچە دەرەختىن نەچچە خىل مېۋە،
ئۆرۈك، ئۈجمە، جىنەستە مېۋىلەرنىڭ ئىچىدە سەر باز.
كۈدئامۇت، نەشپۈت، ئامۇت، بېھى، شافتۇل ھەم ئانار، ئالمە،
ياڭاق، خورمە، ئۈزۈم، ئۈلجەۋۇ ئەنجىر باغدا خۇب شەھباز.
بادام، ئەينالۇ، بىرلە قارائۆرۈكدۇر يا چىلان، جىگدە،
قوغۇن، تەربۇز دېگۈنچە نەفسىم ئاندا قىلغۇسى پەرۋاز.

يۇقىرىقى بايانلاردىن ئۇيغۇرلارنىڭ مېۋە- چېۋە تۈرلىرىنىڭ ھەققەتەنمۇ ناھايىتى كۆپ ئىكەنلىكىنى بىلىۋالالايمىز. شىنجاڭدىكى مېۋە- چېۋىلەرنىڭ تۈرى كۆپ، سۈپىتى ياخشى، ھەر بىر ئۇيغۇر ئائىلىسى ئۆز يەر شارائىتىغا قاراپ مېۋىلىك دەرەخلەرنى تىكىپ باغ بىنا قىلىشنى ھاياتلىقنىڭ بەلگىسى قىلغان. باغقا ئۆرۈك، شاپتۇل، ئانار، ئامۇت، بېھى، ئالما، چىلان قاتارلىق مېۋىلىك دەرەخلەرنى تىكىپ، ئۇنىڭ شېرىن- شەربەت مېۋىسىدىن بەھرە ئالغان. باغنىڭ ئەتراپىغا جىگدە دەرىخى تىكىپ، ئۇنى باغنىڭ قاشا تېمى قىلغان...

ئەسەردە ئاپتور كۆرسىتىپ ئۆتكەن مېۋە تۈرىنىڭ ئۆزىلا 22 خىل، بۇ مېۋىلەر تۆۋەندىكىچە:

ئۆرۈك، ئۈجمە، جىنەستە، كۈدئامۇت، نەشپۈت، ئامۇت، بېھى، شافتۇل، ئانار، ئالمە، ياڭاق، خورمە، ئۈزۈم، ئۈلجە، ئەنجۈر، بادام، ئەينالۇ، قارائۆرۈك، چىلان، جىگدە، قوغۇن ۋە تەربۇز

(2) گۈل- گىياھ:

ئۇيغۇرلار گۈلخۇمار خەلق، «گۈل دېمەك، كۆڭۈل دېمەك» دېگەن سۆزمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ گۈلگە ئەھمىيەت بىلەن قارىغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ. تۇرمۇشىمىزدىكى مۇشۇنداق بىر مۇھىم ئادەت ئەلۋەتتە ئاپتورنىڭ قەلىمىدىمۇ ئۆز ئىپادىسىنى تېپىپ گۈزەل مىسرالار بىلەن پۈتۈلۈپ، بىزگە مىراس تەرىقىسىدە يېتىپ كەلگەن.

«كىتابى ئەبدۇللاھ»تا ئاپتور گۈللەردىن 28 خىل گۈل تۈرىنى تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن. مەسىلەن،

گۈلى زەئفەر، گۈلى سەۋسەن يا گۈلى ئەنبەر، تاجگۈل،
ئوردا گۈل ھەم مىزجانگۈل ياكى تەيتەيگۈل ئەگەر.

ئەسەردە تىلغا ئېلىنغان گۈللەر تۆۋەندىكىچە:

قىزىلگۈل، سېرىقگۈل، زەئفەرگۈل، سەۋسەنگۈل، ئەنبەرگۈل، تاجگۈل، ئورداگۈل، مىزجانگۈل، تەيتەيگۈل، ھەفترەڭ، ئىشقفەچەك، لەيلىقازاق، خىنە، رەسمانگۈل، شوياگۈل، ئافتابپەرەست گۈل، قامچىگۈل، نەرگىسگۈل، قۇلفەگۈل، مەرجانگۈل، سەفاقچىگۈل، سۆگەتگۈل، مەخمەلگۈل، جەبىنگۈل، كارنايگۈل، فۇرجاڭگۈل، لەڭخاگۈل.

ئۇيغۇرلاردا گۈل بەرگلىرىدىن چاي قىلىپ ئىچىش ئارقىلىق مىجەز تەڭشەش، مېيىتنى يۇغاندا رەيھان گۈل ئىشلىتىش قاتارلىق گۈلگە مۇناسىۋەتلىك بولغان ئېتنىك ئادەتلەر شەكىللەنگەن بولۇپ، بۇلار تۇرمۇشىمىزدا كۆپ ئۇچرايدۇ. كىشىلەر ئادەتتە ھويلىسىغا گۈل تېرىشنى ياخشى كۆرىدۇ، گۈلنى دەسسىسە يامان بولىدۇ دەپ قاراپ گۈلنى ئۇلۇغلايدۇ، بۇ ھەممەيلەنگە ئورتاق بولغان

ئالاھىدىلىك. ئۇيغۇرلاردا يەنە گۈلنىڭ ئىسمىنى قىزلارغا ئىسىم قىلىپ قويىدىغان ئادەت ساقلانغان. مەسىلەن، تاجىگۈل، رەيھانگۈل، لالەگۈل، ئانارگۈل، خېنىگۈل. دېمەك، گۈل ئۇيغۇرلارنىڭ پىسخىكىسىدا ناھايىتى مۇھىم ئورۇندا تۇرغان.

گۈلغە يوقدۇر مەيلىسىز، جان بەردى مەجنۇن لەيلىسىز،
بىر-بىرىسىز ئىككىسىنىڭ يېگەنى بولدى زەھەر.

يۇقىرىقى بېيىتمۇ ئاپتورنىڭ بۇ ھەققىتكى كۆز قاراشلىرىنى ئىپادىلەيدۇ، ئۇيغۇرلارنىڭ خەلق ناخشىلىرىدىمۇ ئۆز يارىنى گۈلگە ئوخشىتىدۇ. كلاسسىك ئەسەرلىرىمىزگە قارىساقمۇ ئەدىبلەر كۆپىنچە گۈلنى سىمۋوللۇق ئوبراز قىلغان «گۈل ۋە نوۋرۇز»، «گۈل ۋە بۇلبۇل» دېگەن ئەسەرلەر بۇنىڭ تىپىك دەلىلى بولالايدۇ. دېمەك، گۈل ئۇيغۇر كىشىلىرىنىڭ تۇرمۇشىغا ناھايىتى چوڭقۇر سىڭىپ كەتكەن، ئەسەر گۈلنىڭ تۇرمۇشىمىزدىكى ئورنىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بەرگەن.

(3) مېۋىسىز دەرەخلەر:

ئۇيغۇرلارنىڭ ياشاش مۇھىتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا شىنجاڭنىڭ ھاۋاسى قۇرغاق، قۇملۇقنىڭ دائىرىسىمۇ بىر قەدەر چوڭ، كىشىلەر ناھايىتى ئوڭايلا ئېكولوگىيەلىك مۇھىتنىڭ ۋەھشىيلەرچە تاجاۋۇزىغا ئۇچرىغان. بۇنىڭ بىلەن كىشىلەر دەل-دەرەخلەرنى تىكىپ كۆكەرتىشكە ئەھمىيەت بەرگەن. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە ئۇيغۇرلاردا دەرەخ تىكىسە ساۋاب بولىدۇ دەيدىغان قاراش بار. شۇڭلاشقا ئۇيغۇرلار ئولتۇراقلاشقان مەھەللىدە بۇك-باراقسانلىق باغ بولىدۇ، بۇنىڭدىن باشقا يەنە ئۇيغۇرلار بۇ دەل-دەرەخلەر بىلەن ئىسسىنىش، تاماق ئېتىش مەسىلىسىنى ھەل قىلىدۇ. كىتابنىڭ 15-باب «مېۋىسىز دەرەخلەرنىڭ بايانى»غا قارايدىغان بولساق تۆۋەندىكى بايانلارنى ئۇچرىتىمىز:

جەھان بىجانلارنىڭ ياخشىسى بارمۇ دەرەختلەردىن،
ئۆزى ئوتدا كۆيۈپ ئاش-نان پىشۇرغاي بارچەغە شول يار.
دەرەختلەر يار بەرمەي ھېچ ئىمارەت بولمادى ھەرگىز،
خۇسۇسەن ئۆگزەلەر بولسا كۆتەرگەن ئەكسەرى بولجار.

يۇقىرىقى نەزمىنىڭ مەزمۇنىدىنمۇ بىلىشكە بولىدۇكى، كىشىلەر مېۋىلىك دەرەخلەردىن پايدىلانغانغا ئوخشاش مېۋىسىز دەرەخلەردىنمۇ كەلگە تۇردە پايدىلانغان، ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئوتتىن پايدىلىنىشنى بىلىشى كىشىلەرنىڭ مەدەنىيلىككە قەدەم قويغانلىقىنىڭ ئىپادىسى ئىدى، ئوت بولغاندىن كېيىن كىشىلەر يېمەكلىكلەرنى خام يېيىشتىن پىشۇرۇپ يېيىشكە ئۆتتى. شاخ-شۇمبىلىرىدىن پايدىلىنىپ ئوت قالاپ تاماق ئەتكەن، يەنە دەرەخلەردىن ئۆي سالغان، بۇنىڭ بىلەن كىشىلەرنىڭ ماددىي ئېھتىياجىنى قاندۇرغان.

ئۈلاردىنمۇ تېرەك، توغراق، چىنار، توغاچ، سۆگەت، تۆخمەك.
قۇچارە، ئېمدۇن، ئاچى، قەرىن، يۇلغۇنمۇ خوب ئول يار.
كىيكتال، غۇچ، سىدە، زىخ ھەم بىجىننىڭ قومۇشى ھەي-ھەي!
يەنە ھەم كۆپ دەرەخت بىچارە بىزنى كۆرگەلى ئول زار.

ئەسەردە ئاپتور مېۋىسىز دەرەخلەردىن 16 خىلنى تىلغا ئالغان.

ئۈلار تېرەك، توغراق، چىنار، توغاچ، سۆگەت، تۆخۇمەك، قۇچارە، ئېمدۇن، ئاچى، قەرىن، يۇلغۇن، كېيىكتال، غۇچ، سىدە، زىخ، بېجىنقومۇش قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

دەرەخت سالغىل يەرىڭ بولسا بىكار قويمە، ئەبدۇللاھ،
دەرەختلىق يەرگە بارماقغە كىشى قانداغ بويان تولغار.

كىشىلەر ئارىسىدا دەرەخ تىكسە ساۋاب بولىدۇ دېگەن قاراش بار بولۇپ، بۇنىڭ بىلەن تەبىئىي ھالدا دەرەخ تىكىشنى ئادەت قىلغان، مېۋىسىز دەرەخلەرنى كىشىلەر ئېتىز چۆرىلىرىگە، مەھەللە ئەتراپىغا تىكىپ كۈندىلىك تۇرمۇش ئېھتىياجىنى ۋە ئېكولوگىيەنى قوغداش ئېھتىياجىنى قاندۇرغان.

3.9 سودا-سېتىق ئادەتلىرى:

شىنجاڭ قەدىمكى «يىپەك يولى»نىڭ تۈگۈنىگە جايلاشقان بولغاچقا، شىنجاڭدا سودا-سېتىق بىر قەدەر بالدۇر باشلانغان ھەم نۇرغۇنلىغان سودا كارۋانلىرى بارلىققا كەلگەنىدى، ئەسلىدىنلا سودا-سېتىققا ماھىر ئۇيغۇر سودىگەرلىرى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنىڭ ئېسىل تاۋار-دۇردۇنلىرىنى، غەربىي يۇرتنىڭ قاشتېشى، ئەتلەس، يۇڭ-تېرە قاتارلىق بۇيۇملىرىنى ئەرەب دۇنياسىغا، ھەتتا ياۋروپاغىچە ئاپىرىپ «يىپەك يولى» سودىسىنىڭ تەرەققىياتىغا

زور تۆھپىلەرنى قوشقاندى.

«كىتابى ئەبدۇللاھ»قىمۇ قارايدىغان بولساق، ئۇيغۇرلار ئۇزاق ئەسىرلىك سودا-سېتىق پائالىيىتىگە قاتنىشىش جەريانىدا سودا-سېتىققا ئائىت نۇرغۇن تەرەپلەرنى ئۆزلىرىنىڭ ئىقتىسادىي ئىگىلىك ئادەتلىرىگە ئايلاندۇرۇپ بۈگۈنگىچە ساقلاپ كەلدى. ئەسەردىكى تۆۋەندىكى بېيىتمۇ بۇنىڭ دەلىلى بولالايدۇ:

يائانىڭ فەرمانى بىلەن سودىگەرلىك قىلسەلەر،
بىر سۆزى ئەسلا خەتا كەتمەي ھەيان قىلغان ئاتا.

ۋە بەئىزىلەرنىڭ ئوغلى سوداگەرلىك قىلدىلار دائىم،
ھەيان يېدى قاياندا شول تەرەفلەرنى بودار فەرزەند.

بەئزى ئوغلان خەلقنى قوغلاپ يۈرۈر بازارغەچە،
خەلق مالنى مەندىن ئالغاي دەپ خيانەتلىك ئوغۇل.

يۇقىرىقى مىسرالاردىن مەلۇمكى، ئۇيغۇرلاردا سودىگەرلەر ناھايىتى كۆپ بولغان، كىشىلەر بالىلىرىنى كىچىكىدىن باشلاپ سودىغا پىشۇرغان، مەخسۇس سودىغا دائىر ئەخلاق سىستېمىسى شەكىللەنگەن سودىگەرلىكنىڭ خېلىلا ئومۇملىشىپ قالغىنىنى بىلدۈرىدۇ. ئۇيغۇرلاردا بۇنىڭدىن باشقا يەنە مەخسۇس سودا سورۇنلىرىدا ساتقۇچى بىلەن سېتىۋالغۇچىدىن ئىبارەت ئىككى تەرەپنى كېلىشتۈرىدىغان «بېدىك» بارلىققا كەلگەن، «بېدىك» سودىدا ئىككى تەرەپنى كېلىشتۈرگەندىن كېيىن، «بېدىك»نىڭ «ئەجرى» ئۈچۈن ھەر ئىككى تەرەپ مەلۇم نىسبەتتە شېرىنكانە بەرگەن. خۇددى يۇقىرىغا ئوخشاش، ئاشلىق بازارلىرىدا، مېۋە-چېۋە بازارلىرىدا، ئالتۇن-كۈمۈش بازارلىرىدا، پاختا-يىپ بازارلىرىدىمۇ دەللال، بېدىك ۋە باشقا سالاچىلار بولغان. سودا-سېتىقتىكى بۇ ئادەت ھازىرغىچە يەرلىك بازارلاردا داۋاملىشىپ كەلمەكتە.

«كىتابى ئەبدۇللاھ»تىمۇ بۇ ھەقتە ئېنىق بايانلار خاتىرىلەنگەن. مەسىلەن كىتابنىڭ 3-باب «كاسىبلارنىڭ ۋە نىئمەتچىلەرنىڭ بايانى»غا قارايدىغان بولساق بۇ ھەقتە ئايرىم بىر بېيىت بار.

② مېق — ئەپسانە

سالىپ خۇدايىتەبارەك بەندىرلەرنى ھەر يولغا،
ۋە بەئىزى بولدى سېتىقچى تىلدا ھەرنېچۈك كامالەت.
بۇ جۈملەدىن بىرىنى دېگۈمىز ھەمە دەللال،
بېدىكمۇ داخىل ئاڭا ئۆرلەشىپ قىلۇر ئەرەفات.

بۇ بېيىتتىن ئەينى دەۋردە «سېتىقچى»، «دەللال» ۋە «بېدىك» دېگەن ئۇقۇملارنىڭ ئاللىبۇرۇن مەلۇم كەسىپ سۈپىتىدە تىلغا ئېلىنغانلىقىنى ئەينى دەۋردە سودا بازارلىرىدا بۇنداق ئەھۋالنىڭ ئومۇملۇققا ئايلانغانلىقىنى، «بېدىك»نىڭمۇ كەسىپ دەپ قارالغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

10 . 3 قاتناش ئادەتلىرى:

ئۇيغۇرلار يىپەك يولىنىڭ تۈگۈنىگە جايلاشقان، قەدىمدىن بېرى قاتناشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەن، ياشىغان. شۇڭا ئۇلاردا باشقىلاردىن پەرقلىق بولغان «كارۋان مەدەنىيىتى» شەكىللەنگەن بولۇپ، ئەينى دەۋرلەردىكى «يىپەك يولى»دا ئۇيغۇر سودىگەرلىرىنىڭ تۆگە كارۋانلىرى ئايىغى ئۈزۈلمەستىن نەچچە ئايلاپ يۈرۈپ، قۇرۇقلۇق قاتنىشىدا ئۈلگە ياراتقان.

«كىتابى ئەبدۇللاھ»تىمۇ قاتناش ھەققىدە ئېنىق بايانلار بار بولۇپ مەسىلەن،

تەڭ ئېرمەس كۆز، قۇلاق بىرلە ئاغىز، بۇرنىغە ھېچ نىئمەت،
مىنەرگە ئات-ئۇلاغ بەردى، فىيادە يۈرگەلى يافۇت.

بۇ بايانلاردا ئىدىئالىستىك كۆز قاراشلار ئوتتۇرىغا قويۇلغان بولۇپ، ئاساسلىقى تەڭرى ئىنسانلارغا رىزىق بەردى، ئىنسانلارغا كۆز، قۇلاق، ئېغىز ۋە بۇرۇن ياراتتى، ئۇلارنىڭ رولى بىر-بىرىگە ئوخشىمايدۇ، ئۇلار ئىنسانلار ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ. شۇنىڭدەك تەڭرى يەنە ئىنسانلارغا مىنىشكە ئات-ئۇلاغ، پىيادە يۈرۈشكە پۇت ياراتقان بولۇپ، ئۇلارمۇ ئىنسان ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ دېگەندىن ئىبارەت.

ئەسەردە يەنە قاتناش قورالى بولغان ئات توغرىسىدا «ئاتقە لازىملىقنى قىلۇر كاسىبلارنىڭ بەيانى» دەپ ئايرىم بىر بېيىت ئورۇنلاشتۇرۇلغان بولۇپ، بۇ بېيىتتىن ئاتنى ئۇرۇشنىڭ شۇ ۋاقىتتىكى ئېغىر گۇناھ ئىكەنلىكىنى

بىلىشكە بولىدۇ. مەسىلەن،

توقامۇ ئۇچالىق، جەزلىك، مۆلە تىكتىكى دانالار،
ۋە بەئىزى قامچا ئەتتى ئاتدا ئۇنى تۇتماغىل يا تۇت.
ئانى تۇتقان كىشى ئۇرسە ئۇنى ناھەق،
قىساسى ھەق ئەگەر ھەرقانچە بايدۇر قامچىسى ياقۇت.

ئۇيغۇرلارنىڭمۇ ئەنئەنىۋى پائالىيەتلىرىدىن تويى-تۆكۈن، ھېيت-بايراملاردا كىشىلەر ئۇغلاق تارتىشىش، ئات بەيگىسى، ئات ئۈستىدە كۆچ سىنىشىش، ئات ئۈستىدە تۇرۇپ ئېگىشىپ يەردىن تەڭگە ئېلىش قاتارلىق ئالاھىدە ماھارەتلەرنى ئېلىپ بارغان.

«كىتابى ئەبدۇللاھ»تا ئاساسلىق قىلىپ ئات، كالا، تۆگە، ئېشەك ۋە قېچىر قاتارلىق قاتناش ئۇچۇن ئىشلىتىلگەن ھايۋانلار تىلغا ئېلىنغان بولۇپ، بۇنىڭدىن بۇلارنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى قاتناش ۋاستىسى ئىكەنلىكىنى پەرەز قىلىشقا بولىدۇ.

**4. ئىجتىمائىي فولكلور**

ئىجتىمائىي فولكلور پۈتكۈل فولكلور سىستېمىسىنىڭ بىر تەركىبىي بولۇش سۈپىتى بىلەن، ئۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان مەزمۇن ناھايىتى كەڭ ھەم كۆپ قاتلاملىققا ئىگە بولۇپ، پۈتكۈل مەدەنىيەت شەكىللىرى ئىچىدىكى ئىنسان روھى ۋە ئىنسان تەبىئىتىنى مەۋجۇدىيەت ۋە تەبىئەت كاتېگورىيەسىگە روھ ئارقىلىق سىڭىپ كىرىشنى تەشەببۇس قىلىدىغان مەدەنىيەت ھادىسىلىرى. مەدەنىيلىكنى، ئىنسانىيلىكنى ۋە ئىلمىيلىكنى مىزان قىلغان ھاياتلىق زەنجىرىنىڭ خەرىتىسى. مېنىڭچە ئەسەردە ئىجتىمائىي فولكلورغا ئائىت بايانلاردىن تۆۋەندىكىلەر بار:

4.1 پەلسەپىۋى قاراشلار:

كىشىلەر، تەبىئەت ھەققىدىكى ساددا ئويى-پىكىرلىرى ئادەتتە پەلسەپىۋى قاراشلار دېيىلىدۇ. بۇنداق پەلسەپىۋى قاراشلار ھەرقايسى خەلقلەرنىڭ قەدىمكى زاماندىكى مىفولوگىيەلىرىدە ②. ئاجايىپ-غارايىپ ھېكايە-چۆچەكلىرىدە، تۇرمۇشتىن يەكۈنلىگەن ماقال-تەمسىل ۋە شېئىر-قوشاقلىرىدا ئۆز ئەكسىنى تاپقان ھەمدە بۇنداق قاراشلار كىشىلەرنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىغىمۇ سىڭىپ كەتكەن. مەسىلەن، «كىتابى ئەبدۇللاھ»نىڭ 7-بابىغا قارايدىغان بولساق مۇنداق بايانلارنى ئۇچرىتىمىز:

ياراتىپ جىسىملىق بىزنى ئەناسىر ئەربەئەدىن ئول،
ئەناسىر ئىسمى: تۇفراق، سۇ، شەمال، ئوت جىسمىدۇر مەۋجۇد
بۇ تۆرتىنىڭ بىرى تۇفراق، بۇ تۇفراقغە ھەمە ئامراق،
مۇنىڭ بىرلە زېمىن ئۈستىدەكىلەر بولمادى فەرسۇد.
ئىككىنچى سۇ، ھەمە زىيجانغە ئۆلمەسدە تىرىكلىك بۇ،
سۇدىن قالساق ئەگەر بىزلەر بۇ جاندىن ئايرىلىپ دەمخۇد.
ئۈچۈنچىدۇر شەمال، ھەق ئافرىيدە ئەيلەگەن بىر يەل،
ياراتتى يەل قوشۇپ بىزنى مۇنى رەد قىلغۇچى مەردۇد.
يەنە تۆرتۈنچى ئوتدۇر، قىلدى ھەق كۆيدۇرگىلى قادىر،
بۇ قۇدرەت ئوتدىن ئەرمەسكە دەلىلدۇر ئاتەشى نەمرۇد.

كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى ساددا چۈشەنچىسى بويىچە دۇنيادىكى بارلىق نەرسىلەر تۆت زاتتىن، يەنى ئوت، ھاۋا، سۇ، تۇپراقتىن يارىتىلغان، بارلىق مەۋجۇداتلارنىڭ ئۆمۈر سۈرۈشى يورۇقلۇق بىلەن قاراڭغۇلۇققا مۇناسىۋەتلىك. يەر — ئادەمزات، جان-جانىۋار، دەل-دەرەخ، ئوت-چۆپلەرنىڭ ئانىسى. ئاسمان — يورۇقلۇقنىڭ، ھۆل-يېغىننىڭ ئاتىسى ھېسابلانغان، يورۇقلۇق، يەنى ئوت ياخشىلىققا سىمۋول قىلىنغان. ئۇنىڭدىن باشقا ئادەم ۋە باشقا جانلىقلارنىڭ سۇسىز ياشىيالمايدىغانلىقى، ھاياتنىڭ ئاخىرلىشىدىغانلىقىنى بايان قىلغان. شامال بولسا بىز دائىم دەيدىغان ھاۋا بولۇپ ئىنسانلار مۇۋاپىق ھاۋا بولغاچقىلا يەر شارىدا ياشاشقا ماسلاشقان، شۇڭا ئۇمۇ ئىنسانلارغا كەم بولسا بولمايدۇ. شۇ سەۋەبتىن كىشىلەر كۆك تەڭرىگە ۋە يەر ئانىغا چوقۇنغان، يەرنى ئانىغا تەڭلەشتۇرۇش ئۇيغۇرلارنىڭ بەدىئىي تەپەككۇرىدا ھازىرغىچە ئىزچىل داۋاملىشىپ كەلمەكتە. دېمەك، يۇقىرىقى تۆت ئەناسىر (تۆت زات) قارىشى ئۇيغۇرلارنىڭ ساددا پەلسەپىۋى قاراشلىرىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا دەسلەپكى مەزگىللەردە ئۇيغۇرلاردا يەنە بۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك بولغان تەبىئەتكە چوقۇنۇش، يەنى مۇقەددەس تاغقا چوقۇنۇش، سۇ ۋە ئوتقا ئېتىقاد قىلىش ئادەتلىرى بولغان.

4.2 ئاسترونومىيەلىك قاراشلار:

قەدىمكى ئەجدادلىرىمىز ئۆزلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ۋە تۇرمۇش ئېھتىياجىغا ئاساسەن، ھاۋارايىدىكى خىلمۇ خىل ئۆزگىرىشلەرنى كۆزىتىپ، بۇ ھەقتىكى تەجرىبىلەرنى يەكۈنلىگەن. بۇ ئەمەلىي تەجرىبىلەر ئەۋلادتىن-

ئەۋلادقا داۋاملىشىپ مۇئەييەن قانۇنىيەتلىك ھۆكۆمگە ئايلانغان. مەلۇمكى ئىنسانلار تەبىئەت ئۈستىدىن ھۆكۆمرانلىق قىلىشنى بىلمىگەن ئاشۇ ئىپتىدائىي دەۋرلەردە، ئۇلار ئۈچۈن ئەڭ چوڭ ۋەھىمە تەبىئەت دۇنياسىدىن كېلەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ ساددا خىيالدا ئاڭسىز سەنئەت شەكلى بىلەن تەبىئەت دۇنياسىنى، جۈملىدىن ئاسمان جىسىملىرىنى ئىلاھىيلاشتۇرۇۋالغان. بۇنىڭ بىلەن كىشلەر تەبىئىي ھالدا تەبىئەتنىڭ سىرىنى بىلىشكە قىزىققان، ئۇلار ئۇزاق ئەسىرلىك كۆزىتىش ئارقىلىق پىلانېتلارنىڭ بۇرجلۇق ۋاقتىنى مەلۇم ئېنىقلىق بىلەن ھېسابلاپ چىقىش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشكەن. قەدىمكى ئەجدادلىرىمىز ئۆزلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ۋە تۇرمۇش ئېھتىياجلىرىغا ئاساسەن، ھاۋارايىدىكى خىلمۇخىل مۇرەككەپ ئۆزگىرىشلەرنى كۆزىتىپ، بۇ ھەقتىكى تەجرىبىلەرنى يەكۈنلىگەن. بۇ تەجرىبىلەر يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئەمەلىيەتتىن ئۆتۈپ كىشلەرنىڭ يەرنى ئوسا قىلىش، تېرىش قاتارلىق ئىشلىرىنىڭ پەسلىنى ۋە ۋاقت- كۈن ھېسابىنى بەلگىلەيدىغان بولغان. بۇ ھەقتىكى ماقال- تەمسىللەردىن بىز بۇنى كۆرۈۋالالايمىز. مەسىلەن، «يەر ھەيدىسەڭ كۈز ھەيدە، كۈز ھەيدىمىسەڭ يۈز ھەيدە»، «يىلنىڭ بېشى باھاردىن، ئىشنىڭ بېشى سەھەردىن»، «قىشتا قار قېلىن ياغسا مول ھوسۇلدىن دېرەك بېرىدۇ»، «كۈندىن قالدىڭ، يىلدىن قالدىڭ» دېگەندەك.

خەلق ئارىسىدىكى مۇنەججىملەر يىلنىڭ ئايلىرىنى توغرا ھېسابلاش ئۈچۈن ئاينىڭ قوزغىلىش ھەرىكىتىنى ئاساس قىلدى. ئۇلار بىر يىلنى ئون ئىككى ئايغا، ئاينىڭ تۇغۇلۇپ تولۇق بولۇشى ۋە يەنە يوقلىشىغا قاراپ بىر- ئاينى ئىككى مەۋسۇمگە بۆلدى ھەمدە بۇ ھالەتنى «ئاينىڭ ئونبەشى يورۇق، ئونبەشى قاراڭغۇ» دېگەن ماقال- تەمسىل ئارقىلىق ئىپادىلىدى.

مەن ئاسمانى ئىشتىسەم ئون ئىككى بۇرجلۇقدۇر،
دەللمۇ يوق ئۇنىڭغا بىراق خەلق ئاراسىدا مەۋزۇھ.

قىلمادى ئول سەجدەنى لېكىن مەلائىك قىلدىلار،
بەردى ئادەمگە جەھاننى ھەق بۇ ئون ئىككى ھودۇد.

بۇ ھودۇدنىڭ ھەر بىرى بىر فەسلگە مەنسۇپ ئېرۇر،
فەسلى ھەۋەلدۇر ھەمەل، ئاخىرىدا ھۇت ئايتماق ئېسۇد.

يەتتە كۈن، ئون ئىككى ئاي بىر- بىرىگە دۇشمەن ياكى دوست،
قوغلاشۇر ياكىم قاچار كۆزگە تىكەنلىك بولدى زىخ.

9- باب «زېمىن مەۋزىئەلەرنىڭ بەيانى»دا ئاپتور بۇرجى ھەمەل، بۇرجى سەۋر، بۇرجى جەۋزا، بۇرجى سەرەتان، بۇرجى ئەسەد، بۇرجى سۇنبۇلە، بۇرجى مىزان، بۇرجى ئەقرەب، بۇرجى قەۋس، بۇرجى جەددى، بۇرجى دەلۋە، بۇرجى ھۇت قاتارلىقلارنى تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن.

ئۇزاق زامانلاردىن داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان تۈركىي مۆچەل يىلى ئۇيغۇرلارنىڭ ھاياتىدا ناھايىتى چوڭ رول ئوينىدى، ئۇلار ۋاقىت ھېسابىنى ئەنە شۇ مۆچەل يىلى بويىچە ھېسابلىدى. مۆچەل كالېندارىدا 12 ئاي بىر يىلغا، ئۈچ ئاي بىر پەسىلگە، يەتتە كۈن بىر ھەپتىگە، بىر كېچە - كۈندۈز بىر سوتكىغا تەڭ بولدى. ئايلارنىڭ ئېتىنى ئاسماندىكى 12 - بۇرج نامى بىلەن ئاتىدى. بىر ھەپتە ئىچىدىكى يەتتە كۈننىڭ خاس مىللىي ئىسمى بولمىغان، چۈنكى ھەپتە دېگەن ئۇقۇم ئىسلامىيەتتىن كېيىن مەلۇم بولغان، شۇڭا كۈنلەر پارسچە نام بىلەن ئاتالدى.

دېمەك، يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتكىنىمىزدەك، خەلقىمىزنىڭ ئۇزاق يىللىق ئەمەلىي تەجرىبىلىرىدىن يەكۈنلەنگەن ئاسترونومىيەلىك قاراشلىرى دەۋر شارائىتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، غايەت زور پەلسەپىۋى ئەھمىيەتكە ۋە ئىلمىي قىممەتكە ئىگە.

4.3 دەپنە ئادىتى (نەزىر- چىراغ ئادىتى):

كىشلەر ئۆلۈمنى ئىنسان ھاياتىدىكى ئىزىغا كەلتۈرگىلى بولمايدىغان ئەڭ زور يوقىتىش، ئەڭ قايغۇ- ھەسرەتلىك ۋەقە سۈپىتىدە قاراپ، ئاخىرقى قېتىم ئۆلگۈچىنىڭ ئىنسانلىق ئىززەت- ئابرۇيىنى ئىنسانلار بىلەن مەڭگۈ جۇدالاشقانلىقىنى ئىپادىلەش يۈزىسىدىن مەخسۇس مۇراسىم ئۆتكۈزۈپ ئۇنىڭ بىلەن ۋىدالىشىشنى ئادەت قىلغان. بۇ ھەممە مىللەتكە ئورتاق بولغان ئادەت.

ئۇيغۇرلاردىمۇ باشقا بەزى مىللەتلەرگە ئوخشاش «ئادەم ئۆلسىمۇ روھى ئۆلمەيدۇ، ئادەم ئۆلگەندە ئۇنىڭ روھى تېنىدىن ئايرىلىپ ئاسمانغا چىقىپ كېتىدۇ» دېگەندەك قاراش بولغاچ دەپنە مۇراسىمى داغدۇغىلىق، جىددىي ئۆتكۈزۈلىدۇ.

«كىتابى ئەبدۇللاھ»تىمۇ بۇ ھەقتىكى بايانلار بىزنى

ئۇيغۇرلارنىڭ دەپنە مۇراسىمى ھەققىدىكى مۇھىم ماتېرد-
ياللار بىلەن تەمىنلەيدۇ.

ئۆلسە فەرزەندى مۇبادا ، ۋاي بالام دەپ ئاھ ئۇرۇپ،
ئۆزى بىر يان، كۆزى گىريان فۇل تالان قىلغان ئاتا.
نەمازىنى ئوقۇتۇپ بولسە لەھەدكە كۆمدۇرۇپ،
كۆڭلىدە فەرزەنت داغىنى نىھان قىلغان ئاتا.
ئاتا بىلەن ئاناسى ئۆلسە نامازىن ئوقۇپ،
گۆردە قويغاچ قەبرىنى ھەر كۈن زىيارەتلىك ئوغۇل.
نەزرەسىنى بېرىپ ئاندىن قاراسىنى ئوشاتىپ،
كەڭرى ئاش- گۆشت بىرلە مېھماننى زىيافەتلىك ئوغۇل.

ئۇيغۇرلارنىڭ دەپنە مۇراسىم پائالىيەتلىرى بىر
قەدەر قېلىپلاشقان بولۇپ، ئۆزىگە خاس تەرتىپ شەكىل-
لەندۇرگەن.

**5. ئېتىقاد فولكلورى**

ئىسلام دىنى ئۇيغۇرلار ئىچىگە 10- ئەسىردىن ئېتى-
بارەن تارقىلىشقا باشلاپ 15- ئەسىرلەردە بۇددا دىنى قا
تارلىق دىنلارنى سىقىپ چىقىرىپ، ئاندىن ھۆكۈمرانلىق
ئورۇنغا ئۆتۈش بىلەن پۈتۈن مىللەت دىنىغا ئايلاندى. ئۇ
ئۆز دەۋرىدىن باشلاپ ھازىرغىچە ئۇيغۇرلارنىڭ بىر
پۈتۈن ئىجتىمائىي تۇرمۇشىغا سىڭىپ كىردى. ئېتىقاد
فولكلورىنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى ئۇيغۇر جەمئىيىتىدىكى
فولكلورىدىكى ئىپادىلىرى تۆۋەندىكىچە:

5.1 مەنسەبى شەرئى ئەمەلدارلىرى:

ئەينى دەۋردە دىنىي تۈس بىر قەدەر كۈچلۈك
بولۇپ، كىشىلەر مەھكىمە شەرئى ئارقىلىق باشقۇرۇلاتتى.
مەھكىمە شەرئى ئۇيغۇر جەمئىيىتىدىكى جىنايى ئىشلارنى
ئۆز ئىچىگە ئالغان ئادەتتىكى دەۋا- ماجىرا، نىكاھلىنىش،
ئاجرىشىش، مۈلۈك ۋارىسلىقى، ھۆججەت- توختام قاتار
لىق ئىشلارنى باشقۇراتتى. ھەر دەرىجىلىك مەھكىمە شەر-
ئىنىڭ مەخسۇس خادىملىرى بار بولۇپ شەرىئەتنىڭ ئىج-
راسى شۇلار ئارقىلىق نازارەت قىلىناتتى. بۇلاردىن
مەزكۇر كىتابتا بايان قىلىنغانلىرى ئەئلەم، مۇفتى قازى،
رەئىس، مۇددەرىس، مۇتەۋەللىي، مۇئەززىن، ئىمام،
خاتىب، شەيخ قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. ئەسەردە ئۇلارنىڭ
ئۆز ئۈستىگە ئالغان ۋەزىپىلىرى ناھايىتى ئېنىق قىلىپ
بايان قىلىنغان. مەسىلەن:

خۇدانىڭ ھۆكمىنى جارى قىلىپ دەئۋا سوراپ قازى،
بىلىپ ناھەقنى قىلماس ھېچقاچان غەۋغا بۇراپ قازى.

بولۇپدۇر خەلق ئارا مەردان مۇئەززىن،
ئەزان ئوقۇپ خۇدا دەرجان مۇئەززىن.
قاچان بەش ۋەقت نەمازنىڭ ۋەقتى يەتسە،
ئوقۇر ئاندا ئەزان ھەريان مۇئەززىن.

يۇقىرىقىلاردا ئەكس ئەتكىنى دىنىي ئىشلارنى باشقۇ-
رىدىغان مەنسەبىي، شەرئى ئەمەلدارلارنىڭ ئۈستىگە
ئالغان مەجبۇرىيەتلىرىدە پاك، ئادىللىق بىلەن يۇرت
سوراپ، ئاۋام، خەلقلەر ئۈچۈن ياخشى، ھەققانىي ئىشلار-
نى قىلىدىغان ئېسىل تەرەپلىرى، دىنىي ئەخلاق، مەھكىمە
شەرئىنىڭ مىزان، تۇزۇمنى چىقىش قىلىپ تۇرۇپ، ئەينى
دەۋردىكى ئىجتىمائىي ئادىللىقنى بايان قىلغان.

5.2 موللا- ئاخۇنلار:

ئەينى دەۋرلەردە مەسچىتنىڭ يېنىغا مەخسۇس دىنىي
تەلىم- تەربىيە ئېلىپ بېرىلىدىغان، دىنىي ئىزباسارلارنى
تەربىيەلەيدىغان ئورۇنلار سېلىنغان بولۇپ، بۇ خانىقا-
مەسچىتلەردە دىنىي بىلىم ئالغانلار ئۆزىنىڭ سەۋىيەسىگە
ئاساسەن ئايرىم- ئايرىم ناملارنى ئالغان، كىشىلەر ئۆز
پەرزەنتلىرىنى ئىلىم ئۆگىنىشكە بەرگەن. مەسىلەن:

ئىلىمنى دەپ بەئزى فەرزەندى ئوقۇپ ئالىم بولۇر،
موللا بولغانلار بۇ دۇنيا ھەم قىيامەتلىك ئوغۇل.
ياكى قۇرئان ياد قىلىپ بولغاي بۇ قارى ئاخۇنۇم،
ھەممە مەجلىس ھەم نەمازدا خۇش قىرائەتلىك ئوغۇل.
بەئزىلەرنىڭ ئوغلىنى كۆرسەك دېگەيمىز ھەزرەتىم،
ئىستىقامەتدىن دۇئاسى كۆپ ئىجابەتلىك ئوغۇل.
مەقسەدى شۆھرەت ئۈچۈن يۈرگەن ئوغۇل ئىشان بولۇر،
خانەقادا چېھرە «ھۇ» بىرلە ئىبادەتلىك ئوغۇل.
شۇبۇ ئىشانىمنى كۆرگەن بالالەر بولغاي مۇرىد،
بولغۇسى خەلفەم بۇ ئىشانغا ئىناۋەتلىك ئوغۇل.
بار بۇ خەلفەمنىڭ يانىدا يۈزدىن ئارتۇقراق سوفۇم،
ھېچ شەرىئەتسىز تەرىقەتكە ئىتائەتلىك ئوغۇل.

دېمەك، ئەينى ۋاقىتتا كىشىلەر ئارىسىدا ئىشانلار
باش كۆتۈرگەن بولۇپ، كىشىلەر ئىشانلارغا قول بېرىپ

مۇرت بولغان، خوجىلار مەيدانغا چىققان، سوپى-دەرۋىشلەر ھەممىلا يەرنى قاپلىغان. ئىسلام دىنى ھازىرقى زامان دىنلىرى ئىچىدە بىر قەدەر كېيىن مەيدانغا كەلگەن بولسىمۇ، ئۇمۇ ئۆزىدىن بۇرۇنقى دىنلارغا ئوخشاش تەرەققىيات جەريانىدا نۇرغۇن مەزھەپلەرگە بۆلۈنۈپ كەتكەن. بۇلار كۆرۈنۈشتە ئاللانىڭ بىرلىكى، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ بەرھەقلىقىنى تەكىتلىسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئىنكار قىلىپ ئۆزلىرىنى ئىلاھلاشتۇرۇپ كۆرسەتكەن. ئۇلار خانقالاردا جەررە تولاپ ساما سالغان. ئەسەردە بۇنىڭغا خاس ئاتالغۇلاردىن ئاخۇند، موللا، قارىي، ھەزرەت، ئىشان، خەلىفە، سۇفى، دەرۋىش ۋە ئەفەندى قاتارلىقلار چۈشەندۈرۈپ بېرىلگەن بولۇپ بۇلاردىن بىز ھازىر بىزگە چۈشىنىكسىز بولغان نۇرغۇن ئاتالغۇلارنىڭ مەنىسىنى بىلىۋالالايمىز.

5.3 سېھرىي ئادەتلەر:

خەلق ئىچىدە نوقۇل دىنىي خاراكتېر ئالغان ئادەتلەردىن تاشقىرى ئەجدادلارغا چوقۇنۇشنى ئۆز ئىچىگە ئالغان كەسىپ سۈپىتىدە داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان پېرىخونلۇق، داخانلىق، قەسىدىچىلىك، ئاشلاش، تۇمارچىلىق، پالچىلىق قاتارلىقلارنى مەزمۇن قىلغان سېھرىي ئادەتلەرمۇ مەۋجۇت. تۆۋەندە ئەسەردە كۆرسىتىلگەن سېھرىي ئادەتلەر توغرىسىدا توختىلىپ ئۆتىمىز:

5.3.1 پالچىلىق (رەمباللىق):

رەمباللىق يەنە «پالچىلىق» دەپمۇ ئاتىلىدۇ، بۇمۇ شامانىزم ئەقىدىلىرىدىن قالغان سېھرىي ئەپسۇنكەشلىكنىڭ بىر تۈرى بولۇپ، ئۇيغۇرلار ئىچىگە قەدىمكى دەۋرلەردىلا كەڭ تۈردە تارقالغان. قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدا يېزىلغان «ئىرق بىتىك»، «پالنامە»، «ئادەم بەدىنىدىكى ئالامەتلەرگە قاراپ پال سېلىش» قاتارلىق كىتابلار ۋە پارچىلار بىزگە پالچىلىقنىڭ تارىخىنىڭ ھەقىقەتەن ئۇزاق ئىكەنلىكىنى ھەمدە خېلى مۇكەممەل ئىكەنلىكىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ.

«كىتابى ئەبدۇللاھ»تىمۇ بۇ رەمباللىققا نىسبەتەن ئېنىق بولغان چۈشەنچىلەر بايان قىلىنغان.

كىشىنىڭ مالى يوق بولسە ئانى دەر: كۈن چىقىش تامدا،
ۋە يا كۈن ئولتۇرۇشدا بار دىگەي سۆزى قۇرۇق رەمبال.

ۋە بەئىزەن كۈن يۇرۇشدىن يا شىمال تامدىن سۆز ئايتۇرلار،
بەش-ئون پۇل بەرسە ئالغاچ قىلدى ئۈستىگە يۇفۇق رەمبال.

يۇقىرىقى بېيتتىن بىلىشكە بولىدۇكى، پال ئاچتۇردىغان كىشىلەر ئادەتتە مېلى يىتكەنلەر، يىراقتىكى ۋە سەپەردىكى ئۇرۇق-تۇغقانلىرىنىڭ ھال-ئەھۋاللاردىن خەۋەردار بولماقچى بولغانلار، چۈش ئۆرۈتكۈچىلەر، ئۆمۈر تەلىيىنى سىنىماقچى بولغانلار بولىدۇ. پالنىڭ توغرا چىقمىشى ناتايىن بولۇپ، رەمبال كىشىلەردىن ئالغان شۇ پۇل بىلەن تىرىكچىلىك قىلىدۇ.

5.3.2 پېرىخون: (باخشىلىق، داخانلىق)

پېرىخون ئەپسۇنچىلارنىڭ پىر ئۇستازى دېگەنلىك بولىدۇ. ئۇ سېھرىي — ئەپسۇنچىلىقنىڭ مۇھىم بىر تۈرى. ئۇنىڭ مەخسۇس كىيىملىرى ۋە سايمانلىرى بار بولۇپ، ئادەتتە نېرۋا خاراكتېرلىك ئاغرىقلارغا ئوقۇلىدۇ، ئۆي قاراڭغۇ قىلىنىپ، ئوتتۇرىغا تۇغ باغلىنىدۇ، بۇنىڭ بىلەن كېسەلگە ئوقۇش باشلىنىدۇ.

«كىتابى ئەبدۇللاھ»تىكى تۆۋەندىكى بېيتلار بۇنىڭ دەلىلى بولىدۇ. مەسىلەن:

كىشى ئالباستىدىن بولسا كېسەلمەند،
ئاڭا بولغاي تەبىب ئەرزان فەرىخان.

قاچان ھەرقايسى ئۆيگە كەلسە باخشى،
قىلۇر تۇغ ئەتكەلى فەرمان فەرىخان.
بۇ تۇغدىن چۆرگەلۇر بولسا كېسەللەر،
ئىچىدە قويماغاي ئەرمان فەرىخان.

## 6. سەنئەت فولكلورى

خەلقىمىز يۇمۇرىستىك، خۇش چاقچاق، ناخشا-ئۇسسۇلغا ھېرىسمەن خەلق، ئۇزاق ئەسىرلەر جەريانىدا ئۇلار ئۆزىگە خاس سەنئەت ئادىتىنى يېتىلدۈرگەن بولۇپ، بۇ ئادەتلەر مول مەزمۇنلۇق، رەڭدار، كۆپ خىل. مەزكۇر ئەسەرگە قارايدىغان بولساق يۇقىرىقى دېگەنلىرىمىزنىڭ راست ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىمىز.

6.1 ئاغزاكى سەنئەت ئادەتلىرى:

6.1.1 مەدداھلىق:

مەدداھلىق ئاغزاكى تىل ئادەتلىرىنىڭ كەڭ تۈردە ئومۇملاشقان ئەنئەنىۋى شەكىللىرىنىڭ بىرى. ئۇ ھېكايىچىلىك، داستانچىلىق، يەنى ھېكايە-داستان سۆزلەش دېگەنلىك بولىدۇ. مەدداھلىق ئۇيغۇرلاردا بىر خىل ئىجتىمائىي كەسىپ سۈپىتىدە كەڭ ئومۇملاشقان ئادەت. ئۇ يەنە «ۋائىزلىق سەنئىتى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

«كىتابى ئەبدۇللاھ»تا مەدداھلىق توغرىسىدا مەخسۇس بىر بېيىت ئاجرىتىلغان بولۇپ، مەدداھلىق ھەققىدە چۈشەنچىگە ئىگە بولالايمىز. مەسىلەن:

دېگەيكىم ھەمدۇنەئىت، ئەلقاب، فەرز، ۋاجىب بىلەن سۈننەت،
ۋە ئاندىن مۇستەھەبلەرنى بەيان ئەيلەب مۇنەك مەددا.
ئەگەر بىلسە ھەرام-مەكرۇھ بىلەن مۇفسىد-مۇباھلارنى،
خەلايىققە خەبەر ئەيلە ۋە بەئىزەن ياش-گۆدەك مەددا.
تىلى بىر شەكەرىستاندۇر، دىلى شەھرى يەكىستاندۇر،
تەنى جەننەتتە رىزۋاندۇر، دېمەس ھېچكىم بۆشەك مەددا.

يۇقىرىقى مەزمۇندىن بىلىشكە بولىدۇكى، مەدداھلار ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئېتىقاد-ئادەتلىرىنى، دىنىي ئەھكاملارنى، شۇنىڭدەك ئىسلام تارىخىدىكى زور ۋەقە قاتارلىقلارنى ئاغزاكى تىل سەنئىتىگە مۇناسىپ ئۆزىگە خاس ئۇسلۇب-ماھارەت بىلەن بايان قىلىشنى كەسىپ قىلغان. ئۇلارنىڭ ئاساسلىق تۇرمۇش مەنبەسىمۇ مەدداھلىق. كىشىلەر ئۇ ئېيتقان ۋەز-نەسىھەت، ئىسلامىي ھېكايىلەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ياقتۇرسا مىننەتدارلىق بىلدۈرۈش يۈزىسىدىن ئىختىيارىچە ئۇلارنىڭ ئالدىغا پۇل تاشلايدۇ.

6.1.2 قىسسەخان:

قىسسە سۆزلەش ئادىتى قەھرىمانلىق داستانلىرى بارلىققا كەلگەندىن كېيىن مەيدانغا كەلگەن. ئۆز ۋاقتىدىكى كىشىلەر ھەر خىل جەڭلەردە قەھرىمانلىق كۆرسىتىپ، خەلقنىڭ مەنپەئىتى ئۈچۈن ئۆلگەن كىشىلەرنىڭ جەڭدە كۆرسەتكەن قەھرىمانلىقلىرىنى قوشاق شەكلىدە ئېيتىپ يۈرگەن ۋە بۇ بارا-بارا خەلق ئارىسىدا كەڭ تارقىلىپ مەزمۇن جەھەتتىن ئۆزگىرىپ ئىلاھىي ئوبرازلارغا ئۆزگەرگەن، بۇلار «قىسسە» دەپ ئاتالغان، بۇنىڭ بىلەن مەخسۇس بۇ پالۋانلارنىڭ ئىش ئىزلىرىنى ھەرىكىتى ۋە ئاۋازى بىلەن بىرلەشتۈرگەن ھالدا كىشىلەرگە ئېيتىپ بېرىدىغان كەسىپ قىسسەخانلىق بارلىققا كەلگەن.

ئەسەردە ئاپتور قىسسەخان توغرىسىدا توختىلىپ مۇنداق دېگەن:

ھەر ھېكايەتلەرنى ئايتۇر خەلققە ئىبرەت ئۈچۈن،
قايدا مەجمۇئە بولسا مەسچىت بىرلە جامىئە قىسسەخان.
ھەق تائالا ئىلگىر ئۆتكەن ئىشنى بىزگە ئايتقالى،
قىلدى بىزگە زىكىر قىلدۇرماققە ۋاقىئى قىسسەخان.

6.1.3 نەغمەچى:

ئۇيغۇرلاردا ئەزەلدىن دېھقانچىلىقنىڭ بوش-بىكار ۋاقىتلىرىدا كىشىلەر توپلىشىپ مەشرەپ تەشكىللىنىپ، خەلق ئەلنەغمىلىرىدىن ھۇزۇرلىنىش داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان ئادەت، بۇ ئادەت ھازىرغىچە تېخى ئۆزىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى يوقاتمىدى. مۇشۇنداق سورۇنلاردا كىشىلەر ئۆزىگە ئۆزىنىڭ خۇش ئاۋازلىقى بىلەن ھۇزۇر بېرىۋاتقان كىشىنىڭ چالغان مۇڭلۇق سازلىرى بىلەن كۆڭۈل غەشلىكىنى ئۇنتۇپ، شوخ ئۇسسۇللارغا چۈشىدۇ. خەلقىمىز ئارىسىدىكى مۇشۇنداق كىشىلەر «نەغمىچى» دەپ ئاتالغان، كېيىن يەنە «ھاپىز» دەپمۇ ئاتالغان. مەسىلەن:

ئەھلى غەملەرنى قىلۇر دەفئى مەلامەت نەغمەچى،
بارچەلەردىن بۇ ئەجەب ياخشى مەلاھەت نەغمەچى.
ۋاي، بۇ خۇش ئاۋازلىقدىن جان-جىگەرنى كۆيدۈرۈر،
يەتكۈزۈپ تاشتەك كۆڭۈللەرگە ھەلاۋەت نەغمەچى.

«كىتابى ئەبدۇللاھ»تىكى «نەغمەچىلەر» ئادىدىي ھالدا ساز ۋە ناخشىلار بىلەن ھەپىلىشىدىغان بىغەم سازەندە، ئويۇنچى غەزەلخان بولماستىن، ئەكسىچە ناخشىلىرى، كۈيلىرى خەلق بىلەن بىرلىشىپ كەتكەن بولۇپ، تۇرمۇشنى، رېئاللىقنى ئەكس ئەتتۈرۈشنى ئاساسىي مەقسەت قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ ئېيتقان ھەربىر مىسرا ناخشىلىرىدا خەلقنىڭ ئاھۇ-زارىنى بايان قىلىدۇ، دەۋر ئارقا كۆرۈنۈشىنى، دەۋر ئالاھىدىلىكىنى ئىپادىلەشكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەن بولۇپ، قاتىتقچىلىق، ئىستىبداتلىق ھۆكۈم سۈرگەن زامانلاردىكى خەلقنىڭ كۈلپەتلىرىنى مەردانە، ئىنسانپەرۋەرلىك روھى بىلەن كۈيلىرى ئارقىلىق، مۇستەبىتلەرگە بولغان غەزەپ-نەپرىتىنى ئىپادىلىسە، خەلقنىڭ دەردىگە ناخشىسى، نەغمىسى ئارقىلىق دەردمەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ روھىنى كۆتۈرگەن، كۆڭۈللىرىنى خۇش قىلغان،

خەلققە خۇشاللىق، مۇھەببەت، ئۈمىد بېغىشلىغان.

6.1.4 «ئون ئىككى مۇقام»:

«ئون ئىككى مۇقام» ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئەسىرلەر داۋامىدا، مۇرەككەپ كۆرەشلەر ئىچىدە ئۈزۈلمەي ياڭراپ كەلگەن مېلودىيەسى. ئۇنىڭدا ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ھەر خىل قىسمەتلىك تارىخى، ئارزۇ-ئارمانلىرى، مۇھەببەت، دىن ۋە ئەخلاق قاتارلىقلار بايان قىلىنىدۇ. مانا مۇشۇنداق «بىباھا خەزىنە» ئۇيغۇرلار ئارىسىدىكى نەغمىچىدىن ئىبارەت شەخس ئارقىلىق ئەۋلادتىن-ئەۋلادقا تارقىلىپ، داۋاملىشىپ، ئۈزۈلمەي ھاياتىي كۈچىنى نامايان قىلىدۇ. «كىتابى ئەبدۇللاھ»تىكى «ئون ئىككى مۇقام» توغرىسىدىكى بايانلارغا قاراپ باقايلى:

ھەرقاچان ناخۇن بىلەن چالسا مەقامنى ئوخشاتىپ،
ھەممەنى ئىشقىدا كۆيدۈرگەي داۋامەت نەغمەچى.
يەنە «رەك» دەپ بىر مەقام بار ئاڭلانغان بىھوش بولۇر،
ئالەم ئەھلىگە ئەجايىپ خوش نەزاكەت نەغمەچى.
ئاندىن ئۆتسە بىر مەقام بار ئاڭغا يۈزمىڭ جان فىدا،
ئىسمى «ئۇششاق»دۇر بەيان قىلماق نەھاجەت نەغمەچى.
بۇ مەقامنىڭ مەجمۇئى ئون ئىككىدۇر بىلسە ئانى،
فۇرسەتىچە ھەممەگە قىلغاي رەفاقەت نەغمەچى.

ئۇيغۇرلار ناخشا-ئۇسسۇلغا ھېرىس خەلق، ئۇلارنىڭ تۇرمۇشى تەبىئەت بىلەن بىرلىشىپ كەتكەچكە، ئەنە شۇ مۇقام ئۇيغۇرلارنىڭ ھېس-تۇيغۇلىرى بىلەن، سەرگۈزەشتىلىرى بىلەن زىچ باغلىنىپ كەتكەن. ئاپتور بۇ خىل مۇناسىۋەتنى ناھايىتى ئۇستىلىق بىلەن كىشىلەرنىڭ مۇقامنى ئاڭلىغاندا بىھوش بولۇشى، مۇقام ئۇچۇن جان پىدا قىلىشتەك تەسۋىرلەر ئارقىلىق ئىپادىلەپ بەرگەن، بۇ ئارقىلىق مۇقامنىڭ ئۇيغۇرلار تۇرمۇشىدا يالغۇز سورۇنىڭلا خۇشاللىقى بولماستىن، بەلكى خەلقنىڭ يىغىسى، خەلقنىڭ كۈلكىسى ئىكەنلىكىنى ئېنىق يورۇتۇپ بەرگەن.

ئەڭ مۇھىمى ئاپتور ئەسەردە «غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسى»مىز بولغان «ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقام»نىڭ ئىسمىنى تىلغا ئالغان بولۇپ، شۇ دەۋردىكى مۇقام ھەققىدىكى تەتقىقاتتا ناھايىتى مۇھىم، بىزنى قىممەتلىك ماتېرىيال بىلەن تەمىنلەيدۇ. گەرچە ئاپتور مۇقامنى ئون ئىككى دەپ كۆرسەتكەن بولسىمۇ بىراق ئۆز ئەسەرىدە ئون مۇقامنىڭلا ئىسمىنى تىلغا ئالغان، ئۇلار تۆۋەندىكىچە:

راك، ئۇششاق، مۇشاۋرەك، چەببيات، سىگاھ، چارگاھ، پەنجگاھ، ئۆزھال، ناۋا، بەيات.

6.2 چالغۇ ئەسۋاب ناملىرى:

ئۇيغۇرلار قەدىمدىن باشلاپ ناخشا-ئۇسسۇل ۋە مۇزىكىغا ماھىر خەلق. ناخشا-ئۇسسۇل ۋە مۇزىكا كىشىلەرنىڭ كۈندىلىك ھاياتى بىلەن زىچ باغلىنىپ كەتكەن. خەلق ئارىسىدا ھەتتا مۇزىكىنى بىلمەيدىغان ئادەممۇ ئۆيىنىڭ تۆرىگە بىرەر چالغۇ ئەسۋابنى ئېسىپ قويۇش ئادەتكە ئايلانغان.

ئۇيغۇر مۇزىكا سەنئىتىنىڭ موللۇقى، كۆپ خىللىقىغا مۇناسىپ ئۇنىڭغا تىل-جان كىرگۈزىدىغان چالغۇلىرىمۇ ھەرخىل. ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى چالغۇ-ئەسۋابلىرى ئاساسلىقى داپ، دۇمباق، غېجەك، نەي، قالۇن، ساتار، دۇتار، تەمبۇر، راۋاب، چاڭ، قوبۇز، ساپايە، تاش قاتارلىقلاردىن ئىبارەت، بۇنىڭدىن غېجەك، داپ، نەينىڭ ئوتتۇرا ئەسىردىن بۇرۇنقى دەۋردىلا ئەجدادلىرىمىز ئومۇميۈزلۈك قوللانغان ئەنئەنىۋى چالغۇلىرىمىزدىن ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. كەڭ يېزىلاردا دېھقانلارنىڭ خالىغاندا چالغۇ-ئەسۋابلىرى يوق شارائىتتىمۇ لېگەن، پەتنۇس قاتارلىق نەرسىلەرنى داپ ئورنىدا چېلىپ، كالتە ئۇسسۇل مەشرىپى ئوينايدىغان ئادىتىمۇ شۇ نۇقتىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. مەسىلەن:

بىلسەلەر ئەسبابى نەغمە: بىرىسى «قانۇن» ئېرۇر،
چىقارۇر كىم ئىچىدىن نەچچەند كەرامەت نەغمەچى.

مەزكۇر كىتابتىمۇ ئۇيغۇر چالغۇلىرى تەپسىلىي تونۇشتۇرۇلغان بولۇپ ئېيتىلىشى ھازىرقى بىلەن پەرقلىنىدۇ. يەنى بىز بۇ بايانلاردىن بۇ سازلارنىڭ ئەينى ۋاقىتلاردا كىشىلەر تەرىپىدىن قانداق ئاتالغانلىقىنى بىلەلەيمىز. بۇ سازلار تۆۋەندىكىچە: قانۇن، سەدا، تەنبۇر، دۇتار، رەباب، غەجەك، كارناي، سورناي، نەي، ناغرا، دۇمباق

دېمەك، ئەينى دەۋرلەردىلا كىشىلەرنىڭ مەنىۋى پائالىيىتى ناھايىتى مول بولغان، چالغۇلارنىڭ تۈرىمۇ كۆپ بولغان.

6.3 ئەنئەنىۋى تەسۋىرىي ۋاستىلىرى:

ھەرقايسى خەلقلەرنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك ماددىي تۇرمۇش شارائىتى ۋە شۇ ئاساستا تۇغۇلغان ھەم تەرەققىي قىلغان مەنىۋى خۇسۇسىيەتلەر ئۇلارنىڭ ئىپتىدائىي دىنىي ئېتىقادلىرى بىلەن بىرلىشىپ بەلگىلىك دەرىجىدە قېلىپلاشقان تەسۋىرىي ۋاستىلەرنى بارلىققا كەلتۈرگەن، بۇلار كېيىنچە خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىغا سىڭىپ كەتكەن. ھەرقايسى خەلقلەرنىڭ مىللىي ئەدەبىياتىدا بارلىققا كەلتۈرۈلگەن تەسۋىرىي ۋاستىلەر ناھايىتى كۆپ. پەقەت خەلقنىڭ ئېتىقاد ئادەتلىرى بىلەن بىرلىشىپ مۇئەييەن فورما ھاسىل قىلغان بەزى ئەنئەنىۋى ۋاستىلەر بۇ كىتابتىمۇ ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان. مەسىلەن:

كۆزى سۇنبۇل، سۆزى بۇلبۇل، يۈزى گۈل، ئاغزى فۇل، ھەيھات!
سەدەفدەك تىشلارنى كۆرستىپ بەئىزەن كۈلەرلەر قىز.

ئول ئاتاڭ بىرلە ئاناڭنىڭ كۆزلەرىنىڭ نۇرىدۇر،
سۆزى بۇلبۇل، يۈزى گۈل ھەم يىدلارى ئىفار سىگىل.
ئېرۇر ھەقنىڭ قۇلى، جەننەت گۈلى ھەم بۇلبۇلى دائىم،
ئۆزى مەتلۇب، يۈزى مەھبۇب، سۆزى مەرغۇبىمۇ بار فەرزەند.

بۇلبۇل ۋە قىزىلگۈل: ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئەنئەنىۋى گۈزەللىك ئادىتىدە قىزىلگۈل دائىم سۆيۈملۈك يارنىڭ، ئەركىن مۇھەببەتنىڭ، كۆڭۈل ئازادىلىكىنىڭ، بۇلبۇل بولسا ساداقەتمەن ئاشىقنىڭ، ئىرادە ۋە جاسارەتنىڭ سىمۋولى بولىدۇ.

ۋەتەنفە كەلسە يا مۇندىن فەلەك تاغىدا خۇرشىددەك،
جەمالى كۆرۈنۇر بىزگە قىزىل ئالمە-ئانار ئەئىلەم

ئادەمنىڭ يۈزىنى ئالمىغا ئوخشىتىش، كۆزىنى بۇلاققا ئوخشىتىش قاتارلىق تەسۋىرىي ۋاستىلەرمۇ بار بولۇپ، بۇلار مىللىتىمىزنىڭ مىللىي ئەدەبىياتىمىزدىكى تەسۋىرىي ۋاستىلەردۇر.

6.4 مۇقەددەس سان چۈشەنچىسى:

مۇقەددەس سان چۈشەنچىسى ھەممە مىللەتتە مەۋجۇت، بىراق ئۇنىڭ كونكرېت مەزمۇنى ئوخشىمايدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ ئارىسىدىمۇ مۇقەددەس سان چۈشەنچىسى قەدىمكى ۋاقىتلاردىلا شەكىللەنگەن. «كىتابى ئەبدۇللاھ»تىمۇ مۇقەددەس سانغا دائىر بايانلار بار بولۇپ، مەسىلەن:

قىلىپ خۇدايى جەھان يەتتە كۆكنى بىپايان،
ئىشكىمۇ قويدى ئاڭە فەرىشتىلەرگىدۇر مەفتۇھ.

زېمىننى يەتتە دەرمىز ئالتەنى كۆرگەن كىشى بارمۇ،
مۇنى يەتتە دېمەكلىككە كىتابلاردا بولۇر ۋارىد.

يۇقىرىقى بايانلاردا ئاسمان يەتتە، زېمىن يەتتە دېيىلگەن بولۇپ، بۇمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ مۇقەددەس سان قارىشىنى ئىپادىلەيدۇ. تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئەڭ قەدىمكى ئىپتىدائىي ئېتىقادىدا كائىناتنى ئۈچكە بۆلگەن: كۆك — پەرىشتىلەر ماكانى، يەر ئۈستى ۋە يەر ئاستى ئىدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە كۆك ھەممىدىن بەك ئۇلۇغلىناتتى. كۆك تەڭرىگە ئېتىقاد قىلىش ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئىپتىدائىي دىنى بولغاچقا، ئۇنىڭدىن يەتتە يۇلتۇز چۈشەنچىسى كېلىپ چىقتى ۋە ئۇلار ئايرىم نام بىلەن ئاتىلىپ يەتتە ئىلاھ سۈپىتىدە ئۇلۇغلاندى ①. شۇنىڭ ئۈچۈن «يەتتە زېمىن»، «يەتتە ئاسمان» دېگەن قاراشلار ئوتتۇرىغا قويۇلدى. يەتتە ئۇيغۇرلاردىكى جۈملىدىن تۈركىي مىللەتلەرنىڭ ئىدېئولوگىيەسىدىكى مۇقەددەس سان.

6.5 پەرداز ئادەتلىرى:

ئۇيغۇر ئاياللىرى گۈزەللىكنى سۆيىدۇ، ئۇلارنىڭ گۈزەللىككە بولغان ئىنتىلىشى يالغۇز كىيىم-كېچەك، زىننەت بۇيۇملىرىدىلا ئىپادىلىنىپ قالماستىن، يەنە ھۆسن تۈزەش جەھەتتىكى ئۆزگىچىلىكنى شەكىللەندۈرگەن. ئۇلار گۈزەللىك ئۈچۈن سۈنئىي پەرداز بۇيۇملىرىدىن پەرقلىق ھالدا بىر يۈرۈش تەبىئىي پەرداز ئادەتلىرىنى شەكىللەندۈرگەن. ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ بۇ تەبىئىي پەرداز بۇيۇملىرى ئۇلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ۋە تۇرمۇش ئەمەلىيىتىدىن يەكۈنلەنگەن بولۇپ، تۈرى ناھايىتى كۆپ. مەسىلەن، «كىتابى ئەبدۇللاھ»تا تىلغا ئېلىنغان پەرداز بۇيۇملىرى:

① ئابدۇكېرىم راخمان: «ئۇيغۇر فولكلورى ھەققىدە بايان»، شىنجاڭ داشۆ نەشرىياتى، 1989-يىل نەشرى، 558-بەت.

باشى ئەتمە، قاشى ئوسمە، ئۇفە ـ ئەگلىك يۈز بىلەن،
ئۆيىدىن چىققان جۇۋان قالتاق چىقىشلىق چولڭ ئانا.

ياراشۇر ئوسما قاشىغە ۋە يا گۈل قىسسە باشىغە،
جەۋاھىر ئاسسە ساچىغە بۇلۇر يىدلىق گۈل ئەنبەر قىز.»

باشىدا سەكىلەك بىر جۇفت كۆرەر كۆزلەر ئانى مەھبۇب،
كۆڭۈلدە ھەممەگە مەتلۇب ئوغۇلدىنمۇ ئۆتەرلەر قىز.
بالالارنىڭ باشىغە گۈل، قاشىغە ئوسما تېرىپ،
قويدۇرۇپ بۇ ئوسمەلەرنى بىر غېرىشلىق، چولڭ ئانا.

ئوسما: ئۇيغۇر ئاياللىرى ياز كۈنلىرى ھويلا ـ ئاران، باغلىرىدىن ئازراق يەر ئاجرىتىپ مەخسۇس ئوسما تېرىيدۇ. ئوسما قۇلاق بولغاندا ئۇنى سىقىپ سۈيىنى چىقىرىپ، پەلكۈچ بىلەن قېشىغا قويىدۇ. قىشلىق ئوسما ئۈچۈن ياز كۈنلىرى كۆك ئوسمىنى سىقىپ سۈيىنى ئۆچكە يېغى ئارىلاشتۇرۇپ تاش ئوسما تەييارلىۋالىدۇ. بەزى رايونلاردا قىزلار كۆپرەك قوشۇمىسىنىڭ ئوتتۇرىسىغا ئوسما پەلكۈچى بىلەن خال چىقىرىۋالىدۇ. ئوسما يالغۇز قاش قارايتىش رولى بولۇپلا قالماي، يەنە قاشنى قويۇقلاشتۇرۇش رولىغا ئىگە.

خېنە: ئۇيغۇر ئاياللىرى ھەتتا تىرناق، ئالقانلىرىنىڭ گۈزەللىكىگىمۇ ئېتىبار بىلەن قارىغان. ئۇلار يازلىقى خېنە تېرىپ، ئۆستۈرگەندىن كېيىن سوقۇپ، زەمچە بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ، قولىنىڭ ئالقىنى ۋە تىرنىقىغا قويۇۋالىدۇ، خېنە ئېچكەندىن كېيىن، قول، تىرناقلارنىڭ رەڭگى قىزىل ياكى قىزغۇچ سېرىق ھالغا كىرىدۇ. خېنىنىڭ رەڭگى خېلى ئۇزاق ۋاقىت ئۆچۈپ كەتمەيدۇ. خېنە قول ۋە تىرناقلارنى گۈزەللەشتۈرىدۇ، شۇنداقلا قول تەرلەش ۋە يېرىلىشنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ، تىرناقنى پارقىرىتىدۇ، كىتابتا خېنە گۈللەر ئارىسىدا تىلغا ئېلىنغان.

ئۇپا ـ ئەڭلىك: ئۇپا ـ ئەڭلىك ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ پەرداز بۇيۇمى بولۇپ، مەھمۇد كاشغەرىينىڭ «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»دا، «خوتۇنلارنىڭ مەڭزىگە سۈرىدىغان ئاچ قىزىل بوياق» دەپ ئىزاھ بېرىلگەن. بۇنىڭدىن ئۇپا ـ ئەڭلىكنىڭ تارىخىنىڭ ئۇزاق ئىكەنلىكىنى بىلىۋېلىشقا بولىدۇ.

دېمەك، ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ تەبىئىي پەرداز بۇيۇملىرى نوقۇل ھالدا گۈزەللىك ئۈچۈنلا ئەمەس، شۇنداقلا يەنە ساغلاملىق ۋە سالامەتلىك ئۈچۈنمۇ خىزمەت قىلغان.

7. ئاممۋى تىبابەت:

ئەجدادلىرىمىز ئۇزاق مۇددەتلىك ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش ئەمەلىيىتى جەريانىدا ساقلىقنى ساقلاش، كېسەل كۆرۈش، ئەملەش، دورىگەرلىك ۋە مال دوختۇرلۇقنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئۆزىگە خاس بىر يۈرۈش تېببىي ئىلىم رېتسېپلىرىنىمۇ يەكۈنلەپ چىققان. بۇ ئۇزاق مەزگىللىك نەزەرىيەلەر تا ھازىرغىچە خەلقىمىز ئارىسىدا كەڭ تۈردە ئىشلىتىلمەكتە.

«كىتابى ئەبدۇللاھ»تىكى تېبابەتكە دائىر بايانلاردىن بىز نۇرغۇن نەرسىلەرنى بىلىۋالالايمىز. مەسىلەن:

رەنج تارتقانلار ئۈچۈن ھەق ئەيلەدى ئەھيا تەبىب،
بەئزىلەرنىڭ دانىشى كەم بەئزىسى ئەئلا تەبىب.

ھەركېسەلدۇر كىم ئىچىدىن يا تاشىدىن بولسەلەر،
ئانى چىرلاپ ئايتقۇسىدۇر رەنج بۇ ئەئزا تەبىب.

يۇقىرىقى مىسرالاردا ئاپتور ھەق كىشلەرنىڭ كېسەللىك ئازابىنى يېنىكلىتىش ئۈچۈن تېۋىپنى ياراتتى، ئۇ كېسەللەرنىڭ ئىچ ـ تېشىدىكى كېسەللەرنى تېپىپ، ئۇنى داۋالايدىغانلىقىنى بايان قىلىش ئارقىلىق تېۋىپنىڭ كىشىلەرنىڭ دەردىگە يېتىپ، كېسەللەرنى داۋالاشنى، ئاغرىق ئازابىنى يېنىكلىتىشنى ئاساسىي مەقسەت قىلىدىغانلىقىنى ئىپادىلەپ بەرگەن.

ھەر كىشىنىڭ كېسلى بولسە، تومۇرىدىن بىلگۈسى،
شول تومۇرنى تۇتۇپ ئايتۇر: بۇ ئۆزى سەفرا، تەبىب.

ھەر تومۇرنى تۇتسە ئۇل ئاندىن مىزاجنى بىلىپ،
ئايتادۇر: بەلغەم ۋە يا قان ياكى بۇ سەۋدا، تەبىب.

ئەسەردىن مەلۇمكى، ئەجدادلىرىمىز ئۇيغۇر تېبابىتىدە كېسەللىكنىڭ پەيدا بولۇشىدىكى ئاساسىي سەۋەب ئادەم بەدىنىدىكى تۆت خىل خىلتنىڭ بۇزۇلغانلىقىدىن دەپ قارىلىدۇ. ئۇلار سەۋدا، سەپرا، بەلغەم ۋە قاندىن ئىبارەت. ئەجدادلىرىمىز شۇ خىل مىزاج ئايرىمىسى بويىچە ئۇزۇقلىنىشنى ئەزەلدىن داۋاملاشتۇرۇپ كېلىۋاتقان ئۆرپ ـ ئادەتتە ئايلاندۇرغان بولغاچقا، ئۇلاردا ئۇزۇن ئۆمۈر چولپانلىرى خېلى كۆپ سالماقنى ئىگىلەيدۇ.

داۋالاشتا دورا ۋە يېمەكلىك بىلەن داۋالاشتىن ئىبارەت ئىككى خىل ئۇسۇلنى قوللىنىپ كەلگەن.

(1) دورا بىلەن داۋالاش

دورا بىلەن داۋالاشتا كېسەل خاراكتېرىگە قاراپ «زەھەرنى زەھەر بىلەن قايتۇرۇش»، «ئىسسىقنى سوغۇق بىلەن، سوغۇقنى ئىسسىق بىلەن قايتۇرۇش» ئۇسۇلىنى قوللىنىپ كەلگەن. ئاساسلىق دورىلاردىن كۆكتاش، سىماب، زەمچە، تاش، سىر قاتارلىق كان مەدەن ماددىلىرى، يىلان، چايان، كېلە قاتارلىق جانلىقلار، كۆچۈلىغا ئوخشاش زەھەرلىك تەركىبلىك ئوت-چۆپ ۋە ئۆلارنىڭ ئۇرۇق-مېۋە، يىلتىزلىرىدىن ھازىرلانغان دورىلار قاتارلىقلار. مەسىلەن:

بولسە رەنجۇر قايدا باي ئاغلاپ ئانىڭغە فايلاماي،
ئاگا ۋاي-ۋاي دەپ قىلۇر كۆپ دارۇنى بەرفا تەبىب،
گۈل-گىياھ ، يىلدىز ، دەرەختىنىڭ ئۇرۇغى يا بەرگىدۇر،
بىرىنى بىرگە قوشۇپ قىلغاي ئانى ھەمجا تەبىب.
قىسمۇ قىسمى دارۇ-شەربەتنى قىلىپ ئەيلەر داۋا،
ھەر كېسەلگە قانچە خىزمەت كەلتۈرۈر بەرجا تەبىب.

(2) يېمەكلىك بىلەن داۋالاش

يېمەكلىك بىلەن داۋالاش ئادەم ئەزالىرىنىڭ ئىشلەش ئىقتىدارىنىڭ ئاجىزلىشىشى، تەڭپۇڭسىزلىقى قاتارلىق سەۋەبلەر بىلەن كېلىپ چىققان بەدەن ئاجىزلىقىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھەر خىل كېسەللىكلەرگە بېرىلىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن كېسەل خاراكتېرىگە قاراپ ئوزۇقلىنىش ۋە بەزى يېمەكلىكلەردىن پەرھىز قىلىش بۇيرۇلىدۇ. مەسىلەن:

قايسى ئەئزاسى كېسەل بولسە، ئاڭا قىلغاچ سەبەب،
فايدالىقنى يېدۇرۇپ، بولغاي ئاڭا ھەمراھ تەبىب،
كىم كېسەلدۇر دەردىنى بۇ فىرقەلەردىن سورىسەلەر،
بۇيرۇغاي كاشكاف ئەسەل، گۈلقەند ۋەيا ھەلۋا تەبىب.

ھازىرقى زامان تېببىي ئىلمىنىڭ تەرەققىياتى ۋە ئەمەلىيىتى نۇقتىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان ساقلىقنى ساقلاش تەدبىرلىرى ۋە يېمەكلىك بىلەن داۋالاش ئۇسۇلىنىڭ ئىلمىي ئاساسقا ئىگە ئىكەنلىكى مەلۇم بولىدۇ. ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، يېمەكلىك بىلەن دۇۋالاش ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكىنىڭ ئەمەلىيىتىدە ئىسپاتلانغان ئۈنۈملۈك مۇھىم داۋالاش ئۇسۇلى.

شۇنىڭ ئۈچۈن قارايدىغان بولساق ھەر بىر ئۆيدە ئادەتتە كۆپ ئۇچرايدىغان كىچىك كېسەللىكلەرنى داۋالايدىغان داۋالاش رېتسېپلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇشقا ئەھمىيەت بەرگەن. بۇنىڭ ئارقىسىدا ئۆيلەردە ئېگىر، چىلان، دانەكچە، زىرە، موزا، بوزبۇغا، يانتاق شېكىرى قاتارلىق خام دورىلاردىن ئايرىلماس ئادەت ئومۇملاشقان.

8. خاتىمە

ئۇيغۇر خەلقى پۈتكۈل ئوتتۇرا ۋە مەركىزىي ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ مەدەنىيەت تارىخىدا 1000 يىللار داۋامىدا مۇقىم، ئىزچىل تەرەققىي پەيزىلىتى رولىنى ئوينىغان. گەرچە كېيىنكى مەزگىللەردە ئۇيغۇر جەمئىيىتى يېپەك يولىنىڭ ئۈزۈلۈپ قېلىشى بىلەن بىللە مەيدانغا چىققان مەدەنىيەت بېكىنمىچىلىكىنىڭ ئاسارىتى تۈپەيلى، ئۆزىنىڭ تارىخىي شۆھرىتىدىن ئايرىلىپ قالغان بولسىمۇ، ئەمما ھەرقايسى دەۋرلەردىكى ئوينىغان رولىنى ھەرگىز سەل چاغلاشقا بولمايدۇ، ئەلۋەتتە مىلادىيدىن ئىلگىرىكى خېلى بۇرۇنقى زامانلاردىن باشلاپلا شىمال-جەنۇب ۋە شەرق-غەرب مەدەنىيەت ئالاقىلىرى بەلبېغىدىك ئوينىغان پەۋقۇلئاددە مەدەنىيەت رولىنى جاھان ئالىملىرى بىردەك مۇئەييەنلەشتۈرۈپ كەلمەكتە. ئولتۇراقلىشىش، ئىجتىمائىي ئىش تەقسىماتى تەرەققىياتى، ھۈنەرۋەنچىلىك ۋە شەھەر ھاياتى، سودا-سېتىق، دىنىي ياكى پەلسەپىۋى ئىدېئولوگىيە يېڭىلاش، يېزىق ئىسلاھاتى، يازما ئەدەبىيات، ھەر خىل سەنئەت ژانىرلىرى، ھەتتا ئېتنىك مەدەنىيەتتە يۈز بەرگەن تارىخىي خاراكتېرلىك ئۆزگىرىشلەر، پەن ۋە مائارىپ يېڭىلىقلىرى قېرىنداش خەلقلەر ئارىسىدا ئالدى بىلەن ئۇيغۇر قەبىلىلىرى، ئۇيغۇر خەلقى ئارىسىدا مەيدانغا كەلگەن ياكى ئۆزلەشكەندىن كېيىن ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيەت تەسىرى ۋاستىسى بىلەن ئوتتۇرا ۋە مەركىزىي ئاسىيادىكى باشقا قېرىنداش خەلقلەرگە تەدرىجىي ئۆزلەشكەن. گەرچە ئوتتۇرا ۋە مەركىزىي خەلقلىرى ئارىسىدا ئۇنداق ياكى مۇنداق سىياسىي ھاكىمىيەتچىلىك ماجىرالىرى بولغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنى چەتكە قېقىش ھادىسىسى كۆرۈلۈپ باقمىغان.① ھەرقايسى ئاملارنىڭ،

① ئا. مۇھەممەد ئىمىن: «ئۇيغۇر پەلسەپە تارىخى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1997-يىل نەشرى.

بولۇپمۇ دىن، ياشاش مۇھىتى، ياشاش شارائىتى قاتارلىق-
لارنىڭ تەسىرى بىلەن ئىگىلىك شەكلى، ئۆرپ -
ئادەت، ئاسترونومىيە، تېبابەتچىلىك، يېمەك - ئىچمەك،
كىيىم - كېچەك، ئېتىقاد، سەنئەت، قاتناش - ترانسپورت،
تۇرمۇش بۇيۇملىرى ۋە قۇرۇلۇش ئادەتلىرى قاتارلىقلار-
دا ئۆزىگە خاس مەدەنىيەت ياراتقان ۋە بۇ مەدەنىي ئا-
دەتلەرنى ھازىرغىچە داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەن.

«كىتابى ئەبدۇللاھ» گەرچە يېقىنقى دەۋردە بارلىققا
كەلگەن ئەسەر بولسىمۇ، بىراق مەزمۇنى ئىنتايىن مول،
مەھمۇد كاشغەرىينىڭ «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»، مۇھەم-
مەد سادىق كاشغەرىينىڭ «ئەدەبۇس سالىھىن»، مۇھەم-
مەد سىدىق رەشىدىنىڭ «سىدىقنامە» قاتارلىق ئەسەرلىرد-
ىن قالسىلا ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئىلغار بولغان ئۇدۇمى ئا-
دەتلىرىنى بىزگىچە يەتكۈزگەن بولۇپ، ئەجدادلىرىمىزنىڭ
ئۇدۇمى - ئادەتلىرىنى ئىگىلەشتە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.
كىتابتا ئاساسلىق قىلىپ ئەجدادلىرىمىزنىڭ ماددىي، ئىجتى-
مائىي، ئېتىقاد ۋە سەنئەت جەھەتتىكى مەدەنىيەت ئادەتلە-
رى بايان قىلىنغان بولۇپ، فولكلورغا دائىر بايانلار ناھا-
يىتى تولۇق، ئاساسىي جەھەتتىن فولكلورنى يازغان دېيىش-
كە بولىدۇ. ھەتتا ئۇنى بىر «فولكلور قامۇسى» دېيىشكە-
مۇ بولىدۇ. ئەجدادلىرىمىزنىڭ 19 - ئەسىرگىچە داۋاملىشىپ
كەلگەن. بىراق بىزگىچە يېتىپ كېلەلمىگەن ئېسىل ئەنئەنى-
لىرىنى ئۆگىنىش ۋە تەتقىق قىلىشتا ناھايىتى مۇھىم ئەھمى-
يەتكە ئىگە.

بىراق ئەسەر يەنە قىسمەن كەمچىلىك ۋە نۇقسان-
لاردىن خالىي بولالمىغان. يەنى ئاپتورمۇ ئىجتىمائىي
ئادەم بولغاچقا، ئۇ ئۆزى ياشىغان دەۋر چەكلىملىكى ۋە
ئىدىيەدىكى چەكلىملىكتىن قۇتۇلۇپ چىقالمىغان. مەسى-
لەن، ئەرلەرنىڭ ئورنى مۇتلەقلەشتۈرۈۋېتىلگەن، يەنى
«ئەرلەر ئەزىز، ئاياللار خار» دەيدىغان ئىدىيەنى ئىپادى-
لىگەن. تار بولغان تەقدىرچىلىق قارىشىدىن قۇتۇلۇپ چى-
قالمىغان، بىز ئەسەرنىڭ بۇنداق تەرەپلىرىگە نىسبەتەن
تەنقىدىي مۇئامىلىدە بولۇشىمىز لازىم.

9. پايدىلانمىلار:


1. ئەبدۇللاھ فوسكامى: «كىتابى ئەبدۇللاھ»، شىنجاڭ
خەلق نەشرىياتى، 2004 - يىل نەشرى.

2. ئابدۇكېرىم راخمان: «ئۇيغۇر فولكلورى ھەققىدە
بايان»، شىنجاڭ داشۆ نەشرىياتى، 1989 - يىل 7 - ئاي نەشرى.

3. ئابدۇرەھىم ئابدۇللاھ: «ئۇيغۇر ئېتنوگرافىيەسى»،
شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2004 - يىل، 1 - نەشرى.

4. ئەنۋەر تۇرسۇن ئەپەندى: «ئۇيغۇر ئۆرپ - ئادەتلىرىدىن
ئۆرنەكلەر»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2007 - يىللىق 3 -
ئاي نەشرى.

5. «ئۇيغۇر فولكلور مەدەنىيىتى» مەجمۇئەسى: «ئۇيغۇر-
لارنىڭ ماددىي فولكلورى ھەققىدە بايان»، شىنجاڭ گۈزەل
سەنئەت فوتو سۈرەت نەشرىياتى، 2011 - يىل 11 - ئاي نەشرى.

6. غەيرەتجان ئوسمان: «قەدىمكى تارىم مەدەنىيىتى»،
شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2007 - يىل 5 - ئاي نەشرى.

7. «ئۇيغۇر فولكلور مەدەنىيىتى» مەجمۇئەسى: «ئۇيغۇرلار-
نىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت فولكلور مەدەنىيىتى»، شىنجاڭ گۈزەل
سەنئەت فوتو سۈرەت نەشرىياتى، 2011 - يىل 11 - ئاي نەشرى.

8. مۇھەممەد راخمان: «ئۇيغۇر قول ھۈنەرۋەنچىلىك رىسا-
لىسى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2007 - يىل 12 - ئاي نەشرى.

9. تۇرسۇنجان مۇھەممەد ساۋۇت ئۇدمىش: «ئۇيغۇر فولك-
لورى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2003 - يىل 12 - ئاي نەشرى.

10. ئابلىز ئابدۇرېھىم سايرامى: «ئۇيغۇر مەدەنىيەت سەنئى-
تىگە دائىر ماقالىلەر»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1999 - يىل 10 -
ئاي نەشرى.



1. (ئاپتور: تۇرسۇن ساۋۇت ئۇدمىش: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتې-
تى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتىدا)

2. (ئاسىيەم ئىمىن: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنس-
تىتۇتى ئۇيغۇر تىلى كاتىباتلىق 2009 - يىللىق 2 - سىنىپ)



## بىلدۈرگۈ

ژۇرنىلىمىزدا ئېلان قىلىنغان بارلىق ئەسەرلەرنىڭ نەشر ھوقۇقى بىزدە.

رۇخسەتسىز ئىشلىتىۋالغۇچىلارنىڭ قانۇنىي جاۋابكارلىقى سۈرۈشتۈرۈلىدۇ!

«مىراس» ژۇرنىلى نەشرىياتى



# چىن تۆمۈر باتۇرنىڭ قىسسىسى

تارانچىلار ئاراسىدا شۇنداق نەقىل ۋە ھېكايەت قىلارىكىم، ئىلگەرىكى زامانەدە ئۇشبۇ غۇلجا شەھەرىدە بىر بەھادۇر بار ئەردى چىن تۆمۈر ئاتلىغ. ئانىڭ بىر سىڭلىسى بار ئەردى ماختۇمسۇلا دەپ. چىن تۆمۈر بەھادۇر دايىم شىكارغا چىقىپ، شىر، يولبارسلارنى شىكار قىلىپ، بۇغا-ماراللارنى كەباب قىلىپ تەناۋۇل قىلۇر ئەردى. قالغانلارىنى سىڭلىسىگە ئالىپ كەلىپ بەرۇر ئەردى. بىر كۇنى نەچەند كۇنغەچە شىكارغا چىقمادى. بىر كۇنى چىن تۆمۈر بەھادۇر سىڭلىسى ماختۇمسۇلاغا ئايىدىكىم: «ئەي سىڭلىم مەن ئەرتە كۇندە يەتى كۇنلۇك شىكارغا چىقارمەن، سەن ئۆيدىن تالاغا چىقماغىل، كاف-كاف كۇچۇكنى ئالىپ كېتەرمەن، ئوتۇڭنى ئۆچۈرمەگىل. مەگەر ئوتۇڭ ئۆچۈپ قالسا قەرى كەمپىرلەرنىڭ قاشىغا ئوت تىلەپ بارماغىل، ساڭا زىيانى تېگەر» دەپ نەچەند ۋەسىيەتلەرنى قىلىپ، ئەرتەسى چىن تۆمۈر بەھادۇر شىكارغا چىقىپ كەتىدۇرغان بولۇپ، ئارغىماق ئېتىنى ئىگەرلەدى، مىسران قىلىنچىنى بەلگە ئاستى، ئاتىغا مىندى. كاف-كاف كۇچۇكەينى ئەرگەشتۇرۇپ شىكارغا كەتتى. سىڭلىسى ئۆيدە قالدى. قەزەرا، شۇل كۇنى ماختۇمسۇلا ساچىنى تاراماقتا قۇمغانغا سۇنى ئالىپ ئوچاقدا قويدى. بىر مۆشۈكى بار ئەردى، مياڭلاپ ماختۇمسۇلانىڭ قۇچاغىغا چىقتى، ماختۇمسۇلا مۆشۈكنى ئۇردى. مۆشۈك قاچىپ قۇمغانغا تېگىپ سۇنى تۆكتى، سۇ ئوتقا قۇيۇلۇپ ئوت ئۆچتى. ماختۇمسۇلانىڭ قارنى ئاچتى، تەئام پۇشۇرۇغا ئوت بولمادى. نائىلاج بولۇپ ئۆگزەگە چىقتى، ھەر تەرەپكە قارادى. بەناگاھ، كۇن چىقىش تەرەپدە يالغۇز بىر كەپەدە تۇتۇن چىقادۇر. ماختۇمسۇلا خەيال قىلدىكىم، شۇل كۆرۈنگەن كەپەگە بارىپ، ئوت

كەلتۇرەي دەپ ئۆگزەدىن تۆبەن تۇشتى. شۇل تۇتۇن چىققان تەرەپكە يۇردى. بىر سائەتتە يۇرۇپ شۇل كەپەگە يەتىپ كۆردىكى، بىر ماما كەمپىر ئوت قالاپ ياتىبتۇر. ماختۇمسۇلا سەلام قىلىپ مامانىڭ قاشىغا كەلدى. ئايدىدىكىم: «ئەي مەزلۇم سەلامىڭ بولماسا سالغۇ قابۇز قىلۇر ئىدىم. بىر ئۇرۇپ ئىكى، قابۇز قىلۇر ئىدىم، كەلىڭ بالام» دېدى. يەنە سۇرادىكىم: «قايدىن كەلدىڭىز، نەمە سۇراپ كەلدىڭىز، كىم بولۇرسىز ؟» دېدى. ماختۇمسۇلا ئايدى: « مەن چىن تۆمۈر بەھادۇرنىڭ سىڭلىسى بولۇرمەن، ئاتىم مەختۇمسۇلادۇر» دەپ. چىن تۆمۈر بەھادۇرنىڭ يەتى كۇنلۇك شىكارغا كەتكەنىنى بىر-بىر ماماغا بەيان قىلدى. ماما ئايدى: «ئەي بالام ساڭا ئىكى قولۇڭغا بىر بەرسە بەرۇرمەن، مۇندىن ئۆيۈڭگە بارغۇنچە ساچىپ بارغىل، ئارقاڭغا قاراماغىل» دەپ ئىكى يەڭگىغە نەمەرسەنى قويۇپ بەردى. بىر مۇنچە ئوتنى تېزەككە تۇتاشتۇرۇپ، ياغاچقا سانجىپ ئاغزىغا تىشلەتىپ قويدى. مەختۇمسۇلا يەڭدەكى دانەلەرنى قويۇپ ماڭدى، دانەلەردىن تال تىكەنلەر ئۈندى. مامانىڭ جايىدىن ماختۇمسۇلانىڭ ئۆيى يەتكۇنچە نىشانە بولدى. بۇ ماما يەتە باشلىق دىۋە ئەردى، ماختۇمسۇلا بىلمەدى. ماختۇمسۇلا ئوت ياقتى، بىر قازاندا ئەت پىشۇردى، ئاكام كەلسە يەيەر دەپ. كەچ بولدى، باياقى ماما ئىشىككە كەلىپ قىچقارىپ ئەيتادۇركى: « چىن تۆمۈر بەھادۇر ئۆيىدە بارمۇ ؟ ئارغاماق ئاتى ئوقۇردا بارما؟ مىسران قىلىچى قازۇقدا بارمۇ ؟ كاف-كاف كۇچۇكى ئىشىكتە بارمۇ ؟» دەپ قىچقىردى. مەختۇمسۇلا مامانىڭ ئاۋازىنى ئىشتىپ ئۆيدىن چىقماي تۇرۇپ ئەيتادۇركى:

چىن تۆمۈر باتۇر ئۆيىدە يوقتۇر،
ئارغاماق ئاتى ئوقۇردا يوقتۇر،
مىسران قىلىچى قازۇقدا يوقتۇر،
كاف-كاف كۇچۇكى ئىشىكتە يوقتۇر.

«كەلىڭ ماما» دەپ قىچقىردى، بۇ يەتە باشلىق دىۋە ماما سۇرىتىدە بولۇپ، ئىچكەرى كىرىپ، قازاندىكى گۆشلەرنى بارچەسىنى زەررە قويماي يەدى. ئاندىن ماختۇمسۇلانى تۇتۇپ باشنى تۆبەن، ئاياغلارنى يۇقارى ئاسىپ، تاپانىغا سىغ سانچىپ، قان چىقارىپ قانىنى شورادى. ئاندىن كەيىن يەنە ماختۇمسۇلانى بوشاتىپ قويۇپ: «سەن مەنى كىشىگە ئايتماغىل، مەگەر ئەيتساڭ مىلىڭ جانىڭنىڭ بىرى ئىلكىمدىن قۇتۇلماس» دەپ چىقىپ كەتتى.

ماختۇمسۇلا قورقۇپ دەم ئۇرمادى، كۆپ يىغلادى. قارىنداشى چىن تۆمۈر بەھادۇرنىڭ يولىغا قارار ئەردى. ئاكام قاچان كەلىپ، بۇ دىۋەدىن مەنى ئاجراتىپ ئالۇر دەپ يىغلار ئىدى. قىزارا، يەتە كۇندۇز-كېچە بولدى، شۇل دىۋە يەنە كەلىپ مەزكۇر گۆش، تەئاملارنى يەپ، ماختۇمسۇلانى ئاسىپ قانىنى شوراپ، يەنە سەھەر بولغاندا دىۋە چىقىپ كەتتى.

.هاسىلى كەلام، ھەر كۇندە ماختۇمسۇلا ئاكام چىن تۆمۈر باتۇر كېلەدۇر دەپ بىر قازانغا ئەت سالىپ، پۇشۇرۇپ تەييار قىلغاندا دىۋە كەلىپ يەپ، ماختۇمسۇلاغا بىدادلىغلار قىلىپ كەتەر ئەردى. ماختۇمسۇلانىڭ بەدەنىدە زەررە قان قالمادى. سارغارىپ زەئىفراندەك بولدى. ئالتە كۇن پەدەرپە دىۋە كەلىپ، ھەر كۇندە بىدادلىغلار قىلۇر ئەردى. ئالتە كۇنغەچە ماختۇمسۇلانىڭ ماغدۇرى قالماي ئازفى يىقىلغۇدەك بولدى. يەتىنچى كۇنى چىن تۆمۈر باتۇر شىكاردىن سەلامەت كەلدى. ئۆيىگە كىردى، سىڭلىسى ماختۇمسۇلانى كۆردى. بىر يىل كەسەل بولغاندەك ئورۇغلاپ، قىزىلگۈلدەك چىرايى زەئىفراندەك سارغارىبتۇر. چىن تۆمۈر باتۇر سىڭلىسىنى بۇ ھالدا كۆرۇپ ھەيران بولۇپ سۇرادىكىم: «ئەي قارىنداشىم، بۇ ئالتە كۇننىڭ ئىچىندە مۇنچە ئورۇغلاپ سارغارىبدۇرسەن، نەمە بولدۇڭ، كىمدىن ساڭا زۇلۇم تەئدى يەتتى؟» دەپ سۇرادى. ماختۇمسۇلا يىغلاپ دىۋەنىڭ قىلغان ستەملەرىنى بىر-بىر ئاكاسىغا بەيان قىلدى. چىن تۆمۈر باتۇر دەرغەزەپ بولۇپ، قەسەمىاد قىلىپ ئايدىلاركىم: «مەن شۇل يەتە باشلىق دىۋەنى ئۆلتۇرمەسەم، مەن چىن تۆمۈر باتۇر بولماغايمەن» دەپ ئايتتىكى: «ئەي سىڭلىم، مەنىڭ كەلگەنىمنى ھېچ كىشى بىلمەسۇن، ئەگەر دىۋە كەلىپ مەنى كەلدىمۇ دەپ سۇرىسا، كۇندەكىدەك كەلمەدى دەپ جەۋاب بەرگىل، مەن ئۆزەمنى راست قىلىپ تۇرۇرمەن» دەپ دەرھال ئارغاماق ئاتىنى ئىگەرلەپ ئاغىلغا يوشۇندى. كاف-كاف تايغانىنى ئاتنىڭ يانىغا باغلادى. ئات بىرلە ئىت ھەر ئىكىسى چىن تۆمۈر باتۇر نەمە دىسە شۇنى بىلۇر ئەردى. چىن تۆمۈر بەھادۇر ئات بىرلە ئىتغە ئايدىكىم: «ئەي ۋافادار جانىۋالارىم، ئەگەر دىۋە كەلسە ھېچ ئۈن چىقارماڭلار، بىر نەمە قىلىپ دىۋەنى قولغا تۇشەرەلى» دەپ، ئاندىن چىن تۆمۈر باتۇر يەتە قات سابۇت

كىيدى، باشقا دوبۇلغا كىيىپ، مىسران قىلىچىنى بەلگە
ئاستى، ئىشكىنىڭ ئارقاسىدا ھېچ كىشى بىلمەيدۇرغا
پىنھان جايى بار ئەردى. شۇل يەرگە كىرىپ، مىسران قى-
لىچىنى يالاڭلاپ تەييار بولۇپ تۇرغان ۋاقتىدا يەنە دىۋە
ماما كەمپىر سۇرەتىدە بولۇپ، ئىشكىنىڭ تۈۋىگە كەلىپ
ئەردى، دىۋەنىڭ يۈرەكى سالدى، قورقۇنچ پەيدا
بولدى. دىۋە خىيال قىلدىكىم: «مەن بۇندا ئالتە كۈن پە-
دەرپە كەلدىم، يۈرەكىم سالىپ قورقماپ ئەردىم. بۈگۈن
يۈرەكىم سالدى ۋە ھەم قورقۇنچ پەيدا بولدى. مەگەر
چىن تۆمۈر باتۇر كەلگەنگە ئوخشايدۇر، ئاھستە يانىپ
كىتەي» دەپ ئارقاسىغا يانىپ، بەش-ئون قەدەم ئارقا-
سىغا يانىپ ئەردى، نەفسى قويمادى. يەنە يانىپ خىيالىغا
كەچتىكى: «ئول بىر نەۋبەت سۇراپ باقاي، مەگەر
كەلگەن بولسە، ئاندىن يانىپ كەتەي. ئەگەر كەلمەگەن
بولسە تەييار ئاشنى تاشلاپ كەتمەي» دەپ ئىشكدە
تۇرۇپ ئەيتادۇركى:

چىن تۆمۈر باتۇر ئۆيدە بارمۇ؟
ئارغاماق ئاتى ئوقۇردا بارمۇ؟
مىسران قىلىچى قازۇقدا بارمۇ؟
كاف-كاف كۈچۈكى ئىشكدە بارمۇ؟

دەپ سۇرادى. ماختۇمسۇلا جەۋاب بەردىكىم ۋە
ئەيتادۇركىم:

چىن تۆمۈر باتۇر ئۆيدە يوقتۇر،
ئارغاماق ئاتى ئوقۇردا يوقتۇر،
مىسران قىلىچى قازۇقدا يوقتۇر،
كاف-كاف كۈچۈكى ئىشكدە يوقتۇر.

دەپ ئەردى. دىۋەنىڭ يۈرەكى توختاپ، ھەر باشى-
دىن تۈرلۈك-تۈرلۈك سەدالار چىقارىپ، ھەۋا گۈركۈرە-
گەندەك كىرىپ كەلدى. لېكىن ئىچكەركى ئۆيگە كىرمە-
دى. يەتە باشلىغ يەل مۆڭگۈز ئايتتىكىم: «ئەي ماختۇمە-
سۇلا، ئاكاڭ چىن تۆمۈر باتۇر كەلگەنگە ئوخشايدۇر، ئۆ-
يۈڭدە ئادەمنىڭ بۇيى كېلەدۇر» دېدى. ماختۇمسۇلا
ئايددى: «ئاكام چىن تۆمۈر باتۇر كەلمەدى، ئەگەر
كەلسە، ئارغاماق ئاتى ئوقۇردا بولماسمۇدى، مىسران قى-
لىچى قازۇقدا بولماسمۇدى، كاف-كاف كۈچۈكى ئىشكدە
بولماسمۇدى» دېدى. دىۋە ئايددى: «سەن يالغان ئەيتا-
دۇرسەن، ئاكاڭ چىن تۆمۈر باتۇر تەھقىق كەلگەنگە
ئوخشايدۇر، ئادەم بۇيى ئۆي ئىچىدىن كېلەدۇر. مەگەر
ئاكاڭ ئۆيۈڭدە بىر يەدە بارغا ئوخشايدۇر، مەنىڭ قەس-
تىمدە يوشۇنۇپ تۇرۇر» دېدى. ماختۇمسۇلا ئايددى:
«بۇ كۈن ئاكامنىڭ كۆڭلەك، تامبالىنى يۇپ، سۇيىنى
ئۆيگە تۆكۈپ ئەردىم، شۇنىڭ بۇيىدۇر» دېدى. بۇ
سۆزنى ئاڭلاپ يەتە باشلىق يەل مۆڭگۈزنىڭ يۈرەكى
توختاپ ئىلگەرى كىرىشگە، نەرە تارتىپ ئىشكنى
تۈشۈپ، بىر قىلىچ دىۋىگە سالدى. دىۋەنىڭ بىر باشى
ئۈزۈلۈپ يەرگە تۈشتى، دىۋە ئاھ ئۇردى ۋە ئايددى:
«ئەي چىن تۆمۈر باتۇر، بىر باشىم ئالدىڭ، قالغان ئالتە
باشىمغا نەچۈك جەۋاب بەرۇرسەن» دەپ دىۋە ھەم
قەھرى بىرلە ئۇرۇشتى. بىر كەچە-كۈندۈز ئۇرۇشتى.
چىن تۆمۈر باتۇر يەنە بىر قىلىچ سالىپ، يەنە بىر باشىنى
كەسىپ يەرگە تۈشۈردى. دىۋە سەراسىمە بولدى. ئۆيدىن
چىقارنىڭ ئىلاجىنى تاپالماي يەنە چىن تۆمۈر باتۇرغا ئا-
سىلدى. يەنە بىر كەچە-كۈندۈز بىر-بىرسى بىرلەن چا-
لىشتى، چىن تۆمۈر باتۇر يەنە بىر باشىنى چاپىپ يەرگە
تۈشۈردى. دىۋە ئۈچ باشىدىن ئايرىلدى، دىۋە غەزەپ
بىرلەن تۇتۇشتى. يەنە بىر قىلىنچ بىرلە بىر باشىنى تو-
شۇردى، دىۋە ھەر تەرەپكە قاچار ئەردى. چىن تۆمۈر
باتۇر ئۆي ئىچىندە دىۋەنى قوغلاپ يۈرۈپ يەنە بىر
قىلىنچ سالدى. دىۋەنىڭ بەشىنچى باشىنى تۈشۈردى.
دىۋە ئاجىز بولدى، كۆزلەرى پىيالەدەك بولدى،
ئىشكدىن قاچىپ چىقاي دېسە، ماختۇمسالا قىلىنچ چاپىپ
چىقارمايدۇر. ئاڭاغەچە، چىن تۆمۈر باتۇر يەنە بىر
چاپتى، ئالتىنچى باشى يەرگە ئۈزۈلۈپ تۈشتى. دىۋەنىڭ
يەل مۆڭگۈزى بار بىر باشى قالدى. دىۋە جان ئاچىغى-
دىن ئۆينىڭ تۈڭلۈكىدىن قاچىپ چىقتى، ئاۋاز قىلدى:
«ئەي ماختۇمسۇلا، مەن سەنى جۇمۇ، مەن سەنى جۇمۇ،
مەن سەنى جۇمۇ» دەپ قاچىپ كەتتى. چىن تۆمۈر باتۇر
ئاتىغا مىنىپ ئارقاسىدىن قوغلاپ يۈردى. ماختۇمسۇلا
كاف-كاف كۈچۈكەينى يازىپ قويۇبەردى. ئاڭاغەچە،
چىن تۆمۈر باتۇر دىۋەگە يەتىشتى. دىۋە نائىلاج بولۇپ،
چىن تۆمۈر باتۇرنى تۇتتى. ھەر ئىكىسى كەچ كىرگۈنچە
بىر-بىرىنى تۇتۇپ چالىشتى. ئاڭاغەچە، كاف-كاف كۈچۈ-
كى يەتىپ بارىپ دىۋەنىڭ لاياقەسىدىن تىشلەپ تارتتى.
دىۋەنىڭ قۇۋۋەتى قالماي يىقىلدى، ئىت دىۋەنى تالاپ-
تىشلەپ ئۆلتۈردى. چىن تۆمۈر باتۇر شاد-خورام بولۇپ
دىۋەنىڭ باشىنى ئالىپ ئۆيىگە كەلدى. ماختۇمسۇلا دىۋە-

نىڭ ئۆلگەننى ئەشتىپ شاد-خۇرام بولدى، نەچەند كۈنلەر ئەيش-ئىشرەتدە بولدى.

چىن تۆمۈر باتۇرنىڭ سىڭلىسى ماختۇمسۇلا ناھايىتى چىرايلىق رەئنا ئەردى. ئاق يۈزلۈك ۋە ئاھۇ كۆزلۈك ۋە شىرىن سۆزلۈك، سۇنبۇل ساچلىق، قارا قاشلىغ، مۇرجە مەيان، فىستە دەھان، نازۇك بەدەن ۋە سىم تەن ئەردى. ھەر كىشى بىر نەۋبەت كۆرسە، نەچەند كۈنغەچە ئەقلى-ھوشنى بىلمەي، ئاش-ناندىن قالۇر ئەردى.

كۈنلەردە بىر كۈن چىن تۆمۈر باتۇرغا يەنە بىكار يۈرۈپ خەپالىغ يەتتى. يەنە ئادەتى قەدىمى بىرلە شىكارنىڭ خۇمارى تۇتتى. سىڭلىسىگە ئايتتىكى: «ئەي سىڭلىم ماختۇمسۇلا، مەن شىكارغا بارۇرمەن، سەن ئۆيدىن تالاغا چىقماغايسەن ۋە ئارىقنىڭ بويىدا يول ئۇستىدە باشىڭنى تاراماغايسەن» دەپ نەچەند ۋەسىيەتلەر قىلدى، ماختۇمسۇلا ھەم بەجاندىل قەبۇل قىلدى. بەس، چىن تۆمۈر باتۇر نەچەند كۈن جابدۇق قىلىپ سىڭلىسى بىرلەن خوشلاشىپ شىكارغا كەتتى. ماختۇمسۇلا ئۆيگە كىردى، تالاغا چىقماس ئەردى. نەچەنچ كۈن ئۆتتى. ئۆيدىن تالاغا چىقمادى. بىر كۈنى ماختۇمسۇلا تالاغا چىقتى. ئىشكىنىڭ ئالدىدا ئارىقدا سۇ ئاقار ئەردى. ماختۇمسۇلا ئارىق بويىدە ئولتۇرۇپ ساچىنى يۇدى، باشىنى تارادى. ساچى نەھايەتى ئۇزۇن ئەردى. نەچەند تال ساچى سۇغا تۈشدى. ئاقا-ئاقا قالماقلارنىڭ پادەشاھىنىڭ ئوردىسىنىڭ ئالدىداكى كۆلغە تۈستى. قەزارا، شۇل كۈنى قالماقلار پادەشاھىنىڭ ئوغلى كۆل بويىدا ئولتۇرۇپ قولىنى يۇيۇر ئەردى. ماختۇمسۇلانىڭ ساچى بۇ شاھزادەنىڭ ئىلكىگە چىقتى. ئانى ئالىپ باقسا ئەجەب ئۇزۇن سۇنبۇلدەك ساچدۇر. شاھزادە مۇغ نەۋكەرلەرىدىن سۇرادىكىم: «بۇ نەچۈك قىل تۇرۇركىم، مۇنچە ئۇزۇن قىلدۇر. بۇ ئاتنىڭ قۇيرۇغىدۇرمۇ ۋە يا بىرمەھبۇبنىڭ ساچىدۇرمۇ؟» دىدى. نەۋكەرلەرى ئايدىلەر: «ئەي شاھزادە، بۇ ساچ ماختۇمسۇلا دىگەن مەھبۇبنىڭ ساچىدۇر. ئانىڭ بىر ئاكاسى باردۇر چىن تۆمۈر دەپ، ئانىڭ بەرابەرىدە بۇ ئىقلىملاردا بىر ئەر يوق تۇرۇر» دىدى. بۇ شاھزادە ماختۇمسۇلانى كۆرمەي ئاشىق بولدى. دەرھال قول ئاستىداكى بەگلەرنى، لاما، زەنگىلەرنى يىغدى، لەشكەر بىرلەن ئاتلانىپ، چىن تۆمۈر بەھاتۇرنىڭ سارايىنى قورشاپ ئالدى. بۇ خەبەرنى ماختۇمسۇلا ئاڭلاپ، نائىلاج ئۆگزە باشىغا چىقتى ۋە ئايدىكىم: «ئەي لاما، زەنگىلەر، بۇ نەچۈك بىدادلىغلاردۇركى، مەن ئاجىزەغە قىلادۇرسىزلەر، ئاكام چىن تۆمۈر باتۇر كەلسە نەچۈك جەۋاب بەرۇرسىزلەر» دىدى. لاما، زەنگىلەر ۋە قالماقلار شاھى ماختۇمسۇلانى كۆردى، جان دىلى بىرلەن ئاشىق بولدى ۋە ئايدىكىم: «ئەي رەئنا، ئۆزۈڭنى ماڭا قەبۇل قىلساڭ خوبدۇر، بولماسا زور بىرلەن ئالۇرمەن» دىدى. ماختۇمسۇلا بىلدىكىم، بۇلار ئالماي ياماس، نائىلاج ئۆيدىن چىقىپ، يەككە-يالغۇز قالماق بىرلەن سوقۇشتى. ئاجىز كىشى نە قىلسۇن، سەۋسەت بولدى، قالماقلار تۇتتى، ئالىپ كەتتى. چىن تۆمۈر باتۇرغا خەبەر قىلدى. ماختۇمسۇلانىڭ بەندىكە تۈشكەننى ئىشتتى، شىكاردىن ياندى، كەلىپ قالماقلار شاھىغا نامە ئىبەردى. مۇلايىم سۆزلەرنى قىلدى، قاسىد نامەنى قالماقلار شاھىغا يەتكۈزدى. شاھ نامەنى پارە-پارە قىلدى ۋە ئايدىكىم: «مەن چىن تۆمۈردىن كام ئەمەسدۇرمەن، بارىپ ئەيتقىل، قولىدىن نە كەلسە شۇنى قىلسۇن» دىدى. قاسىد كەلىپ چىن تۆمۈر باتۇرغا بىر-بىر بەيان قىلدى. چىن تۆمۈر باتۇر دەرغەزەپ بولدى، ئاتلانىپ مەيدانغا كەلدى. قالماقلار ھەم سەپ ئارەستە قىلدى. چىن تۆمۈر باتۇر مەيداندا تۇرۇپ، نەرە تارتىپ ئايدىكىم: «كىمكى ئۆلۈم ئارزۇسى بولسە، مەنىڭ مەيدانىمغا كەلسۇن!» دىدى. قالماقلار چىن تۆمۈر باتۇردىن قورقۇپ مەيدانغا كىرمەدى. چىن تۆمۈر باتۇر قالماقلار ئەسكەرىگە ئات سالىپ، 50-60 قالماقنى ئۆلتۈردى. قالماقلار بىر يولى ئات سالدى، بولدى جەڭ مەغلۇبە، تا كەچ كىرگۈنچە جەڭ قىلدى. چىن تۆمۈر باتۇرنىڭ بەدەنىگە نەچەند يەرگە زەخمەدار بولدى، تاڭلاسى يەنە سوقۇشتى. شۇبۇ تەرىقەدە ئۈچ كەچە-كۈندۈز سوقۇشتى. قالماقلارنىڭ ئەسكەرى قۇم-تۇفراقدىن تولا يىغىلىپ كەلدى. چىن تۆمۈر باتۇر كۆردىكىم، يالغۇز مۇنچە نۇرغۇن قالماق بىرلەن ئۇرۇشۇپ بىر تەرەپ قىلمۇرنىڭ ئورنى يوقدۇر. نائىلاج بولۇپ، ئۆز يۇرتىغا ياندى. قالماقلار ماختۇمسۇلانى ئۆز يۇرتىغە ئالىپ كەتتى. چىن تۆمۈر باتۇر نەچەند تەۋبەت كەلىپ قالماقلار بىرلەن سوقۇشتى. بولمادى. ئاخىرى ئۈمىدىنى ئۈزۈپ كەچە-كۈندۈز يىغلار ئەردى. چىن تۆمۈر باتۇرنىڭ تىۋە،

ئات، كالا، قويلارى ئەدەدىدىن تاشقارى ئەردى. تۆۋەلەرنى تۆۋەچىگە تاپشۇردى، ئاتلارنى يىلقىچىگە تاپشۇردى، كالالارنى پادەبانغا تاپشۇردى، قويلارنى قويچىغا تاپشۇردى، ئۆزى خىلۋەتغە كىرىپ، كەچە-كۈندۈز يىغلا-يىغلا كۆزى كۆرمەس بولدى.

ئەمدى سۆزنى ماختۇمسۇلادىن ئىشتمەك كەرەك.

ماختۇمسۇلانى قالماق پادىشاھنىڭ ئوغلى 40 كۈن توي-تاماشا قىلىپ ئالدى، ئىككى ئوغۇل تاپتى. ماختۇمسۇلا قاچارنى خەيال قىلۇر ئەردى. كەچە-كۈندۈز ساقچىلار ماختۇمسۇلانى ساقلار ئەردى. بۇ رەۋىشتە نەچە يىل ئۆتتى، ھېچ قاچادۇرغاننىڭ ئىلاجىنى قىلالمادى. بىر كۈن ماختۇمسۇلا بەتەمام قالماقلارغا ئاراق ئىچۈردى. بارچە قالماقلار مەست، مەدھوش بولدى، خۇدىنى بىلمەدى. ماختۇمسۇلا قارا يال قۇلا ئاتنى مىنىپ، بىر مۇنچە ئوزۇق ئالىپ قاچتى، ئۈچ كەچە-كۈندۈز تىنماي يۈردى. ئارادا دەريا بار ئىدى. دەريادىن ئۆتۈپ تۇرار ئەردى، قالماقلار قوغلاپ يەتىپ كەلىپ، دەريادىن ئۆتەلمەدى. قالماقلار ماختۇمسۇلاغا يالبارىپ ئەيتادۇركى: «ئەي ماختۇمسۇلا، ئىككى بالاڭنى يەتىم قىلما، يانغىل، دەريانىڭ بۇ تەرەپىگە يانىپ ئۆتكىل» دېدى. ماختۇمسۇلا ئايتۇر: «چوڭ بالامنى دەريا تاشلاڭلار، بالامنىڭ پىراقىغا چىدىماي ئۆتەرمەن» دېدى قالماقلار چوڭ ئوغلىنى دەرياغا تاشلادى، ماختۇمسۇلا پەرۋا قىلمادى. قالماقلار ئايدىدى: «ماختۇمسۇلا كىچىك ئوغلىغا تولا مېھرىباندۇر. ئانى دەرياغا تاشلاساق تۇتۇپ ئالامەن دەپ دەرياغا كىرەر، بىزلەر ماختۇمسۇلانى تۇتارمىز» دېدى. كىچىك ئوغلىنى ھەم دەرياغا تاشلادى. ماختۇمسۇلا كۆردى، ئىككى ئوغلى دەرياغا غەرق بولۇپ ئۆلدى. ماختۇمسۇلا ئاتىغا بىر قامچى ئۇردى، چىن تۆمۈر باتۇرنىڭ شەھەرى تەرەپىگە يۈردى بەردى. قالماقلار دەريادىن ئۆتەلمەي يانىپ كەتتى. ماختۇمسۇلا يۈرۈپ بىر نۇرغۇن تۆۋەلەرگە يەتىپ كەلىپ تۆۋەچىلەردىن سورادى: «بۇ كىمنىڭ تۆۋەلەردۇر؟» دەپ. تۆۋەچىلەر ئايدىدى: «بۇ چىن تۆمۈر قارۇغۇنىڭ تۆۋەسىدۇر» دېدى. ماختۇمسۇلا سورادى: «چىن تۆمۈر بەھادۇر ئەردى، نەمە بولۇپ قارۇغۇ بولدى؟» دېدى. بۇلار ئايدىدى: «بىر سىڭلىسنى قالماقلار ئالىپ كەتكەن، شۇل سىڭلىسىنىڭ دەرد-پىراقىدا يىغلاپ يۈرۈپ قارۇغۇ بولۇپ قالغاندۇر» دېدى. ماختۇمسۇلا ئايدىدى: «ھېلى قاندادۇر؟» دېدى. تۆۋەچىلەر ئايدىدى: «بىلمەيمىز قايدا ۋە قايدا ئەمەس» دېدى. ماختۇمسۇلا ئاندىن ئۆتۈپ يىلقىچىلارغا يولۇقتى، بۇلار ھەم شۇل جەۋابنى ئايتتى. ماختۇمسۇلا پادىچى، قويچىلارغا ئۇچراپ بۇ جەۋابلارنى ئىشتىپ تولا يىغلادى. ماختۇمسۇلا ھەر يەرگە بارسا، چىن تۆمۈر باتۇرنى سورار ئەردى، خەبەرىنى ئىشتمەس ئەردى. ماختۇمسۇلا دايىم يىغلار ئەردى. ئاخىرى بىر خاتۇن يولۇقتى، ئاندىن ئاكاسىنىڭ خەبەرىنى سورادى. ئول خاتۇن ئايدىدى: «چىن تۆمۈر باتۇرنى ئالتۇن ئاراشالىڭ دېگەن يەرگە ئاتام ئالىپ كەتكەن» دەپ خەبەر بەردى. ماختۇمسۇلا ئول يەرنى بىلۇر ئەردى، ئول خاتۇنغا ئايدىدى: «ئەي قارىنداش، نە بولۇر، سەن بارىپ چىن تۆمۈر باتۇرغا مەنىڭ خەبەرىمنى ئەيتسالىڭ، ساڭا چىن تۆمۈر باتۇر كۆپ-كۆپ ماللار بەرۇر» دېدى. بۇ خاتۇن ئايدىدى: «سەن كىم بولدۇڭ؟» دېدى. بۇ ئايدىدى: «مەن چىن تۆمۈر بەھادۇرنىڭ سىڭلىسى ماختۇمسۇلادۇرمەن» دېدى. بىر ئالما بەردى ۋە ئايدىدىكىم: «چىن تۆمۈر باتۇر سەنىڭ سۆزۈڭگە ئىنانماسا، بۇ ئالمانى كۆزىگە سۈرسەڭ كۆزى ئاچىلۇر» دېدى. بۇ خاتۇن ئالمانى ئالىپ يولغا رەۋان بولدى. چىن تۆمۈر باتۇرغا باردى. ماختۇمسۇلانىڭ خەبەرىنى ئايتتى. چىن تۆمۈر باتۇر باۋەر قىلمادى. بۇ خاتۇن ئالمانى قولىغا ئالىپ: ئالماتۇنىڭ ئالماسى، ماختۇمسۇلانىڭ خالتاسى، ماختۇمسۇلا بولماسا، قالدىن كىلۇر بۇ خالتەسى» دەپ ئالمانى چىن تۆمۈر باتۇرنىڭ كۆزىگە سۈردى، كۆزى ئاچىلدى. بۇ خاتۇنغا كۆپ ئىنئاملار قىلدى. چىن تۆمۈر باتۇر تېز بۇ خاتۇن بىرلەن ماختۇمسۇلانىڭ قاشىغا كەلىپ، بىر-بىرىنى كۆرۈپ يىغلاشتى، ھال-ئەھۋال سوراشتى. ئۆيىگە كەلىپ تۆۋە، ئات، كالا، قويلارنى يىغىپ دەپتەرگە ئالىپ، ئاندىن تۆۋەنى تۆۋەچىگە، ئاتنى، كالانى يىلقىچىگە، قويلارنى قويچىغا تاپشۇرۇپ، ئۆزلەرى دايىم شاد-خۇرام، ئەيش-ئىشرەت يۈرۈپ ئۆمۈر كەچۈردى.

تەييارلىغۇچى: مۇختار مۇھەممەد



# خاتۇشا (خىتتىم شەھىرى)



## مۇستەبىت خىتتىم ئىمپېرىيە پايتەختى

### ھىندى ـ ياۋروپا تىلىنىڭ باشلىنىش مەنبەسى

خىتتىم شىنا يېزىنىڭ مەخپىي سىرى يېشىلىشى بىلەن
3000 يىلدىن كۆپرەك چاڭ ـ توزان ئاستىدا كۆمۈلۈپ
قالغان خاتۇشانىڭ سىرلىق چىرايى ئاستا ـ ئاستا كىشىلەر
ئالدىدا روشەن نامايان بولدى.

خاتۇشا (بوغازكوي)دىن قېزىۋېلىنغان شىنا يېزىقىدى ـ
كى ماتېرىياللارنى ئوقۇپ چۈشىنىش مۇۋەپپەقىيەتلىك
بولغاندىن كېيىن، بىر يېڭى ئىلىم قاتارىغا قويۇلدى. يەنى —
خىتتىم ئىلمىنىڭ ئاساسىي ئۇلى قۇرۇلدى. يىراق قەدىمدىن
تاكى مىلادىدىن ئىلگىرىكى 1000 ـ يىللاردىن باشلانغان
كىچىك ئاسىيا (تۈركىيەنىڭ ئاسىيا قىسمى)دىكى ئاھالىلەر ـ
نىڭ تارىخى، مەدەنىيىتى ۋە تىلى، خىتتىم ئىلمىنىڭ ئاساس ـ
لىق تەتقىقات ئوبيېكتى قىلىنغانىدى.

بىز ئالدىدا چېخ ئالىمى رۇئازنىينىڭ 1915 ـ يىلى
شىنا يېزىقىدىكى خىتتىم تىلىنى يېشىپ، چۈشەندۈرۈپ مۇ ـ
ۋەپپەقىيەت قازانغانلىقى ھەققىدە توختىلىپ ئۆتكەن.
ئۇنىڭ بايانىدا، خىتتىم تىلى ئوتتۇرا شەرق تىلىنىڭ بىر
شېخى بولماستىن، بەلكى ياۋروپا قىتئەسى ۋە ھىندىستاندا
پەيدا بولغان ئاسىيا ـ ياۋروپا تىل سىستېمىسىغا باغلىنىشلىق
ھىندى ـ ياۋروپا تىلىدۇر، دەپ كۆرسىتىلگەن.

ھازىرقى زامان كىشىلىرىمىز، شۇ دەۋردىن باشلان ـ
غان خىتتىم مەدەنىيىتى ۋە خىتتىملىقلارنىڭ پايتەختى خاتۇشا
شەھىرى (بوغاز كوي)نى ھەققىي تونۇپ يەتكەن بولسى ـ
مۇ، بىراق يەنىلا خىتتىم تارىخىنىڭ بىر قىسمىنى پەقەت
چۈشىنەلمەيۋاتاتتى. چۈنكى، بۇنىڭدا ئوخشاشلا خىتتىم
تەسۋىرىي يېزىقىدىكى، سىپىرلاشقان نۇسخىلار ئۆز ئىچى ـ
گە ئېلىنغانىدى. 19 ـ ئەسىرنىڭ 80 ـ يىللىرىنىڭ ئاخىرىدا
ئالىم ئاكادىبېرد ئالتە دانە تەسۋىرىي يېزىقتىكى سىپىرلارنى
تەرجىمە قىلدى. ئۇنىڭ ئىچىدە ئۇ شۇ ۋاقىتتا ئۇچراتقان
بىر دانە كۈمۈش تامغىدىكى، قوش تىل بىلەن ئويۇلغان

سىپىرلارمۇ بار. تامغا خىتىم تەسۋىرىي يېزىقى ۋە بىر خىل
بىلگىلى بولمايدىغان خۇرىيان شىۋىسىدىكى شىنا يېزىقى
بىلەن ئويۇلغانىدى. 1946-يىلى بۇ يېشىلمىگەن سىردا يې-
ڭىدىن بۆسۈش بولدى. ئىستانبۇل ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى بىر
پىروفېسسور تۈركىيەنىڭ جەنۇبىدىكى يېڭى خىتىم خارابە-
لىكىدىكى ئوخشاش ئىككى ئىشىكنىڭ، ئىككى يان تەرىپى-
دە خەت ئويۇلغان تاختا بارلىقىنى بايقىغان. ھەر بىر ئى-
شىكنىڭ ئوڭ تەرىپىدىكى زىننەتلەنگەن تاختىغا خىتىم
تەسۋىرىي يېزىقى، سول تەرىپىدىكىسىگە ئوقۇپ چۈشەن-
گىلى بولىدىغان، سېمىتىك يېزىقىدىكى فىنىكىيە تىل-يېزى-
قى ئويۇلغان بولۇپ، ھەر بىر تاشقا ئويۇلغان تېكىست
مەزمۇنىنىڭ ئۇزۇن-قىسقىلىقى ئوخشاش ئىدى. شۇڭا ئا-
لىملار دەل ئاشۇ ئۇزۇن ئويما يېزىق تېكىستلەردىن پايد-
ىلىنىپ، خىتىم تەسۋىرىي يېزىقىنىڭ مەنىسىنى ۋە گراما-
كىسىنى شەرھلەپ چىقالىدى. شۇنداق قىلىپ تارىخشۇناس-
لارنىڭ ئاخىر خىتىم خاندانلىقىغا كىرىدىغان ئاچقۇچى بار
بولدى. كۆپ يىللاردىن بېرى خىتىم تىلىنى قانداق
ئوقۇپ چۈشىنىش، كۆپلىگەن تىل مۇتەخەسسىسلىرىنى
گاڭگىرىتىپ قويغان بىر قىيىن مەسىلە ئىدى. مانا ئەمدى
بۇ مەسىلىدىن كېيىن، يەنە بىر يېشىش قىيىن بولغان سىر
ئۇلىشىپ كەلدى.

ئەگەر خىتىملىقلار ھەقىقەتەن ھىندى-ياۋروپا تىلىدا
سۆزلەشكەن بولسا ۋە يەنە ھىندى-ياۋروپا تىلىنىڭ مەنبە-
سى ئانادولو ئېگىزلىكىدە بولسا، ئۇنداقتا ھىندى-ياۋروپا
تىلىنىڭ ئەسلىي مەنبەسى زادى قەيەردە، قاچان بارلىققا
كەلگەن؟ بۇنىڭغا يەنە خىتىملىقلارنىڭ ئۇرۇق مەنبەسىنى-
مۇ قوشۇپ سۈرۈشتۈرگەندە، ئۇلار قاچان، قەيەردىن،
قايسى دەۋردە كۆچۈپ كەلگەن؟ دېگەندەك بىر قاتار
مەسىلىلەر ئۇلىشىپ كەلدى. بۇ مەسىلە ئارخېئولوگىيەلىك
تەكشۈرۈش ساھەسىدىكىلەرنى داۋاملىق قايمۇقتۇرۇپ، تا
بۈگۈنگە قەدەر ھۆكۈم چىقىرالمىغان مەسىلىدۇر.

خىتىم مىللىتىنىڭ بارلىققا كېلىشى توغرىسىدا مۇنداق
قاراشلار بار: بەزىلەر ئېيتىدۇ، ئۇلار قارا دېڭىزنىڭ غەر-
بىدىن كەلگەن دېسە، يەنە بەزىلەر، ئۇلار ئەسلىدىنلا ئانا-
دولونىڭ شەرقىي شىمال تەرىپىدە ئولتۇراقلاشقان دەيدۇ.

ھىندى-ياۋروپا تىلىغا ئائىت قاراشلاردا بولسا، بە-
زىلەر ھىندى-ياۋروپا تىل سىستېمىسىنىڭ كېلىپ چىقىشى،
ئاتلانتىك ئوكياندىن باشلاپ جۇڭگودىكى غەربىي يۇرتقى-
چە دەپ قارايدۇ. بىراق باشقىلار بۇ قاراشنى ئىنكار قى-
لىشتا چىڭ تۇرۇپ، تارىختىن بۇرۇنقى تىل ھەقىقەتەن ئىن-
تايىن كەڭ بولغاچقا، ھەرقانداق يەككە تىل ئۆزى ساقلى-
نىپ كەلگەن رايون دائىرىسىدىن زور دەرىجىدە ھالقىپ
كەتكەن دەپ قارايدۇ.

يەنە بەزىلەرنىڭ قارىشىچە، ھىندى-ياۋروپا تىل
سىستېمىسىدىكى تىللارنىڭ بارلىققا كەلگەن جايى، جەنۇ-
بىي قۇتۇپتىن شىمالىي قۇتۇپقىچە؛ ئاتلانتىك ئوكياندىن
تاكى تىنچ ئوكيانغىچە بولغان كەڭ زېمىندا دەپ قارايدۇ.

نۆۋەتتە مۇھاكىمە ئېلىپ بېرىلىۋاتقان ھىندى-ياۋرو-
پا تىللىرىنىڭ باشلىنىش مەنبەسى مۇنداق ئۈچ خىل ئىس-
خېمىغا بۆلۈنگەن: بىرىنچى خىل ئىزاھاتتا، ئەڭ دەسلەپكى



هىندى- ياۋروپا تىلى بەلكىم يېڭى تاش قوراللار دەۋرىدىن بۇرۇن ياكى كونا تاش قوراللار دەۋرىدە ۋە ياكى ئوتتۇرا تاش قوراللار دەۋرىدە بارلىققا كەلگەن بولۇپ، ئېھتىمال ياۋروپا- ئاسىيا چوڭ قۇرۇقلۇقىدىكى كەڭ رايوننى توغرىسىغا كېسىپ ئۆتكەن بولۇشى مۇمكىن دەپ ئىزاھلايدۇ؛ ئىككىنچى خىل ئىزاھاتتا بولسا، بۇ ئىزاھاتنى پەقەتلا قوبۇل قىلغىلى بولمايدۇ، چۈنكى بىز پەرەز قىلغان ئاشۇ ئەڭ دەسلەپكى تىلدىن، يېڭى تاش قوراللار دەۋرىگە تەۋە ئورتاق سۆزلۈك بايقالمىغان، تېخىمۇ ئېنىق قىلىپ ئېيتقاندا، بۇ يېڭى تاش قوراللار دەۋرىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدىكى سۆزلۈك دەپ ئىزاھلايدۇ. ئۈچىنچى بىر خىل ئىزاھلاشتا، هىندى- ياۋروپا تىل سىستېمىسىدىكى تىللار دېھقانچىلىقنىڭ ئومۇملىشىشىغا ئەگىشىپ كېڭەيگەن. يەنە شۇنداق دېيىشكىمۇ بولىدۇكى، هىندى- ياۋروپا تىل سىستېمىسىدىكى تىللار يېڭىچە ئۇسلۇبتا بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى ۋە ئىقتىسادىي ئىگىلىك ئەڭ يۇكسەلگەن ئەھۋال ئاستىدا سىرتقا قاراپ كېڭەيگەن. شۇنىڭ بىلەن هىندى- ياۋروپا تىللىرىدا سۆزلىشىدىغان دېھقانلار ئاستا- ئاستا ياۋروپا قىتئەسىنى ئىگىلىگەن ۋە ئۇلار دەسلەپكى مەزگىلدە، ئاشۇ ئوۋ ئوۋلاپ هايات كەچۈرىدىغان كىشىلەرنىڭ ئورنىنى ئالغان. بۇ ئىسخېمىنى ئوتتۇرىغا قويغان مۇتەخەسسىسلەرنىڭ قارىشىچە، ئەڭ دەسلەپكى هىندى- ياۋروپا تىل سىستېمىسىدىكى تىللار ئانادولونىڭ بوغازكوي ئەتراپىدا پەيدا بولغان.

يەنە بىر خىل قاراشتا، يېڭى تاش قوراللار دەۋرىدىن تاكى بىرونزا دەۋرىگىچە كۆپ سانلىق ياۋروپالىقلار بىلەن غەربىي ئاسىيالىقلار تىلدا مۇھىم ئۆزگىرىشلەر بولغان، مۇتەخەسسىسلەر بۇ خىل نەزەرىيەگە ئاساسلىنىپ، ئەڭ دەسلەپكى هىندى- ياۋروپا تىل سىستېمىسىدىكى تىللار قارا دېڭىز بىلەن كاسپىي دېڭىزىنىڭ شىمالىدىكى يايلاق ۋە ئورمانلىقلاردا بارلىققا كەلگەن هەم بۇ تىللار يىرىم كۆچمەن چارۋىچى ياكى بىر قىسىم توختىماي ئۇ يەردىن- بۇ يەرگە ئات هارۋىلىق كۆچۈپ يۈرىيدىغان تۆراقسىز مىللەتلەر تەرىپىدىن تارقىلىپ تاماملانغان بولۇشى مۇمكىن دەپ قارايدۇ.

ئۇلار ئادەتتە مېيىتنى دەپنە قىلغاندىن كېيىنكى دۆۋىلەپ قويۇلغان توپىنى رۇس تىلىدىكى «كورگان» سۆزى بىلەن ئاتىغاچقا، بۇ خىل نەزەرىيە «كورگان نەزەرىيەسى» دەپ ئاتالغان. بۇ خىل نەزەرىيەگە ئاساسلانغاندا، مىلادىيدىن ئىلگىرىكى 5000 يىلدىن مىلادىيدىن ئىلگىرىكى 3000 يىللار ئەتراپىدا، كۆچمەن ئاھالىلەر يايلاقتىن ئوتتۇرا ياۋروپانىڭ شەرقىي جەنۇب رايونلىرىغا كۆچۈشكە باشلىغان، شۇنداقلا ئاستا- ئاستا يەرلىك مىللەتلەر بىلەن ئاسسىمىلاتسىيە بولۇپ كەتكەن، ئۇلارمۇ هىندى- ياۋروپا تىل سىستېمىسىدىكى تىللارنى قوبۇل قىلىپ ئىشلەتكەن بولۇشى مۇمكىن.

ئۇنداقتا، هىندى- ياۋروپا تىلى زادى قەيەردە، قايسى دەۋردە بارلىققا كەلگەن؟ نۆۋەتتە دائىم هەر خىل مۇنازىرىلەر بولۇۋاتىدۇ، ئەمما بىرلىككە كېلەلمەيۋاتىدۇ. بىراق بىز ئىشىنىمىزكى، ختىملقلارنىڭ پاختەختى خاتۇشانىڭ بايقىلىشى بىلەن بەلكىم بۇ مەسىلىنىڭ يېشىمى يىراق بولمىغان كەلگۈسىدە ئارخېئولوگىيەلىك ئىزدىنىش ئارقىلىق تېپىلغۇسى.

**تەرجىمە قىلغۇچى: مېھرىگۈل قادىر**

(ئاپتور: شىنجاڭ خەلق ئەدەبىيات- سەنئەتچىلەر جەمئىيىتىدىن)

# بىلدۈرگۈ

**هۆرمەتلىك ئوقۇرمەنلەر:**

نەشرىياتىمىز «مىراس» ژۇرنىلىنىڭ 2003 ـ يىللىق سانلىرىدىن 2012 ـ يىللىق سانلىرىغىچە توپلام قىلىپ ئىشلىدۇق.

سېتىۋالغۇچىلارنىڭ بىز بىلەن ئالاقىلىشىشىنى قىزغىن قارشى ئالىمىز، يەككە باھاسى 200 يۈەن.

ئالاقىلاشقۇچى: خۇرسەنئاي مەتمىن Tel: (0991) 4554017

2014



# پوتا باغلاش ئادىتى

## ئەكرەمجان مەترۇسۇل ئۇمدى

ئەنئەنە — بىر مىللەت مەدەنىيىتىدىكى مۇھىم ئالاھىدىلىكتۇر. كىيىم-كېچەك ئەنئەنىسى — بىر مىللەتنىڭ باشقا مىللەتلەردىن ئالاھىدە پەرقلىنىپ تۇرىدىغان روشەن بەلگىلىرىنىڭ بىرىدۇر. ئۇيغۇرلارنىڭ كىيىنىش-ياسىنىش ئەنئەنىسىمۇ قەدىمىي ۋە مول بولۇپ، ئۇيغۇر ئەرلىرىدىكى ئەلمىساقتىن بۇيان داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان پوتا (بەلباغ) باغلاش ئادىتى ئۇيغۇرلارنىڭ مىللىي ئەنئەنىسى، مىللىي ئالاھىدىلىكلىرىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمىدۇر.

پوتا— بۇرۇنلاردا ئادەتتە سىيدام (گۈلسىز) رەختلەردىن تەييارلىنىدىغان بولۇپ، ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن ئىشلەتمەكچى بولغان ئادەم بېلى ئايلاندىسىنىڭ 1.8 ھەسسىسى باراۋىرىدە بولۇپ كەلگەن، ئۇنىڭ خاس ئالاھىدىلىكى پوتا قىش، ياز، كۈز، ئەتىياز پەسىللىرىنىڭ ھەممىسىدىلا باغلاشقا بولىدىغان بولۇپ، ئارىسىغا مۇھىم نەرسىلەرنى، قۇرۇق يېمەكلىكلەرنى تۈگەنچىلىسىمۇ بولىدۇ. ياز كۈنلىرى يەكتەك، قىش كۈنلىرى تون ئۈستىدىن باغلىنىدۇ. تارىخىي مەلۇماتلاردىن ئۇيغۇرلاردا پوتا باغلاش ئادىتىنىڭ خېلى ئۇزاق، قەدىمىي تارىخقا ئىگە ئىكەنلىكىنى بىلەلەيمىز.

«ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرىنىڭ كىيىنىش ئادەتلىرى» دېگەن كىتابتا: «تۇرپان بېزەكلىك مىڭئۆيىدىكى 20- نومۇرلۇق غاردا ساخەۋەتچى ئۇيغۇر خانى ئۇچىسىغا يېڭى ئۇزۇن، كەڭ ئويما ياقىلىق تون كىيگەن، بېلىگە پوتا (بەلباغ) باغلىغان، پۇتىغا ئۆتۈك، بېشىغا نېلۇپەر ياپرىقىغا ئوخشايدىغان كەينى ئېگىز، ئالدى پەس، ئۇچى ئۇچلۇق ئالتۇن تاج كىيگەن» دەپ يېزىلىپ تەپسىلىي تەسۋىرلەنگەن، يەنە تۇرپان، كۇچالاردىن تېپىلغان قول ياز-

مىلاردىمۇ: «خان كىيدىغان توندا ھېچقانداق زىبۇ-
زىننەت يوق، تۈگمىمۇ قادالمىغان، پەشنى جۈپلەپ پوتا
باغلاش ئەنئەنىسى كېيىنكى كۈنلەردە ئۇيغۇرلار ئارىسىدا
باتۇرلۇقنى، قەيسەرلىكنى ئىپادىلەيدىغان كىيىمگە ئايلان-
غان» دەپ خاتىرىلەنگەن.

پوتا باغلاشنى ئۇيغۇر ئەرلىرى غۇرۇر، باتۇرلۇق
بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك دەپ قارايدۇ، خەلقىمىز ئارىسى-
دا ئېغىز ئەدەبىياتىمىزنىڭ ھەرقايسى تۈرلۈك ژانىرلىرىدا
يىگىتنىڭ مەلۇم ئىشلارغا (قىيىنچىلىققا) تەۋەككۇل ۋە
نىيەت قىلىشتا بېلىنى مەھكەم باغلىشى لازىملىقى كۆرسىتىل-
سە، يەنە «بېلى چىڭ ئوغۇل بالا» دېگەندەك ئىبارىلەر
كۆپ ئۇچرايدۇ، «نىگارى ۋەسلىگە يەتكەي، بېلىنى يەش-
مىگەي پالۋان» دېگەندەك ناخشا تېكىستلىرىدىنمۇ مەلۇم
بولغىنىدەك، پوتا باغلاش ئەرلەرنىڭ ئىشەنچىسىنى ئاشۇ-
رۇش، جۈرئەتلىك بولۇش، باتۇر-قورقۇمسىز، يارامىلىق
بولۇشقا سىمۋول قىلىنىدۇ، ساقلىقنى ساقلاش نۇقتىسىدىن
ئېلىپ ئېيتقاندىمۇ، پوتا باغلاشنىڭ بەلنى ئىسسىق تۇتۇپ،
بۆرەكنى ۋە ئىچكى ئەزالارنى ئالاھىدە ئاسراش رولى
بار، ھەممەيلەنگە مەلۇم بولغىنىدەك ئادەم بەدىنىدىكى
«رەئىس» ئەزا بولغان بۆرەكنى ئاسرىغانلىق دەل ساغ-
لاملىقنى ئاسرىغانلىق، ھاياتنى قەدىرلىگەنلىكتۇر، پوتا باغ-
لاشنىڭ يەنە ئەرلەردىكى سېمىزلىك، قورساق سېلىش ۋە
شۇنىڭغا ئەگىشىپ كېلىدىغان ئەگەشمە كېسەللىكلەرنىڭ
پەيدا بولۇشىنىڭمۇ روشەن دەرىجىدە ئالدىنى ئېلىش،
داۋالاش رولى بار.

دېمەك، ئۇيغۇر ئەرلىرى ئەزەلدىن بېلىگە پوتا
(بەلباغ) باغلاشنى ناھايىتى ياخشى كۆرىدۇ ھەمدە ئۇنى
ئەرلەرگە خاس مەردانىلىك ۋە چەبدەسلىكنىڭ نىشانى
دەپ بىلىشكە ئادەتلىنىپ كەتكەن، زاماننىڭ تەرەققىي قى-
لىشىغا ئەگىشىپ، كېيىن بارا-بارا پوتانىڭ تۈرلىرىمۇ
دەسلەپكى سىدام ھالەتتىن كۆپ خىل رەڭدىكى نەپىس
ھالەتكە تەرەققىي قىلىپ باردى ۋە ئۈزلۈكسىز مۇكەممەل-
لەشتى. ھازىر يېزا-قىشلاقلاردا ئادەتتىكى چاغلاردا
ئۇيغۇر ئەرلىرىنىڭ پوتا بەلبېغى ھەر خىل رەڭدىكى يىپ
ياكى يىپەك رەختلەردىن ئىشلىنىدىغان بولدى. ھازىرمۇ
بۇنداق پوتا بەلباغلارنىڭ ئۇزۇن-قىسقىلىقى بىردەك
بولمايدۇ. تەخمىنەن ئۇزۇنلۇقى ئىككى مېتىردىن
كۆپرەك، كەڭلىكى 50 سانتىمېتىر ئەتراپىدا بولىدۇ. ياش
يىگىتلەر كۆپرەك قىزىل، يېشىل ياكى گۈللۈك، ياشانغان-
لار قارا رەڭلىك رەختلەردىن پوتا باغلاشنى ئالاھىدە
ياخشى كۆرىدۇ.

دېمەك، پوتا باغلاش ئۇيغۇر ئەرلىرىنىڭ ئەنئەنىۋى
تاشقى كىيىم خاس ئالاھىدىلىكى ئاساسىدا پەيدا بولغان.
بىزگە مەلۇمكى، ئەرلەرنىڭ ئەنئەنىۋى كىيىمى ئاساسەن
ئۇزۇن بولۇپ، تىزنى يېپىپ تۇرىدىغان ئالدى ئوچۇق
تون شەكىللىك كۆينەك ياكى تون بولۇپ، ئۇنىڭغا
تۈگمە ياكى ئىزما قادىمايدۇ. شۇڭا بۇ كىيىمنى
بەلدىن پوتا بىلەن باغلىۋېلىش زۆرۈرىيىتى تۇغۇلىدۇ.
ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ خىل تون ياكى تونچە كۆڭلەكنىڭ
يانچۇقى بولمايدۇ. شۇ سەۋەبتىن، پوتا يەنە يانچۇق رو-
لىنىمۇ ئوينايدۇ. ئۇيغۇر ئەرلىرى دائىم بېلىدىكى پوتىسىغا
نان ياكى باشقا لازىمەتلىك نەرسىلەرنى تۈگۈۋالىدۇ،
يەنە بىر تەرەپتىن ئالغاندا، ئۇيغۇرلار بەلنى مۇھاپىزەت
قىلىشقا بەكرەك كۆڭۈل بۆلىدۇ. بەلگە سوغۇق تېگىپ قې-
لىشتىن ناھايىتى ئېھتىيات قىلىدۇ. پوتا باغلاش بەلنى ئاس-
راشنىڭ ئەڭ ياخشى ئۈنۈملۈك چارىسى بولۇپ، ئۇ بەلگە
سوغۇق تېگىش ۋە سوغۇق ئۆتۈپ قېلىشتىن ساقلايدۇ.
قورساق سېلىپ كېلەڭسىز سەمرىپ كېتىشنىڭمۇ ئالدىنى
ئالىدۇ. ئۇيغۇرلار ئارىسىدا يالغۇز ئۇزۇن كۆينەك
ياكى تون كىيگەن كىشىلەرلا پوتا باغلاپ قالماستىن،
كالتە چاپان ياكى خالتا كۆينەك كىيىدىغان ياشلارمۇ پوتا
باغلايدۇ. ئومۇمەن، پوتا باغلاش ئۇيغۇرلارنىڭ كىيىنىش
ئادىتى ۋە ئېستېتىك تەلىپى بىلەن زىچ باغلانغان. شۇڭ-
لاشقا ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى مەشرەپلىرىدە، توي-تۆ-
كۈنلىرىدە، خاس مەرىكە-بايراملىرىدا مەخسۇس بەللىرى-
گە ئالاھىدە پوتىلارنى باغلاپ، «پوتا ئويۇنى» ئوينىلى-
دۇ، ئومۇمەن، مىللىتىمىزنىڭ بېلىگە پوتا باغلاش ئادىتى
كۆپ خاسلىققا ۋە ئۆزگىچە ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە
بولۇپ، ھازىرمۇ ئۇنى تەتقىق قىلىش، ۋارىسلىق قىلىش،
ئەۋلادمۇ ئەۋلاد داۋاملاشتۇرۇش كۆپ ئىجابىي ئەمەلىي
قىممەتكە ئىگە.

(ئاپتور: يەكەن ناھىيەلىك 1-ئوتتۇرا مەكتەپتىن)











# لوپ نامى ۋە ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكى

ئادىل ھاشىم

لوپ ناھىيەسى تارىختىن بۇيان قاشتېشى، گىلەم، ئەتلەس-يىپەكچىلىك، قول ھۈنەرۋەنچىلىك، قەغەزچىلىك ۋە ئۇيغۇر تېبابىتى بىلەن ۋەتىنىمىز ھەم خەلقئاراغا مەشھۇر.

تارىخىي پاكىتلارغا ئاساسلانغاندا، لوپنىڭ كۆپ قىسىم رايونلار ئۇدۇن دۆلىتىنىڭ مەركىزى، يىپەك يولىنىڭ مۇھىم تۈگۈنى بولغاچقا، ئىقتىسادى گۈللەنگەن، مەدەنىيىتى تەرەققىي قىلغان. لوپنىڭ يەر نامىلىرىنىڭ تارىخى ئۇزاق، ھەر بىر يەر نامىنىڭ مەنىسى چوڭقۇر بولۇپ، ئۇنىڭغا قەدىمكى ۋە ھازىرقى دەۋردىكى يەر نامىلىرىنىڭ كېلىش مەنبەسى، ئۆزگىرىش ئەھۋالى، بۇ زېمىندا ياشاپ ئۆتكەن ئەجدادلىرىمىزنىڭ تارىخىي كەچمىشى، ئېتنىك مەنبەسى مۇجەسسەملەنگەن.

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدا «لوپ» نامى بىلەن ئاتىلىدىغان جايلاردىن خوتەن ۋىلايىتىدە لوپ ناھىيەسى، لوپ ناھىيەسىدە لوپ بازىرى، بايىنغولىن ئوبلاستىدا لوپنۇر ناھىيەسى، چاقىلىق ناھىيەسىدە لوپنۇر كۆلى، لوپ لەنگەر، لوپ قەدىمكى شەھىرى لوپئېرىق قاتارلىقلار بولۇپ، بۇ جاي نامىلىرىنىڭ ئۆزئارا مۇناسىۋىتى ھەققىدە «لوپلۇقلار كىرورانلىكلەر ياشاپ كەلگەن لوپنۇردىن كۆچۈپ كەلگەن»، «لوپ ناھىيەسى بىلەن لوپنۇرنىڭ مۇناسىۋىتى يوق» دېگەندەك خىلمۇخىل قاراشلار مەۋجۇت. ئەمما بۇ ھەقتە تېخى ئېنىق ئىلمىي قاراشقا ئىگە ئەمەسمىز.

لوپ ناھىيەسى ناھايىتى ئۇزاق تارىخقا ئىگە قەدىمىي يۇرت. لوپ ناھىيەسىنىڭ خەرىتىلىك يەر نامىلىرى تەزكىرىسىدە مۇنداق بايانلار بېرىلگەن: «غەربىي خەن سۇلالىسى دەۋرىدە ھازىرقى لوپ ناھىيەسىنىڭ شەرقىي زېمىنى تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىنى بويلاپ كەڭ سوزۇلغان تارىم ئويمانلىقى يېشىلزارلىقىدىكى 36 شەھەرىستاننىڭ

ئىچىدىكى ئۇزۇنتاتى (يۈيمى) دۆلىتىگە، غەربىي قىسمى بولسا ئۇدۇن دۆلىتىگە تەۋە بولغان. خەنىمڭدى زامانىسىدىكى يۇڭپىڭنىڭ 4-يىلى (مىلادى 61-يىلى) ئۇدۇن دۆلىتى گۇما، چىرا، ئۇزۇنتاتى (يۈيمى) دۆلەتلىرىنى بىرلەشتۈردى. شۇنىڭدىن كېيىن لوپتىكى ھەرقايسى بەگلىكلەر ئۇدۇن دۆلىتىگە تەۋە بولدى. تاڭ سۇلالىسىغىچە ئۇدۇن قورىغارغا تەۋە بولۇپ، ھازىرقى ئاقسپىل قەدىمىي شەھەر خارابىلىكى قەدىمكى ئۇدۇن دۆلىتىنىڭ مۇھىم ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت، دىنىي مەركىزى ئىدى. سۇڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى شەنپىڭنىڭ 4-يىلى (مىلادى 1001-يىلى) ‹قاراخانىلار سۇلالىلىرى› قوشۇلۇپ كېتىپ قورىغاردىكى بۇددا دىنى مەركىزى ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىشقا مەجبۇر قىلىندى. چاغاتاي خانلىقى دەۋرىدە موڭغۇللار پادىشاھى ئالاغۇنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا بولدى. مىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرى، چىڭ سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىگىچە ئۇدۇن دۆلىتىگە قاراشلىق ئالتە شەھەرنىڭ بىرى بولدى. ئۇنىڭ دائىرىسى ھازىرقى يۇرۇڭقاش ئىدى (سامپۇل، لوپ كەنتلىرىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ). چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى گۇاڭشۈينىڭ 28-يىلى (مىلادى 1902-يىلى) يۇرۇڭقاش دەرياسىنىڭ شەرقىدىكى 15 كەنتنى، كېرىيەنىڭ غەربىي تېررىتورىيەسىدىكى يېڭى لەڭگەرنىڭ غەربىدىكى 23 كەنتنى ئايرىپ لوپ ناھىيەسى قۇرۇلغان بولۇپ، ئورنى لوپ كەنتىگە جايلاشقانلىقى ئۈچۈن لوپ ناھىيەسى دەپ ئاتالغان. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن لوپ ناھىيەسى بىۋاستە خوتەن ۋىلايىتىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولغان.

### «لوپ» نامى توغرىسىدىكى قاراشلار

1. «شىنجاڭنىڭ خەرىتىلىك تەزكىرىسى»دە: «لوپنى ئۇيغۇرلار دولپور دەپ ئاتايدۇ. ئۇ مۆرە، ئۇستىخان دېگەن مەنىدە». «چيەنلۇڭنىڭ 24-يىلى (مىلادى 1759-يىلى) لوپ خوتەن ئامبىلىغا قاراشلىق زېمىن ئىدى، گۇاڭشۈينىڭ 9-يىلى (مىلادى 1883-يىلى) خوتەن ئايمىقىغا قاراشلىق زېمىن بولدى، گۇاڭشۈينىڭ 28-يىلى (مىلادى 1902-يىلى) يۇرۇڭقاش دەرياسىنىڭ شەرقىدىكى 15 كەنتنى، كېرىيەنىڭ غەربىي تېررىتورىيەسىدىكى يېڭى لەڭگەرنىڭ غەربىدىكى 23 كەنتنى ئايرىپ چىقىپ لوپ ناھىيەسى تەسىس قىلىنغان» دېيىلگەن.

2. يەر ناملىرىنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈشتە ئىسپاتلىنىشىچە، لوپ نامى ئەسلىي لوپنۇر دېگەن نامدىن كېلىپ چىققان، ئۇ «توختام سۇ يىغىلىپ كۆلمەك بولۇپ قالغان سازلىق يەر» دېگەن مەنىدە دېيىلگەن. «نۇر» قەدىمكى تۈرك تىلى ۋە ئۇيغۇر تىلىدا «كۆل» دېگەن مەنىدە بولۇپ، يەر نامى ئاتالغۇسى بولغان تۈپ سۆز «لوپ»قا كۆل مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان نۇر سۆزىنىڭ قوشۇلۇشىدىن ياسالغان (قەدىمكى تۈركىي تىللىرى لۇغىتى. موسكۋا 1962-يىل نەشرى).

«چىڭگىزخاننىڭ تەرجىمھالى»نىڭ ئاپتورى موڭغۇل تارىخچىسى سەي شيالىنىڭ ئىزاھاتىدىمۇ «لوپ — موڭغۇل تىلىدا سۇ يىغىلىپ قالغان سازلىق يەر دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ»، دېيىلگەن.

3. شائىر، ئەدىب ياقۇپ تۇزگەن «ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى جەۋھەرلىرى لوپ قىسمى»دا، «لوپ نامى ئەسلىي قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى «لىپ-لىپ»، «لوپ-لوپ» (سۇنىڭ لەپەڭشىش ھالىتى)، «لاپ» (نەملىك، سۇ يىغىلىش)، «لەپ» (سۇنىڭ لېۋى) دېگەن نامدىن كېلىپ چىققان بولۇپ، «سۇلۇق ياكى توختام سۇ يىغىلىپ قالىدىغان كۆلمەك» دېگەن مەنىدە. رىۋايەت قىلىنىشىچە قەدىمكى زاماندا ئۇدۇن ئاستانىنىڭ شەرقىدىكى ھازىرقى لوپ بازار مەركىزىدە ناھايىتى كۆپ كۆللەر ۋە سازلىقلار بولۇپ، كۆللەردە ھەر خىل بېلىقلار كۆپ ئىكەن، بۇ جايغا يىراق-يېقىندىن بېلىقچىلار ئوۋچىلار، قۇش ئوينىغۇچىلار كېلىپ ئوۋ قىلىپ كۆڭۈل ئاچىدىكەن ھەم بۇ يەرنى لوپ (سۇلۇق يەر، كۆلمەك) دەپ ئاتايدىكەن، كېيىن بۇ يەردە ئادەملەر كۆپىيىپ، يەرلەر ئېچىلىپ ئاۋاتلىشىپتۇ» دېيىلگەن.

4. 1956-يىلىدىكى «شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنى تەكشۈرۈش»تە ئىزاھلىنىشىچە: «خوتەن ۋىلايىتىنىڭ لوپ ناھىيەسىدە جەمئىيەت تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىلغاندا شۇ يەرلىك ئاھالىلەر ئۆزلىرىنىڭ لوپنۇر كۆلى بويىدىن كۆچۈپ كەلگەنلىكىنى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، بۇ ھەقتىكى رىۋايەتلەرگە قارىغاندا 18-ئەسىرنىڭ باشلىرىدا لوپنۇر رايونىنىڭ لوپ كەنتى، چاقىلىق قاتارلىق جايلاردا ئەجەل خاراكتېرلىك يۇقۇملۇق ۋابا كېسىلى تارقالغان. ئەينى ۋاقىتتا ھايات قالغان بېلىقچىلىق، چارۋىچىلىق ياكى يېرىم چارۋىچىلىقنى ئاساس قىلىپ تۇرمۇش كەچۈرىدىغان لوپلۇقلار يۇرتىنى تاشلاپ كۆچۈپ كېتىشكە مەجبۇر بولغان. ئۇلار ئىككى تارماققا بۆلۈنۈپ كۆچكەن بولۇپ،

بىر تارمىقى شىمالدىكى قۇرۇق دەريانى بويلاپ تەكلىما-
كان قۇملۇقىنىڭ ياقىسىدىكى تارىم ۋادىسىغا كۆچكەن،
يەنە بىر تارمىقى غەربىي جەنۇبقا قاراپ چەرچەن دەرياسى-
نى بويلاپ چەرچەندىن ئۆتۈپ ئەڭ ئاخىرىدا ھازىرقى
لوپ بازىرى تۇرۇشلۇق يەرگە كېلىپ ماكانلاشقان. شۇ
يەرلىكلەردىن تېرىقچىلىق قىلىشنى ئۆگىنىپ بوز يەر
ئېچىپ لوپلۇقلار ئاساس قىلىنغان مەھەللىلەرنى شەكىللەن-
دۈرگەن ۋە يەرلىكلەر تەرىپىدىن لوپلۇقلار كەنتى دەپ
نام ئېلىپ «لوپ» دېگەن يەر نامىنى شەكىللەندۈرگەن.
بۇ نام ۋاقىتنىڭ ئۆزگىرىشى بىلەن كەنتنىڭ نامىغا ئايلان-
غان. كېيىنچە بىر قىسىم «لوپلۇق»لار ئەسلىي يۇرتىنى
سېغىنىپ ئۆز ماكانىغا قايتىپ كەتكەن بولسىمۇ، لېكىن
لوپ دېگەن نام ھازىرغىچە ساقلىنىپ كەلمەكتە» دېيىل-
گەن.

5. مىرزا ھەيدەر كوراگان تەرىپىدىن 16 - ئەسىردە
يېزىلغان «تارىخىي رەشىدىي» ‹ئوتتۇرا ئاسىيا موغۇللىرى-
نىڭ تارىخى›نىڭ 2 - قىسمىدا: «قەدىمدە بۇ قۇملۇق زې-



مىندا چوڭ شەھەرلەر بولغانىكەن، ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئىك-
كىسىنىڭ نامى ھازىرغىچە ساقلىنىپ قالغان بولۇپ، ئۇلار
لوپ (لوپنۇرنى دېمەكچى) ۋە كېتىكتۇر. ئەمما باشقا شە-
ھەرلەر ئاللىبۇرۇن قۇم تېگىدە قېلىپ يوق بولغان، ھەتتا
كىشىلەرمۇ ئۇنتۇپ كەتكەن» دېيىلگەن.

6. خوتەن مىلادىيە 19 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن
باشلاپ، غەرب ئېكسپېدىتسىيەچىلىرىنىڭ پائالىيەت رايونى-
غا ئايلانغان. بۇ جەرياندا ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ خوتەن-
گە كەلگەن ئېكسپېدىتسىيەچىلىرى ئارقا - ئارقىدىن لوپقا
كېلىپ تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى ۋە نۇرغۇن تەتقىقات ئە-
سەرلىرىنى ئېلان قىلدى. رۇسىيەلىك ئېكسپېدىتسىيەچى
پىرژېۋالىسكىنىڭ 1883 - يىلدىن 1885 - يىلغىچە خوتەن را-
يونىدا ئېكسپېدىتسىيە ئېلىپ بارغاندا يازغان «خوتەن ئەت-
راپلىرىدا» ناملىق ئېكسپېدىتسىيە خاتىرىسىدە: «بىز چىرا-
دىن يولغا چىقىپ غەربكە قاراپ 40 كىلومېتىرلىق قاقاسلىقنى
بېسىپ ئۆتكەندىن كېيىن سامپۇلغا يېتىپ كەلدۇق. يۇرۇڭ-
قاش دەرياسىدىن ئايرىپ چىقىلغان تۆت غول ئۆستەڭ بوس-
تانلىقتىن ئېقىپ ئۆتىدىكەن. بۇ ئۆستەڭلەر ئۇزاق يىللار ئىل-
گىرى كولانغاچقا، ھازىر قارىماققا تۆت كىچىك دەرياغىلا
ئوخشاپ قاپتۇ. بۇ بوستانلىق بىز ئىلگىرى بېسىپ ئۆتكەن
ھەرقانداق بوستانلىقتىن چوڭ ئىكەن. بۇ يەردە جەمئىي 15
كەنت بار بولۇپ، ھەر بىر كەنتنى مىڭبېشى (يېزا باشلىقى)
باشقۇرىدىكەن. 15 كەنت يەنە ھاكىمنىڭ بىر تۇتاش ھۆ-
كۇمرانلىقىدا ئىكەن. ئاھالىلەرنىڭ لوپ كەنتى ۋە ھاڭگىيا
كەنتىدىكىلەردىن باشقىلىرى ماچىن قەبىلىسىدىن ئىكەن.
لوپ كەنتىدىكى ئاھالىلەر لوپنۇرنىڭ جەنۇبىدىكى لوپ شە-
ھىرى ۋەيران بولغاندىن كېيىن قېچىپ كەلگەنلەرنىڭ ئەۋ-
لادلىرى ئىكەن» دېيىلگەن.

7. 19 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئورنبۇرگدا نەشر قىلىن-
غان «ۋاقىت گېزىتى» بىلەن «شۇرا» ژۇرنىلىنىڭ ئۇيغۇر
يۇرتىغا ئەۋەتكەن چاررۇسىيەلىك تاتار مۇخبىرى
نۇشرۋان يائۇشۇپ ئالتە شەھەردە تارىخىي ماتېرىيال
يىغىش بىلەن بىللە، ئۇيغۇرلارغا ئائىت خەۋەرلەرنى
يېزىپ يۇقىرىقى گېزىت - ژۇرناللارغا ئەۋەتىپ ئېلان قىل-
دۇرغان. شۇ جەرياندا خوتەندە بىر يىلدىن ئوشۇقراق
تۇرۇپ «خوتەنگە سەپەر» ناملىق بىر يۈرۈش خەۋەرلەر
نى ئېلان قىلدۇرغان بولۇپ، بۇ خەۋەرنىڭ «كېرىيەدە
تۇرغان كۈنلىرىمدە» دېگەن بۆلىكىدە: « 24 - ئۆكتەبىر

كېرىيەگە قاراپ ئاتلاندىم. ئاران تەستە لوپ بازىرىغا كەلدىم. لوپ — خوتەنگە قارايدىغان بىر يۇرتنىڭ مەركىزىدۇر. لوپنىڭ يېرى مۇنبەت. ھاۋاسى ياخشى، 50 ~ 60 مىڭچە نوپۇسى، تۆت قازى، يەتتە ~ سەككىز بېگى بار. خەلقى ئېكىنچىلىك، بۆز ۋە گىلەم توقۇشنى كەسىپ قىلغان» دېگەن بايانلار بار.

8. «لوپ نامىنىڭ لېكسىكىلىق مەنىسى»گە قارىتا غەربىي دىياردىكى ھەممە مىللەتنىڭ تىلىغا تەققاسلاپ چۈشەنچە بېرىلگەن بولسىمۇ، ھېچقايسىسى ئومۇمنىڭ ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشەلمىدى. «دەريالارنىڭ مەنبەسى ھەققىدە» ناملىق ئەسەردە، «لوپ مۇسۇلمانچە (ئۇيغۇرلارنى كۆرسىتىدۇ) سۆز بولۇپ، سۇنىڭ يىغىلىدىغان جايى دېگەن مەنىدە، تەگرىتاغنىڭ جەنۇبى (كوئېنلۇن تېغىنىڭ شىمالى)دىكى سۇلار مۇشۇ يەرگە يىغىلغىنى ئۈچۈن شۇنداق ئاتالغان» دەپ ئىزاھلانغان.

يۇقىرىقى تارىخىي ئىسپات ۋە قاراشلاردىن شۇنداق يەكۈن چىقىرىشقا بولىدۇكى:

**1. لوپ نامىنىڭ شەكىللىنىش تارىخى ئۇزاق؛**

لوپ قەدىمكى نام بولۇپ، ئارخېئولوگىيەلىك قېزىلمىلار، تارىخىي مەنبەلەر بۇ نۇقتىنى ئىسپاتلاندۇ.

1) لوپ ناھىيەسىدە دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئورنى نىسبەتەن كۆپ بولۇپ، بۇ ئورۇنلاردىن تېپىلغان يادىكارلىقلارنىڭ يىل تارىخى ۋە بۇيۇملارنىڭ ياسىلىشتىكى نەپىسلىكى، ئىشلىتىلىش ئورنى قاتارلىقلاردىن لوپتىن ئىبارەت بۇ زېمىندا مىلادىدىن بۇرۇنقى نەچچە يۈز يىللار ئىلگىرى ئەقىللىق ئەۋلادلىرىمىزنىڭ ھاياتى پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللانغانلىقىنى كۆرۈۋالالايمىز. ئالايلى لوپ ناھىيەسىدىكى سامپۇل قەدىمىي قەبرىستانلىقى 1983-يىلى بايقالغاندىن باشلاپ 1984-يىللىرىغىچە ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېيخانىنىڭ ئارخېئولوگلىرى بۇ يەردە بىر نەچچە قېتىم قېزىپ تەكشۈرۈش ئارقىلىق 62 قەدىمىي قەبرە، ئىككى ئات ئورنىكىنى قۇتقۇزۇش خاراكتېرىدە قېزىپ، قەدىمىي گىلەم، ياغاچ، ساپال قوراللار، گەج بىلەن قاتۇرۇلغان بۇت ھەيكىلى، بۇتخانا جابدۇقلىرى، چاقماق تاش، تارغاق، مىس ئەينەك، خۇرۇم ئاياغ، يىپەك كىيىم، ئاياللارنىڭ زىبۇ-زىننەتلىرى، ھەر خىل يىپ، ياغاچتىن ياسالغان تۇرمۇش بۇيۇملىرى قاتارلىق 1000 پارچىدىن ئارتۇق مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى تاپقان بولۇپ، بۇ بۇيۇملار بۇ يۇرت تارىخىنى 2500 يىل ئىلگىرى سۈرگەن. بۇ خارابىلىكتىن تېپىلغان بۇيۇملار ئىچىدىكى يۇڭ توقۇلما بۇيۇملىرى ناھايىتى كۆركەم ۋە نەپىس توقۇلغان. يۇڭ توقۇمىچىلىق لوپنىڭ ناھايىتى ئۇزاق تارىخقا ئىگە ئەنئەنىۋى قول ھۈنەرۋەنچىلىكىدۇر. بۇلاردىن گىلەم، كىگىز قاتارلىق ئەل مىراس قول ھۈنەرۋەنچىلىكى ھازىرمۇ لوپ خەلقى ياقتۇرۇپ كېلىۋاتقان ھۈنەرلەرنىڭ بىرى بولۇپ، گىلەم ھازىرمۇ پۈتۈن دۇنياغا داڭلىق.

ئاقسىپىل قەدىمىي شەھىرى ھازىرقى ھاڭگىي يېزىسىنىڭ غەربىي شىمالىغا جايلاشقان بولۇپ، قەدىمكى چىن-ماچىن (ئۇدۇن) دۆلىتىنىڭ ئاستانىسى بولغان. بۇ شەھەر ئاللىبۇرۇن قۇم ئاستىدا كۆمۈلۈپ قالغان بولۇپ، ئاق سېغىز خىشتىن قوپۇرۇلغان. شەھەر سېپىلىنىڭ ھازىر بەش مېتىر ئېگىزلىكتىكى، 90 مېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى، 1.8 مېتىر قېلىنلىقتىكى قىسمىلا يەر يۈزىدە كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. بۇ خارابە ئەھۋالىدىن ئەسلىدىكى سېپىل يۇمىلاق شەكىلدە دىيامېتىرى 305 مېتىر بولۇپ، ئاساسلىقى شەھەرنى قوغداش، قاراۋۇللۇق ئىشلىرى ئېھتىياجى بىلەن سېلىنغان. 1959-يىلى مەركەز ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ ئارخېئولوگىيە تەكشۈرۈش ئەترىتى بۇ يەردە تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، خەن، تاڭ، سۇڭ دەۋرىگە تەۋە قەدىمىي مىس داچەن پۇل، مىس مۆھۈر، تۆمۈر پىچاق، ئۇدۇن دۆلىتىگە تەۋە بۇت ھەيكەل بېشى، ساپال، بۇيۇم، پىلە غوزىكى قاتمىسى قاتارلىق قىممەتلىك مەدەنىي مىراسلارنى تاپقان.

راۋاق بۇددا خارابىسى ناھىيە بازىرىنىڭ شەرقىي شىمال قىسمىغا جايلاشقان بولۇپ، ناھىيە مەركىزى بىلەن بولغان ئارىلىقى 60 كىلومېتىر كېلىدۇ. پروفېسسور خۇاڭ ۋېنبىننىڭ قارىشىچە، قەدىمكى ئۇدۇن دۆلىتى قۇرۇلۇپ، 165 يىلدىن كېيىن، يەنى مىلادىدىن بۇرۇنقى 74-يىلى ئەتراپىدا بىروۋژنا بۇ يەرگە كېلىپ بۇددا دىنىنى تارقاتقان، مىلادى 132- 152-يىللىرى بۇددا دىنى ئۇدۇن دۆلىتىدە كەڭ تارقالغان. ئۇدۇن بىلەن چەرچەن ئارىلىقىدىكى راھىبلارنىڭ قاتناش لىنىيەسى دەل بۇددا راۋىقىدىن ئۆتىدىغان بولغاچقا تېخىمۇ گۈللەنگەن. 1901-يىلى ستەيىن بۇ خارابىلىكنى قېزىپ نۇرغۇن مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى ئەكەتكەن. 1943-يىلى لوپنىڭ ھاكىمى جۇ باۋچىڭ ئادەم ئەۋەتىپ ئالتۇندىن ياسالغان ئۈچ دانە بۇت ھەيكەلنى ۋە



باشقا ئاسار ئەتىقىلەرنى ئېلىپ قاچقان.

1959 ـ يىلى لوپ ناھىيەسىنىڭ جەنۇبىي تاغ باغرىدىكى ئاچچىق كەنتى (ھازىرقى ئاچچىق يېزىسى)نىڭ جەنۇبىدىكى تاغ باغرىدىن قەدىمكى تۆمۈر تاللاش كېنى خارابىسى بايقالغان بولۇپ، بۇ خارابىلىكتىن پۇۋلەش نەيچىسىنىڭ سۇنۇقى، ئۇنىڭ يېنىدىكى ئۆچكۈردىن تۆمۈر ئۇۋاقلىرى چاپلىشىپ قالغان تاش ئىسكىنە ۋە تاش بولقا قاتارلىقلار تېپىلغان. بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، تاش قوراللاردىن پايدىلىنىپ كان ئېچىش مىلادىيەنىڭ ئالدىدا بارلىققا كەلگەن.

يېقىنقى زامان تارىخىغا نەزەر سالىدىغان بولساقمۇ لوپ خەلقىنىڭ قول ھۈنەرۋەنچىلىككە ئۇستا ئىكەنلىكى، بۇ يۇرتتىن قول ھۈنەرۋەنچىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ كۆپ چىقىدىغانلىقى ئالاھىدە تىلغا ئېلىنغان. ئالايلى، 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا گەنسۇ ئۆلكىلىك كۇتۇپخانا تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان «شىنجاڭ يېزا ـ قىشلاقلىرى تەزكىرىسى» (新疆乡村图志) ناملىق تەزكىرە بىز گە 1884 ـ يىلى شىنجاڭدا ئۆلكە تەسىس قىلىنىشتىن بۇرۇنقى دەۋر تارىخى ۋە ئۆلكە تەسىس قىلىنغاندىن كېيىنكى ھەرقايسى ئايماق ۋە ناھىيەلەرنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى توغرىسىدا تۇنجى بولۇپ ئېنىق مەلۇمات بەرگەن كىتاب بولۇپ، بۇ كىتابقا كىرگۈزۈلگەن «لوپ ناھىيەسىنىڭ يۇرت تەزكىرىسى» (洛浦县乡土志)دە: «لوپ ناھىيەسى ئۈچ مىڭلىققا بۆلۈنىدۇ، بىرى سامپۇل مىڭلىرى بولۇپ ئۇنىڭغا كېرىيە ناھىيەسىدىن ئايرىپ بېرىلگەن 23 كەنت قارايدۇ. يەنە بىرى ئاتلان مىڭلىقى بولۇپ، خوتەن ئايمىقىدىن ئايرىپ بېرىلگەن 14 كەنت قارايدۇ، بۇ ناھىيەنىڭ غەربىي زىمىنى ھېسابلىنىدۇ. گىجا كەنتىدىكى چوڭ ئۆستەڭ ۋە ئۇنىڭ تۆۋەن ئېقىنىدىكى بۇلاق سۈيى ئاقىدىغان ئېرىق ـ ئۆستەڭلەر خوتەن بىلەن كېرىيەنىڭ كونا چېگراسىدۇر. يەنە بىرى تەۋەككۇل مىڭلىقى بولۇپ، خوتەن ئايمىقىدىن ئايرىپ بېرىلگەن، تۆت كىچىك كەنتنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ»، «دېھقانلىرى دېھقانچىلىق ۋە چارۋىچىلىق قىلىدۇ، تامچىلىق، تۆمۈرچىلىك، ياغاچچىلىق، يىپەكچىلىك، بۆزچىلىك، كىگىزچىلىك قاتارلىق ھۈنەرلەرگە ئۇستا كىشىلەر ھەممە يەردە بار»، «كالا، قوي قاتارلىق ھايۋاناتلارنىڭ تېرە ۋە يۇڭلىرى، پىلە، يىپەك، گىلەم ۋە كىگىز كۆپ مىقدارلىق مەھسۇلاتلاردۇر» دېگەن بايانلار بار.

2) ھازىرقى لوپ ناھىيەسىدىكى ئاقسىپىل قەدىمىي شەھەر خارابىسى قەدىمكى ئۇدۇننىڭ ئاستانىسى بولغانلىقىنى يۇقىرىدىكى بايانلاردا قەيت قىلىپ ئۆتتۇق. تاڭ راھىبى شۆەن زاڭ ھىندىستاندىن نوم ئېلىپ قايتىشىدا ئۇدۇندىن ئۆتكەن ۋە كۆرگەنلىرىگە ئاساسەن «ئۇدۇن خانلىقى نەغمە ـ ناۋانى قەدىرلەيدىكەن، خەلقى ناخشا ئۇسۇلغا ھېرىسمەن ئىكەن» دېگەن. بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، خەن سۇلالىسى دەۋرىدىلا ئۇدۇننىڭ ناخشا ـ مۇزىكىلىرى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە كەڭ تارقالغان. سۈي دەۋرىدىمۇ «ئۇدۇن بۇددا كۈيى»نىڭ داڭقى چىققان، خەن دەۋرىدە چاڭئەندە مەخسۇس ئۇدۇنلۇق نەغمىچىلەر بولغان.

دېمەك، يۇقىرىدا دېيىلگەندەك، لوپ خەلقىنىڭ ناخشا ـ قوشاق توقۇشقا ئۇستا، چۆچەك ـ رىۋايەتكە باي بولۇشتەك خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكلىرى، يېمەك ـ ئىچمەك، كىيىم ـ كېچەك جەھەتتىكى ئۆزگىچىلىكى ۋەتەن ئىچى ۋە سىرتىدىمۇ داڭلىق.

بەزى رىۋايەت ۋە تەتقىقاتلاردا خوتەن ۋىلايىتىدىكى لوپ ناھىيەسى نامىنىڭ چاقىلىق ناھىيەسىدىكى لوپ نامى بىلەن بىۋاستە مەنبەداشلىقىغا ئىگە ئىكەنلىكى كۆرسىتىلگەن. چاقىلىق ناھىيەسى تەۋەسىدە لوپ نامىنىڭ مىلادىيەنىڭ بېشىدىن باشلاپ مەۋجۇت بولغانلىقىنى، ھازىرقى ۋاقىتتا خوتەن ۋىلايىتىدىكى لوپ ناھىيەسى، چاقىلىق ناھىيەسىدىكى لوپنۇر، لوپنۇر كۆلى، لوپ لەنگەر، لوپلۇقلار قاتارلىق ئاتالغۇلار ئەنە شۇ لوپ نامىنىڭ زامانىمىزدىكى مىراس شەكىللىرى ئىكەنلىكىنى، لوپ نامىنىڭ تىل تەۋەلىكىدىن قارىغاندا لوپلۇقلارنى (لوپنۇردىن كۆچۈپ كەلگەنلەرنى) موڭغۇللارنىڭ ئەۋلادى، قىرغىزلارنىڭ ئەۋلادى ياكى باشقا بىر مىللەت دەپ قاراشنىڭ ئىلمىي ئاساسى يوقلۇقىنى بىلىۋالالايمىز. يۇقىرىقىدەك تارىخىي پاكىتلار ئاساسىدا لوپ ناھىيەسىنىڭ نامىنى قەدىمكى شەھەر لوپ ۋەيران بولغاندا يۇرتىنى تاشلاپ كۆچۈپ كەلگەن «لوپلۇق»لارنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان دېگەن يەكۈن ئەقىلگە مۇۋاپىقراق. لوپ شەھىرى 13 ـ ئەسىرلەردە ناھايىتى گۈللەنگەن، جۈملىدىن يىپەك يولىنىڭ مۇھىم بىر تۈگۈنى بولغان، مىلادىيە 14 ـ ، 15 ـ ئەسىرلەردە تارىم ۋە كۆنچى دەريالىرىنىڭ ئېقىن يۆتكىشى، بۇ زېمىندا يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ تارقىلىشى قاتارلىق تۈرلۈك تەبىئىي ئاپەتلەر سەۋەبىدىن ۋەيران بولۇپ، بۇ يۇرتلۇقلار باشقا جايلارغا كۆچۈپ ھايات پائالىيەتلىرى بىلەن شۇغۇللانغان. لوپ نامى باشتا چاقىلىقنىڭ بىر قىسىم شەھەر، بازارلىرىنى كۆرسەتكەن بولسا، ئوتتۇرا ئەسىرلەرگە كەلگەندە ۋاششەھىرىنى، يەنى يازمىلاردىكى مەشھۇر لوپ شەھىرىنى كۆرسىتىدىغان بولغان، گەرچە لوپ ناھىيەسىنىڭ نامى قەدىمكى شەھەر لوپ ۋەيران بولغان يۇرتىنى تاشلاپ كەلگەن «لوپلۇق»لارنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان بولسىمۇ، ئەمما بۇ يۇرت ۋە خەلقىنىڭ ھاياتى پائالىيەت تارىخى ئىنتايىن ئۇزاق. بۇ بايانغا ياندىشىپ تۇرۇپ شۇنىمۇ ئالاھىدە ئەسكەرتىشكە تېگىشلىكى، لوپ رايونىدا بىر قانچە قېتىملىق يۇقۇملۇق كېسەل تارقىلىپ نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ جېنىغا زامىن بولغانلىقى دەر ھەقىقەت، بۇ يۇرت كىشىلىرىنىڭ تاكى ھازىرغا قەدەر كېسەلدىن بەكلا ئەنسىرەپ، سالام ـ سائادەتتىمۇ ئاۋۋال سالامەتلىك ئەھۋالىنى سوراشمۇ شۇ تارىخىي يىللاردىكى دەھشەتلىك يۇقۇملۇق كېسەللىكنىڭ ئەجدادلىرىمىز پىسخىكىسىدا قالدۇرغان ئاسارىتى بولسا كېرەك.

خوتەن ۋىلايىتىدىكى لوپ ناھىيەسىنىڭ نامىغا كەلسەك، بۇ ناممۇ بىۋاستە چاقىلىقتىكى لوپ قەدىمىي ماكانى نامى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇشى مۇمكىن. بەزىلەر لوپ ناھىيەسىنىڭ نامى گەرچە قەدىمىي شەھەر لوپ ۋەيران بولغاندا يۇرتىنى تاشلاپ كەلگەن «لوپلۇق»لارنىڭ نامى بىلەن ئاتىلىپ، يېقىنقى ئەسىرلەردە پەيدا بولغان، يەنى 1902 ـ يىلى لوپ ناھىيە بولۇپ قۇرۇلغاندىن باشلاپ لوپ نامى بېكىتىلىپ لوپ ناھىيەسى دەپ ئاتىلىپ كەلگەن، دەپ چۈشەنچە بەرگەن بولسىمۇ، بۇ يۇرتنىڭ تارىخىنىڭ ئۇزاق، خەلقىنىڭ ئەمگەكچان، ھۈنەر ـ كەسىپكە ئۇستا، چارۋىچىلىق، تېرىقچىلىققا ماھىر، مەدەنىيەتلىك خەلق ئىكەنلىكىنى بىلىپ يېتەلەيمىز.

**2. «لوپ» نامى لوپنىڭ تارىخى ۋە جۇغراپىيەلىك ئەھۋالىغا ئاساسەن قويۇلغان خاس نامدۇر.**

لوپ خوتەن ۋىلايىتىگە تەۋە چوڭ ناھىيەلەرنىڭ بىرى بولۇپ، قەدىمدە «يۇرۇققاش»، «ئورۇڭقاش» (يۇرۇڭقاش، يۇڭقاش) دېيىلىپ، كېيىنچە «لوپ» دەپ ئاتالغان. لوپ ناھىيەسى تارىختىن بېرى خوتەن دىيارىنىڭ يىپەك، قەغەز، گىلەم، قول ھۈنەرۋەنچىلىك، باغۋەنچىلىك ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ مۇھىم بازىسى بولۇپ كەلگەن. رۇسىيەلىك رادلوۋ، مالوۋ، ئۇدۇنشۇناس خۇاڭ ۋېنبىن، ئۇيغۇرشۇناس نيۇرۇچېن، لوپنۇرشۇناس موڭغۇل گاردىن باتىر، مەشھۇر لوپنۇرشۇناس، سىۋېن ھېدىن قاتارلىق ئالىم ـ تەتقىقاتچىلار «لوپ» سۆزىنىڭ مەنىسىنى توغرا ئىزاھلاش ئۈچۈن كۆپ ئىزدىنىشلەردە بولغان بولسىمۇ، ئەمما ھېچقايسىسى «لوپ» سۆزىنىڭ مەنىسى توغرىسىدا ئېنىق چۈشەنچە بېرەلمىگەن. «لوپ» سۆزىنىڭ ئېتىمولوگىيەلىك مەنىسىنى ئاخىرىدا ئەڭ توغرا چۈشەندۈرگۈچى رادلوۋ بولدى. ئۇ ئوتتۇرا ئاسىيا تارىم بويلىرىغا ئائىت تۈركىي يېزىقىدىكى ماتېرىياللارنى كۆرۈش ئاساسىدا «لوپ» سۆزىنى قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى «لاپ» (نەملىك، سۇ يىغىلىش) «لەب»، «ناب» (سۇ كۆلچىكى) سۆزىنىڭ لېكسىكىلىق مەنىسى بىلەن ئالىم ـ ئارخېئولوگلارنىڭ لوپنۇر رايونىدىكى جۇغراپىيەلىك كۆزىتىش ئارقىلىق ئىلمىي خۇلاسە چىقىرىپ «سۇ يىغىلىش»، «سۇ تىندۇرمىلىرى» دېگەن ھۆكۈمنى ئوتتۇرىغا قويدى ۋە «قەدىمكى زاماندىكى دەريا ۋە ئېقىنلار ھەققىدە خاتىرىلەر» دېگەن خەنزۇچە رىسالىدە ««لوپ» سۆزى ئۇيغۇر تىلىدا (يىغىلغان

سۇ» دېگەن مەنىدە» دەپ پۈتۈلگەنلىكىنى ئىسپاتلىدى.
ئالىم رادلوۋنىڭ بۇ ئىسپاتى ئەڭ ئاخىر دۇنيا جامائەتچى-
لىكى تەرىپىدىن ئېتىراپ قىلىندى. ھازىرغا قەدەر «لوپ»
سۆزى ھەققىدىكى تالاش-تارتىش ۋە مۇنازىرىلەر كۆپ
بولدى. يىغىنچاقلىغاندا «لوپ»نىڭ لېكسىكىلىق مەنىسى
ھەققىدە گەرچە ھەر خىل قاراشلار بولسىمۇ، «سۇ يىغىلىپ
قالغان يەر»، «سۇ تىنغان كۆلچەك» دېگەن يېشىم ئەقىل-
گە ئەڭ مۇۋاپىق. لوپنۇر نامىغا مۇناسىۋەتلىك دەپ
شەرھلەشمۇ ئاساسسىز ئەمەس. چۈنكى «لوپنۇر»دا
كۆللەر، سۇلۇق يەرلەر كۆپ، ھازىرغىچە لوپنۇردا 13
كۆلنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرغانلىقى بۇ نۇقتىنى شەرتسىز
ئىسپاتلايدۇ. «لوپ» دېگەن ئىسمغا كەلسەك، ئۇ پەقەت
بىر قىسىم كىشلەرنىڭ ئاپەتتىن قېچىپ لوپنۇردىن كەلگەن-
لىكى ئۈچۈنلا «لوپ» دەپ ئاتىلىپ قالماستىن، بەلكى
لوپنىڭ ئورنى سۇلۇق ۋە كۆلمەك بولغانلىقىدەك جۇغراپى-
يەلىك ئالاھىدىلىكمۇ لوپنۇرنىڭ جۇغراپىيەلىك ئالاھىدىلى-
كىگە ئوخشاش بولغانلىقىغا ئاساسەن «لوپنۇر»نىڭ ئىسمى-
غا تەقلىد قىلىپ قويۇلغانلىقىنى جەزم قىلىشقا بولىدۇ.
لوپنىڭ ئورنىنىڭ قەدىمدىن باشلاپ سازلىق، سۇلۇق ۋە
كۆلمەكلىك ئىكەنلىكى تارىخىي مەنبەلەردە بايان قىلىنغان.
ھازىرمۇ لوپ بازىرى جايلاشقان كەڭرى دائىرىنىڭ
سازلىق ئىكەنلىكى مۇنازىرىسىز پاكىت تارىخىي ماتېرىيال-
لاردا لوپنىڭ 1880 - يىل ئەتراپىدا كېرىيە بەگلىكىگە قا-
راشلىق يۇرت ئىكەنلىكى، بۇ يەردىن ئۆتكەن كارۋانلار-
نىڭ لوپ كۆل بويىدا قونۇپ، ئات-ئۇلاقلىرىنى سۇغۇ-
رۇپ ئۆتىدىغانلىقى، شۇڭا بۇ يەردە لوپ ئۆتىڭىنىڭ شە-
كىللەنگەنلىكى قەيت قىلىنغان. بۇنىڭغا لوپنىڭ جەنۇبىدى-
كى سامپۇلنىڭ قوتاز كەنتىدىن، شىمالىدىكى ھاڭگىي يېزى-
سىنىڭ راخمانپۇر، دول يېزىسىنىڭ بوستان كەنتىگىچە،
غەربىدىكى چاھارباغ يېزىسىنىڭ جىمى كەنتىدىن، شەرقىدى-
كى بەشتوغراق يېزا ئۆستىڭىگىچە بولغان كەڭ زېمىن ۋە
دول شورلۇق ئويمان، شور كۆتەك، دول بوز يەر ئەتراپى-
دىكى نۇرغۇن يەرلەرنىڭ ھېلىمۇ سازلىق، زەيكەش،
كۆلمەك ئىكەنلىكىدەك پاكىتلار بۇ قارىشىمىزنى ئىسپاتلاي-
دۇ. ئۇنىڭدىن باشقا لوپ ناھىيەسىدىكى %65 كەنت ئىسمى-
نىڭ «ئۆستەڭ، ئېرىق، كۆل» نامىدا ئاتالغانلىقىدىن قە-
دىمكى ئەجدادلىرىمىزنىڭ لوپتىكى كۆللەرنى مەنبە قىلىپ،
تەكلىماكانغا سوزۇلغان ئېرىق - ئۆستەڭلەرنى قېزىپ، بوز
يەر ئۆزلەشتۈرۈپ، يۇرت - ماكانلىرىنى كېڭەيتىپ بۈگۈن-
كىدەك گۈللەندۈرگەنلىكىنى ھېس قىلىپ يېتەلەيمىز. مەسى-
لەن، دۆڭئۆستەڭ، چوڭقۇرئۆستەڭ، ئۆستەڭبۈچچى، ئايى-
دىڭكۆل، قاراكۆل، يولچىكۆل، تۇزلۇق ئېرىق، ئېگىزئې-
رىق، دۆڭئېرىق، توغرىئېرىق، كۆلئېرىق، خەلپەئېرىق،
تېرەكئېرىق، كالۇئېرىق، ئاخۇنئېرىق، چوڭقۇرئېرىق، كو-
چائېرىق... قاتارلىقلار.

1983 - يىلى يەر ناملىرى ئىشخانىسى قۇرۇلۇپ،
لوپ ناھىيەسىدىكى يەر ناملىرى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈ-
لۈپ، ئىسپاتلىنىش ئارقىلىق «لوپ ناھىيەسىنىڭ خەرىتى-
لىك يەر ناملىرى تەزكىرىسى»نىڭ نەشر قىلىنىپ، يەر نام-
لىرىنىڭ تۈنجى قەدەمدە تارىخ بەتلىرىگە مۇكەممەل يې-
زىلغانلىقىنى ئەۋلادلارغا يۇرت تارىخى قالدۇرۇشتا تۈنجى
ئېچىلغان بۇرۇلۇش خاراكتېرلىك چوڭ سەھىپە دېيىشكە
بولىدۇ.

دېمەك، «لوپ» نامى خەلقىمىزنىڭ شەيئىلەرنىڭ ئا-
لاھىدىلىكىگە ئاساسەن ئىسىم قويۇش ئادىتىگە تامامەن
ئۇيغۇن. شۇڭا «لوپ» نامىنى لوپنىڭ جۇغراپىيەلىك ئالا-
ھىدىلىكىگە ئاساسەن قويۇلغان دەپ قاراش توغرا يەكۈن.

پايدىلانمىلار:
1. خەنزۇچە «ئۇدۇن»، خوتەن ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت يا-
دىكارلىقلىرىنى باشقۇرۇش ئورنى تۈزگەن. شىنجاڭ فوتو سۈرەت
نەشرىياتى تەرىپىدىن 2006 - يىلى 6 - ئايدا نەشر قىلىنغان.
2. «تارىخىي رەشىدىي» مىرزا ھەيدەر كوراگان.
3. «يىپەك يولىدىكى ئەجنەبىي ئالۋاستىلار» پېتىر خوپكېر-
نىك (ئەنگلىيە).
4. «قەدىمىي يۇرت لوپنۇر ۋە لوپنۇرلۇقلار» ماقالىلەر توپ-
لىمى.
5. «شىنجاڭ مەدەنىي يادىكارلىقلىرى» ژۇرنىلىنىڭ 1992 -
يىللىق خەنزۇچە 3 - سانى.
6. خوتەن بوستانلىقىدىكى قەدىمىي ئىزلار» ئاۋرېل ستەيىن
(ئەنگلىيە).
7. «ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى جەۋھەرلىرى لوپ
قىسمى» يالقۇن ياقۇپ.
8. «خوتەن ئەتراپلىرىدا» پىرژىۋالسكى (رۇسىيە).
9. «لوپ ناھىيەسىنىڭ خەرىتىلىك يەر ناملىرى تەزكىرى-
سى».
10. «دۇنيادا بىرلا خوتەن بار» ئابدۇللا سۇلايمان.

(ئاپتور: لوپ ناھىيەلىك مائارىپ ئىدارىسى ئېلېكترلەشكەن
ئوقۇتۇش ئىشخانىسىدىن)

# يېڭىلىق تۇتۇش









مۇھەممەد توختى

ئۇيغۇرلارنىڭ يېمەك-ئىچمەك مەدەنىيىتىدىكى كۆرۈنەرلىك ئادەتلەرنىڭ بىرى شۇكى، مەلۇم ئائىلىدە ياخشىراق تاماق ئېتىلسە ئۇنىڭدىن نېسىۋە ئايرىپ قوشنا-قولۇملارغا تاماق چىقىرىپ تۇرۇش، شۇنداقلا بەزى يېڭى تاماقلارنى، مەسىلەن، باشقىلاردىن بۇرۇن تەييارلىغان كۆك چۆچۈرىسى، كۆدە مانتىسى، يالپۇز جۇۋاۋىسى، قاپاق مانتىسى قاتارلىقلارنى قولۇم-قوشنا، ئۇرۇق-تۇغقانلار، يېقىن ئەل-ئاغىنىلەرنىڭ ئۆيىگە سۇندىغان ئادەت بولۇپ بۇ، «يېڭىلىق تۇتۇش» دېيىلىدۇ. «يېڭىلىق تۇتۇش» تېخى باشقا ئائىلىلەردە ياكى شۇ مەھەللە، جامائەت ئىچىدە يۇقىرىقى تاماقلارنى تەييارلاش شارائىتى بولمىغان ئەھۋال ئاستىدا باشقىلاردىن بۇرۇن تەييارلىغان تاماقنى كۆرسىتىدۇ. يەرلەر ئېرىپ ئۆسۈملۈك ۋە زىرائەتلەرگە قايتىدىن جان كىرگەندىن كېيىن ئالدى بىلەن بېدە، يالپۇز، سېمىز ئوت قاتارلىق ئوت-چۆپلەر بىخلىنىپ چىقىشقا باشلايدۇ. تېخى ياپراق چىقارمىغان مۇشۇ سۈت مەزگىلىدىكى ئوت-چۆپلەرنى بەزى كىشىلەر (كۆپرەك ياشتا كىچىك قىز-ئوغۇللار) ئېرىنمەي، زېرىكمەي تېرىدۇ، ئاندىن ئائىلىسىدىكى چوڭلار پاكىز يۇيۇپ، تازىلاپ قوينىڭ قۇيرۇق مېيى، گۆشى، پىياز قاتارلىقلارنى ئۇششاق توغرىغاندىن كېيىن، تۇز، زىرە، ئاقمۇچ، قارىمۇچلار بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ، قىيما قىلىپ، مەخسۇس راسلانغان جىلىتا بىلەن چۆچۈرە تۈگىدۇ. كۆك چۆچۈرىسى يېيىشتىن بۇرۇنراق تەييارلانغان بۇ تاماق «يېڭىلىق تامىقى» دېيىلىدۇ. يېڭىلىق تۇتۇلغان ئائىلىلەر بۇنى ئۆزى ئۈچۈن ھۆرمەت دەپ بىلىپ، يېڭىلىق تۇتقۇچىغا ئۆز لايىقىدا رەھمىتىنى بىلدۈرىدۇ. «يېڭىلىق تۇتۇش» يەنە ئۇرۇق-تۇغقان، ئەل-ئاغىنىلەر، قولۇم-قوشنىلار ئارا ئىناقلىقنى، دوستلۇقنى، باردى - كەلدى مۇناسىۋەتلەرنى ياخشىلاشتىمۇ ئالاھىدە رولى بار بولۇپ، ياخشى كۆڭۈل، ئىززەت-ھۆرمەتنىڭ ئىپادىسى سۈپىتىدە كەڭ يېزا-قىشلاقلىرىمىزدا ھازىرغىچە داۋاملىشىپ كېلىۋاتىدۇ.

(ئاپتور: كەلپىن ناھىيەلىك يۇرچى ساقچىخانىسىدا)

# ئەنئەنىۋى كىيىم









14



18



شىنجاڭ سەنئەت يۇرتى، سەھنە گۈزەل- سەنئەت مەركىزىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى،
دۆلەتلىك بىرىنچى دەرىجىلىك سەھنە گۈزەل- سەنئەت لايىھەلىگۈچى خانىش ھاپىز




主管：新疆维吾尔自治区文学艺术界联合会
编辑出版：《美拉斯》杂志社（乌市友好南路 716 号文联大楼 14 层）
电话：(0991)4554017　传真：(0991)4559756
发行：乌鲁木齐市邮局
订阅：全国各地邮局
国内统一连续出版物号：CN65—1130/I
国际标准连续出版物号：ISSN1004—3829
代号：58-60　广告许可证号：6500006000040
E-mail:mirasuyghur@126.com
海外发行代号：1130BM
国外发行：中国图书进出口总公司
印刷：新疆日报社印务中心
邮编：830001　定价：6.00 元
CHINA NATIONAL PUBLICATIONS
IMPORT & EXPORT(GROUP)CORPORATION
16Gongti E.Road, Chaoyang District, P.O.Box88, Beijing 100020, PR China
E—Mail:export@cnpiec.com.cn or library@cnpiec.com.cn
Fax:0086-10-65063069 Tel:0086-65856781 0086-10-65004552

باشقۇرغۇچى: ش ئۇ ئا ر ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى
نەشر قىلغۇچى: «مىراس» ژۇرنىلى نەشرىياتى
ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى دوستلۇق جەنۇبىي يولى 716 ـ نومۇر، 14 ـ قەۋەت
Tel: 0991- 4554017 Fax:0991-4559756
«شىنجاڭ گېزىتى» ئىدارىسى باسما ئىشلىرى مەركىزىدە بېسىلدى
ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلىدۇ
جايلاردىكى پوچتا ئىدارىلىرى مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ
مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن نومۇرى: CN65- 1130 /I
خەلقئارالىق نومۇرى: ISSN1004 - 3829
پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 60 ـ 58　باھاسى: 6.00 يۈەن
پوچتا نومۇرى: 830001
E- mail: mirasuyghur@ 126. com
چەت ئەلگە تارقىتىش ۋاكالەت نومۇرى:1130BM
ئېلان ئىجازەتنامە نومۇرى:6500006000040